ئەختەم ئۆمەر


# يىگانە ئارال



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ روماننى نەۋائىي كىتابخانىسى ئۇيۇشتۇردى

TEL:(0991)2874123



ISBN 7-228-05580-2

9 787228 055807 >

# يېگانە ئارال

( رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر:   سۇلتان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتور:   ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:   جالالىدىن بەھرام

# يىگانە ئارال

(رومان)

**ئەختەم ئۆمەر**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
«شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 ميللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.5625
2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN7 — 228 — 05580 — 2/I・2051
باھاسى: 17.80 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

孤岛/艾合塔木·吾买尔著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.12

ISBN 7—228—05580—2

Ⅰ.孤… Ⅱ.艾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代 Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第74825号

孤　岛(维吾尔文)

(长篇小说)

艾合塔木·吾买尔著

*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆工人时报印刷厂印刷
开本850×1168　1/32　印张9.5625
2000年4月第1版
2000年4月第1次印刷
印数:1—3000
ISBN7—228—05580—2/I.2051
定价:17.80元



# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| بىرىنچى باب | 1 |
| ئىككىنچى باب | 37 |
| ئۈچىنچى باب | 54 |
| تۆتىنچى باب | 91 |
| بەشىنچى باب | 112 |
| ئالتىنچى باب | 131 |
| يەتتىنچى باب | 162 |
| سەككىزىنچى باب | 184 |
| توققۇزىنچى باب | 198 |
| ئونىنچى باب | 216 |
| ئون بىرىنچى باب | 247 |
| ئون ئىككىنچى باب | 271 |

# بىرىنچى باب

كۈزنىڭ باشلانغانلىقىغا بەلگە بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ پىشىشىغا ئەگىشىپ، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ تېنىدىكى قىلتىرىق تومۇرلار قېتىپ سېرىق يىپقا ئوخشاپ قالدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ دەرەخلەر غازاڭ بولۇشقا تەمشەلدى. سەمىرگەن ھەرىلەر كۈزلۈك مېۋىلەر، قىشلىق قوغۇنلارنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ ئالدىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

بىزنىڭ يۇرتتا كۈزدە نەدىمۇ بۇنداق ساپ ھەم سالقىن كۈز ھاۋاسى بولسۇن. ھاۋا دىمىڭنى تۇتۇلدۇرۇپلا تۇرىدۇ. يېشىل ئوت ـ خەسلەرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن غوللىرى قاتقان بولسىمۇ، ئۇلار سالقىن چىقىرىش تۈگۈل دەم سىقما نەم ھاۋا پۈركۈيدۇ. پەقەت يازدىلا مۇشۇ ھويلىنىڭ تۈڭلۈكىنى دۈملەپ قاراڭغۇ قىلىپ قويسا، غۇۋالىق ئىچىدە سالقىن نەمخۇش ھاۋا پەيدا بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۆي ئەتراپىدىكى باراقسان باغلارغا چاڭگا تىزغان جانىۋارلارنىڭ سايراشلىرىدا گۈلھېپىزىخانىنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولسا، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىلان رەڭ ۋاسلىق تورۇسنىڭ نەقىشلىرى ئارىسىدىن گۈلھېپىزىخانىنىڭ قوشما بادام قاپاقلىرى يا ئوقىدەك قارا كىرپىكلىرى ئارىسىدىن يېلىنجاپ تۇرغان بىغىر كۆزلىرى، تەبەسسۇم يېغىپ

تـۇرغان چىرايىنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ قاشلىرى ئۇچۇرما
بـولغان قارلىغاچ قانىتىدەك قارا ، ئىنچىكە ھەم پارقىراق . ئەيسا-
بەگ بۇ گۈزەل خوتۇننى نەدىن تېپىۋالغان بولغىيتتى ؟! ئات
چاپار [1] تەۋەسىدە بۇنداق چىرايلىق خوتۇننى ئۇچراتقىلى بول-
مايدۇ . كىشىلەرنىڭ ، ئەيسا بەگ قەشقەرگە قىمار ئوينىغىلى بې-
رىپ سارايغا چۈشۈپتىكەن ، بۇ گۈزەل شۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزىگە
ئىلىنىپ قاپتۇ ـ دە ، قىمارمۇ ئوينىماي كېچىدە ئۇنى ئوغلاۋات-
قان يېرىدىن ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئەپقېچىپ كەپتۇ ، دېگىنى
يالغان . بىز دولانلىقلار چىراغسىز ، تاپىنى تۆشۈكلەرگە قىز
بـەرمەيمىز ، قىز ئالمايمىز . ئەيسا بەگ ئۆستەڭ ئېلىپ ئاۋاتنى
يۇرت قىلغىنى بىلەن ، ياقا يەردىن قىز ئالسا ، دولانلىقلار ئۇنى
يۇرتقا بەگ قىلىش تۇگۇل يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ . بۇ ھەر-
قاچان ئەيسا بەگنىڭ دوست ـ دۈشمىنىدىن بىرىنىڭ كۆتىگە
شاپىلاقلاپ تاپقان گېپى . بۇ چىرايلىق خوتۇن بەلكىم تا-
كاس[2] ياكى خېنىيانىڭ[3] توغراقلىقلىرى ئارىسىدىكى بىرەر
پادىچىنىڭ ياكى پوۋاننىڭ[4] قىزىدۇر . ئۇ ئوۋغا چىققاندا بۇ
خوتۇننى نىكاھ قىلىۋېلىپ ئاتقا مىندۈرۈپ يۇرتقا ئېلىپ كەلگى-
نىنى ھەممە بىلىدۇ . ئۇ يۇلغۇن ، توغراقلار ئارىسىدا ئۆسكەن ،
ھېچكىم كۆرمەي قالغان چىرايلىق چۆل گۈلى . جاڭگالدىن ئې-
لىپ كەلگەن بۇ خوتۇن يۇرتتىكىلەرنىڭ ، ھەممىدىن ئات چا-
پارلىقلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى . ھەرقانچە بەك دولانلار-
دىن بولسىمۇ ، ئات چاپار تەۋەسىدىن ئەيسا بەگكە كىچىك خو-

[1] ئات چاپار ـــ ئەيسا ئاۋىتىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى .
[2] تاكاس ـــ تەكلىماكاندىكى توغراقلىق نامى .
[3] خېيىا ـــ نەكلىماكاندىكى بوغراقلىق نامى .
[4] پوۋان ـــ ئوۋچى

تۇنلۇققا يېرىغۇدەك قىز چىقماسمىدى ؟ ! ئەتە ـ ئۆگۈن ياقا يۇرتلۇق كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بالا مەن ئات چاپار ئەيسا ئاۋۇتىنىڭ[1] بېگىنىڭ بالىسى ، مەن ئەيسا ئاۋۇتى ئات چاپارنىڭ بېگى دەپ يۈرسە بىزنىڭ يۇرتىمىز ، بالىلىرىمىز ، بىز ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولانلارنىڭ ئات چاپار ئەۋلادى ، ياقا يۇرتلۇق خوتۇنىدىن بولغان بالىنىڭ قولىغا قالامدۇ . ئاۋۋال ئۇنى مەشرەپتە كۆرىمىز . بىز ئۇنىڭ ئات چاپار ئەيسا ئاۋۇتىنىڭ قىزى ئەمەسلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ ، دولانلىقتىنمۇ ياكى كەلگۈندى چىڭگىز قالماقلىرى بىلەن يىگىرمە بەش يىل ئۇرۇشۇپ تىرىپىرەن بولۇپ ، ئاخىر بىزنىڭ يۇرتلارغا سىڭىپ قالغان تاپنى تۆشۈك مەكىتلەردىنمۇ ، بىلىپ باقساق بولىدۇ . چىراغ پايلىق ، يۇلتۇز سانايدىغانلاردىن بولمىسىلا ، ئۇرۇقى بۇزۇلغىنى شۇ . ئەيسا بەگنىڭ يۇرتقا ئېيتىپ بېرىشىچە ، بۇ خوتۇننىڭ تەكتى ئاقسۇنىڭ غورۇ چۆلىدىكى[2] يەتمىش ئىككى مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولانلاردىن ئىكەن . مۇبارەك « ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرى »[3] ئورۇن ئالغان غورۇ چۆلىدىكى قالماقلارغا قارشى

---

① ئەيسانىڭ ئاۋۇتى ــ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى ئاۋات ، تۆۋەن ئاۋات دېگەن جايلىرى بۇرۇن ئەيسانىڭ ئاۋۇتى دېيىلەتتى .

② غورۇ چۆل ــ تەكلىماكاندىكى قەدىمكى يۇرت ، ھازىرقى ئاقسۇ ئاۋات تەۋەسىدە .

③ ئەختەم بۇزرۇكۋار مازىرى ــ تەكلىماكاننىڭ ئىپتىدائىي توغراقلىقلىرى ئارىسىدىكى ، كىشىلەر ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتقان مازار . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئەختەم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە بولۇپ ، قارا قىتانلارغا قارشى ئۇرۇشتا ، پۈتۈن لەشكىرى قىرىلىپ تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆزى يالغۇز ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلغان ، ئوتتۇز ئۈچ يېرىگە ئوقيا تېگىپ ، نەيزە سانچىلغاندىن كېيىن ئاندىن يىقىلغان . قارا قىتان لەشكەرلىرى پالۋاننىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالماي ، كۈننىڭ ئىسسىقىدىن جەسەت سېسىپ پۇرىغاندىلا كاللىسىنى كېسىۋالغان . خەلق ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا چەكسىز باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇ جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان چۆلگە ئۇنى دەپنە قىلغان . ھازىرقى ئورنى ئاقسۇ ئاۋاتنىڭ غورۇ چۆلگە توغرا كېلىدۇ .

غازات قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى، ئاتام زامانىدا پىچاق سۇندى شامال ①ئەتراپىغا كېلىپ يەرلىنىپ قالغانلاردىنمىش. شۇنداق بولسىمۇ بىر نۆرى، بولمايدىغان بولسا ئۇنى مەشرەپتىلا قارنىغا ئارا تىقىپ ئۆلتۈرمەيدىغان بولساق، ياتنىڭ قولىغا قالىمىز. ياق، بەگنىڭ زادى ئات چاپار ئەيسا ئاۋۇتى تەۋەسىنىڭ تاشايىپىدىن خوتۇن ئېلىشى، ئاشنا تۇتۇشى بىزگە شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خوتۇننى پاتراق قارنىنى چۇۋۇپ، ئىتقا تاشلاپ بەرمەي بولمايدۇ.

ئەيسا بەگ يېڭى ئېلىپ كەلگەن كىچىك خوتۇنى گۈلھېپىزىخاننى يۇرتقا تونۇتۇش، كۆرسىتىش، تەزىم مەرىكىسى ئۈچۈن بېغىدا مەشرەپ قىلىپ بەردى. ئۇ خەقنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ قالدى. ھوشيار ئادەم بولمىسا، يۇرتقا بەگ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ قوينىغا سۆڭەك دەستىلىك قىسقا يۇلغۇن چۇمىقىنى تىقتى، كاۋكازچە ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا سېرىق بۇيىنىڭ جەرەن مۈڭگۈزى دەستىلىك خەنجىرىدىن ئىككىنى قىستۇردى. ئىشەنگەن چاكارلىرىدىن سەككىزىنى پاۋان مىلتىقى، چۇماق، نەيزە، قىلىچلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، باغنىڭ ئەتراپىغا مۆكۈنۈپ يېتىشقا بۇيرۇدى. ئەمما، ئۇ چاترىقىغا تەپسىمۇ غىڭ قىلمايدىغان قاۋۇل، دۇرۇس چاكارلىرىنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدىن، بۈگۈن بىر خىل شۇملۇق ئالامىتى چىقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. يائاللا دولانلىقلىرىم، ئات چاپار ئاۋاتلىقلىرىم، مەن ئەيسانىڭ ئاۋۇتىنى بىنا قىلغان يۇرت ئاتىسىنىڭ، ياقا يۇرتتىن بىر كىچىك خوتۇن ئالغىنىمغا شۇنچىۋالا دۈشمەنلىك قىلارسىلەرمۇ، ھەممىڭلار مېنى بىر قېتىم بولسىمۇ يۇرت قۇرغۇچىمىز دەپ گۇناھىمدىن كەچمەسسىلەرمۇ؟

---

① پىچاق سۇندى شامال — مارالبېشىدىكى قەدىمىي يۇرت ئىسمى.

ھەممىگىلار قېنىمنى ئىچىپ ، گۆشۈمنى تىتىپ يەيدىغاندەك تۇ-
رىسىلەر يا پەرۋەردىگارا . مەن سىلەرنى بۇنچىۋالا قان تەللىزدە
خەق دەپ ئويلىماپتىمەن ، مەن سىلەرنى بىلمەپتىمەن ، پۇقىرالى-
رىم يا ھەزرەت ، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغىلىيسەن ! مېنىڭ ياقا يۇرتتىن
بىر كىچىك خوتۇن ئالغۇدەك يۈزۈم يوقكەن – دە . ئات چاپار-
لىقلار ، مەن يا قالماقتىن ، يا قارا خىتايدىن خوتۇن ئالمىسام ...
ئۇ بىر مۇسۇلمانغۇ ، بۇ بېشىمغا بالا خوتۇن گۇلھېپىزەمنى مەن
خوتۇن قىلالماسمەنمۇ ؟ ئۇ قارچىغا كۆزلىرىدىن دەھشەت ياغ-
دۇرۇپ ، تۇمشۇقىنىڭ قېنى قاچقان ، قارا شاپ بۇرۇتلىرى دىر-
دىيىپ مەيدە تۈكلىرى تەتۈر قوپقان ، قارچىغا كۆزلىرىدىن ئوت
چاچقان ھالدا ، چاكارلىرىغا ھېچۋاقتا قىلمىغان توگلۇق ، ياۋۇز-
لۇق تېمىپ تۇرغان چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىرىدى :
— مەن ھەرقايسىڭنى ئاتام زامانىدىن بورداپ ، نېمە يې-
سەم شۇنى بېرىپ بېقىۋاتىمەن . ھالا بۇ كۈندە بېشىمغا كۈن
چۈشكەندە قاندىقىڭ ماڭا تۈزكورلۇق قىلىپ قويىدىغان بولساڭ ،
تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ، تېرەڭگە سامان تىقى-
مەن ، شېھىت كېتىپ قالسام ، ئۇ دۇنيادا قىيامەت كۈنى قىزىل
تىرنىقىم خىرنىكىڭدە [1] بولىدۇ . بۇگۇن مەن قىلغىلا دەپسەپ
مەشرەپكە چۈشىمەن ، قايسى تەرەپتىن ماڭا دۈشمەن قوپسا مۇ-
لۇندەك كېلىپ باسماغداپ چۇماق بىلەن سال ! ئۆلتۈرۈپ قوي-
ساڭ خۇن تۆلەيسەن ، بىلشتىڭما ؟
— ھەممىسى قول باغلاپ ، بېشىنى ئېگىپ خوش دېيىشتى .
ئەيسا بەگ ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ، تۇرقىدىن ، ئېگىز قارا كۆرپە
تۇماقلىرىدىن ، بەقەسەم تونلىرىدىن ، سېرىق ، قىزىل ، قارا سا-
قاللىرى ، تىرناقلىرى ، چىشلىرى ، قۇلاقلىرىغىچە ئۆزىگە شۇم-

(1) خىرنەك — گېكىردەك .

لۇق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىد-
شىپ، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەنلىكتىن، قولىنىڭ پەيلىرى
ئاغرىتىپ تارتىشقاندەك بولۇپ، بارماقلىرىنىڭ بىغىشلىرى غىد-
ىرسلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاس بالىخانىسىغا كىرىپ، ئى-
شىكنى تاقاپ چويۇن چىراغنى تەستە ياقتى. چىگىت يېغىنىڭ
قاڭسىق ھىدى تارالدى. ئۆي ئىچى سەل زەي پۇراپ قالغانىدى.
قاراڭغۇ بالىخانىدا تەكچىگە ئېسىپ قاتار تىزىپ قويۇلغان نەيزە،
قىلىچ، چويۇن چوماق، تېشىغا تۇچ[①] قاپلانغان يۇلغۇن چو-
مىقى، قىسقا كۈمۈش ساپلىق سېرىق قىلىچ، بوۋىسىدىن قالغان
تەۋەررۈك ئىككى غۇلاچلىق مىلتىق قاتارى سۇس پارقىراپ
تۇراتتى. ئەيسا بەگنىڭ كۆزىگە مۇشۇ ئۆينىڭ خاس بىر قوللۇق
قوراللىرىمۇ ئۆزىگە شۇملۇق بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەت-
تى. ئۇنىڭ ئېچىرقىغان تەلۋە قارچىغىنىڭكىدەك سېرىق كۆزلى-
رىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ، قۇلىقىغا سوزۇلغان
قويۇق شاپ بۇرۇتىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. قۇشنىڭ بۇر-
نىدەك ئىلمەك بۇرنى، ئۇزۇن، قارا بۇرۇتى ئۈستىدە ئۇششاق
تەر دانىچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ تەكچىدىكى ھەربىر
قورالغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ھەربىرىگە ئۇزاقتىن -
ئۇزاق تىكىلدى. «گۈلھېپىزەم، گۈلھېپىزەم، جېنىم خوتۇنۇم،
مەن ئۆمرۈمدە سەندەك نازۇك، بەلەن خوتۇننى كۆرۈپ باقمى-
غان. نۇرغۇن قىزلار مېنىڭ قۇچىقىمدا بالاغەتكە يېتىپ، باشقا
ئەرلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن. سەن مېنىڭ قولۇمغا چوكان
چۈشتۈڭ، ئەمما ئاللا سېنىڭ ئىشقىڭنى ماڭا ئوت قىلىپ سال-
دى. بىچارە پالۋان ئېرىڭ قان يىغلاۋاتقاندۇ، خۇدا سېنىڭ
ئىشقىڭنى ماڭا سالغاندەك ئۇنىڭغا سالمىدى بولغاي، ھەرقاچان

① تۇچ — مىسنىڭ بىر نۇرى.

ئۇ سېنى قارغاپ ، ئاخىر ئۇنتۇپ باشقا خوتۇن ئېلىۋالغاندۇ . تووۋا
قىلدىم خۇدايىم ، مەن ئىچىمدە قەسەم قىلغان ، ئۆمرۈم مىلىك
خوتۇن ئېلىشقا يەتسە ، مىلىك قىز ئالىمەن ، ئەركەك چىۋىن يالى-
مىغان ، يېشى ئون بىردىن ئاشمىغان دەپ . مانا ، سەن ئون تۆت
ياشقا تولغان جۇۋانسەن ، مەندىن بۇرۇن سەن قارا كۆتەك بىر
پالۋان ئەركەكنىڭ قۇچىقىدا ياتقانسەن ، ئەمما بۇلار مېنىڭ
كۆزۈمگە كۆرۈنمەمدىغان ، سەندىن كېلىۋاتقان ئىشقى سەۋدا
كۈچى مىڭ قىزنىڭ پىراقىغا تەڭ كەلمەس . مەن قوينۇمدىن
ئۇچۇرما قىلىپ چىقارغان قىزلارنىڭ ھەممىسى سەتلەردىن ئە-
مەس ، سەندىن گۈزەل ، قېنى ، ئۇلار مەندە نېمە قالدۇردى ؟
ھەممىنى ئۇنتۇدۇم ، سېنى قىز ئالماي مۇشۇنداق ئوتۇڭدا كۆيۈپ
جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ، سېنى شامالدىن ئېلىپ قېچىپ كەلدىم .
مانا ، ھازىر جاننى تىكمەك بولۇۋاتىمەن . سەن قىز چېغىڭدا قو-
لۇمغا چۈشكەن بولساڭ پىراقىڭدا سىمابتەك ئېرىپ ، تۇپراققا
سىڭىپ كەتمەسمىدىم ، ئاللا بۇ ئىشقنى ئۇ چاغدا ماڭا نېسىپ
قىلماپتۇ . ئەيسا ئاۋىتىنىڭ ئادەملىرى ئۆز بېگىنىڭ جۇۋان ئال-
غانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، مەندەك بېگىدىن كېچىدۇ ،
يۈزىمىزنى تۆكتى ، دەپ قېنىمنى ئىچىپ ، گۆشۈمنى يەيدۇ .
شاماللىقتا ئۆزۈمنى كۆرسەتمىگىنىم ، ئېرىڭگە بۆگۈرلۈكمەن
دېگىنىم ئالەمچە ئىش بولۇپتىكەن . ئات چاپار ئاۋاتلىقلار ئۆز
بېگىنىڭ ياقا يۇرتتىن خوتۇن ئەكەلگىنىنى ياقا يۇرتلۇقلارغا دې-
يىش تۈگۈل ، ئۇلار ئاڭلاپ قالسىمۇ نومۇستىن ئۆزىنى ئۆلگەنگە
تەڭ قىلىشىدۇ . ئات چاپار ئەيسانىڭ ئاۋىتىدا ياشىسام سەن بە-
لەن تەڭ ياشاي ، ئۆلسەم سەن بىلەن تەڭ ئۆلەي ؛ بولمىسا سېنى
يەنە ئېتىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ، يۇرتتىن سەۋدا بېشىمنى ئېلىپ ،
بىر كېچىدىلا ئىنس ــ جىنغا بىلدۈرمەي قاچاي . ئانام مېنى

بەگىنىڭ قۇچىقىغا تۇغمىغان. ئاللا ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن.»
ئۇ تەكچىدىن قىسقا ئاق قاشتېشى ساپلىق ئالتە قىر قىلىپ مىس
تىكەن ئاراچلاپ توقۇلغان قامچىنى ئېلىپ سول قوينىغا سالدى،
كۈمۈش ساپلىق قىسقا شەمشەرنى جىگەررەڭ تاۋار تونىنىڭ ئە-
چىگە ئاستى. ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ،
سىرىق، يېشىل كۆزلەر چەكچىيىپ تۇرغاندەك، سوغۇق يال-
تىراپ تۇرغان پالتا، ئارا، قىلىچ، ئوقيالار ئۇنىڭغا بەتلىنىپ
تۇرغاندەك يۈرىكى ئېغىپ، ئىتتىك سىلىپ كەتتى. ياغاچ
تارشا[1] چەملىك ئۈجمە ياغىچىدىن ئېگىز پاشنا قويۇپ تىكىل-
گەن يېڭى ئۆتۈكىدىن غىرىسلاپ چىقىۋاتقان تىۋىشىمۇ ئۇنىڭ
تېنىگە سۇس تىترەك ئولاشتۇراتتى. ئۇنىڭ تون ئىچىدىكى
كۈمۈش ساپلىق قىسقا شەمشەرنى چىڭ سىقىمدىۋالغان يۇڭلۇق
ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى شىلىپلاپ كەتتى. پېشايۋان سۇپىسىدا
كېتىۋېتىپ ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىدىن چوماق، سالغا،
قىسقا ساپلىق نەيزە ئۇچۇپ چىقىپ بىر يېرىگە تېگىدىغاندەك
قىلاتتى. ئۇنىڭ چۆكۈرۈپ كىيگەن تۈلكە تۇمىقى ئارىسىدىن
شۇرقىراپ مۇزدەك تەر قۇيۇلدى. «يا پەرۋەردىگارا، ئەيسا بەگ
نېمە بولدۇڭ، نېمە قورقۇنچ بۇ، ئۆزۈمگە نومۇسۇم كېلىۋاتىدۇ.
مۇشۇ ھالىمنى خەق كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يا ئاللا، بىزنىڭ بىگ-
مىزمۇ تايىنلىق ئىكەنغۇ دېگەن گېپىنى ئاڭلاش تۈگۈل، مۇشۇ
مەنىدە قاراپ ھىجايغىنىنى كۆرگۈچە، خەنجەردە قارنىمنى يې-
رىپ ئۆلگىنىم خوپ ئەمەسمۇ. شىكار قىلىپ بۆرە ئارىسىدا قال-
غىنىمدىمۇ، ئېيىق كۆكسىدە قىلىچىم سۇنۇپ، ئېيىق تاپىنى
ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلگىلى تاس قالغان چېغىمدىمۇ، ياۋا توڭ-
گۇزلار ئەزايىمنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەندىمۇ، ياۋا ئادەملەر

---

① ياغاچ تارشا — بۇرۇن ئۆتۈكنىڭ چەمىگە نېپىز تىلىنغان ياغاچ قىستۇرۇلاتتى.

قۇملۇقتا قوغلاپ يۈرگەندىمۇ بۇنداق قورقمىغانىدىم . ئەجەبا ،
ئايىغىمغا باش قويىدىغان پۇقرالىرىمنىڭ سۈرى ئەجەب يامان
كەلدىيا يا داد ، ئات چاپارلار ، مەن سىلەرنى بىلمەيتتىكەنمەن .
بىر خوتۇن ئېلىپ سالغىنىمغا شۇنچىۋالا ۋەھىمە سېلىشارسەن-
مۇ ؟ بۇ ۋەھىمە — كۆڭلۈم سېزىپ تۇرىدۇ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى .
ھېچقاچان بۇنداق ۋەھىمە يېگەن ئادەم ئەمەسمەن ، يۈرىكىمنىڭ
بۇنداق ئېغىپ ياققىنىنى كۆرمىگەنمەن . توۋا قىلدىم ، جاھاندا
ئادەم سۈرىدەك يامان سۈر يوق ئىكەن ، ئىشەندىم . شۇنچە قىز-
نىڭ ئەيىنىكىنى چېقىپ تېقىمىنى بۇيىغان ، يات ئەركەكنىڭ
مەيدىسىدىن بىر خوتۇننى سۇغۇرۇپ قاچقان بەگ ، توقۇچاق
جۇۋان ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمنىڭ پۇقراسى تىغىدا ، نەپرەتلەر ئى-
چىدە جان بېرەرمەنمۇ ؟ خۇدا مېنىڭ جېنىمنى ئاشۇ جۇۋاننىڭ
چەمەكتەك ئالقىنىغا سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ . توۋا قىلدىم ،
ئىبارا خۇدايا ، بىلمىدىم ، ساقال ئەستاغپۇرلىغا[1]يەتكەندە ، ئە-
جەب بىر ئاتەشداندا داغلىدىڭا ! قېنىم ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋا-
تامدۇ ، نېمە بولدى ؟ نېمە بولسا بولسۇن ، بەرگەن كۆڭۈلگە
شۈكۈر . مۇشۇ جېنىمدا بولسىمۇ ئىشقىنىڭ راست تەمىنى تېتىد-
تىڭ . ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا ، بۇ ئالەمدە چىراي ، قامەت ، ئەقىل ،
ۋىجدان ، پالۋانلىق ، تاجۇ تەخت بېرىپ ، كۆڭلىگە كىچىككىنە
ئىشىق بەرمەي ، بۇ ئالەمگىدە يۈز يىل ياشاپمۇ تېرىقچىلىق
ئەيش — ئىشرەت تەمى تېتىماي ، بۇ ئالەمنىڭ بارلىق چاكىنا
لەززەتلىرىنى بېرىپ ، لەززەتنىڭ جەۋھىرىنىڭ تەمىنى تېتىد-
ماي ، ئالتۇن تەختتە جېنىنى ئېلىپ كېتىدىغان بەندىلىرىڭ
كۆرمىڭ . ماڭا ئوخشاش سېنىڭ ئىسىل شەپقىتىڭگە نائىل بو-
لىدىغان تەلەيلىكلەر ناھايىتى كەم . مىڭ رەھمەت ، يۈز مىڭ

---

① ساقال ئەستاغپۇرلىغا — قېرىغاندا دېمەكچى .

شۇكۇر ، ئىشقىمنى مۇشۇ توقۇچاق جۇۋاندىن ئەۋەتتىڭ ، بىر جېنىم بار ئىكەن ، مىڭ جېنىم بولسىمۇ سېلىپ بېرىمەن . ئاللا ، بۇ تەلۋە يۇقرالىرىڭنىڭ دىلىغا ئىنساب ، نۇر بەرگىن ، قاتتقان ئىمانلىرىنى ئېرىتكىن ! ئۇلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئەمەس ، پۇتىنىڭ ، قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ ، پۇتۇن ئەزايىنىمۇ كۆرسۇن . ئادەم پەقەت بۇرنى بىلەنلا ھايات كەچۈرەلمەيدۇ ، ئۇنىڭغا كۆز ، قۇلاق ، پۇت ـ قول ـــ ھەممە ئەزا كېرەك . بىر ئادەم ئات چاپار ئەيسا ئاۋىتىنىڭ قوۋم بولالمايدۇ ، ھەممە دولان قەبىلىسى يىغىلسىلا يۇرت ـ يۇرت بولالايدۇ . بىر ئادەمنىڭ بۇرنىلا بولۇپ باشقىسى بولمىسا ... تووۋا قىلدىم خۇدايىم ، كۇپۇرلۇق كەتكەن بولسام ئەپۇ قىلغايسەن . » ئەيسا بەگ سوغۇق تەردىن گەجگىسىگە مۇز چاپلاشقاندەك توڭلاپ كەتتى .

ئۇ بۇلۇڭدىكى يېڭىدىن تەييارلانغان گۈلھېپىزىخاننىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپ ، زورلاپ قىسقا يۆتەل قىلدى يا پەرۋەردىگارا ، قىسقا بىلىنىدىغان ئۇتتۇز ئالتە تۇۋرۇكلۇك پېشايۋان ئەجەب ئۇزىراپ كەتتى ـ ھە !

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا بوسۇغىدىن ئىككى قەدەم ئىچكىرىلەپ يورەك گىلەم ئۈستىدە تۇرۇپ قالدى . تاش ئەينەككە قاراپ ئولتۇرغان گۈلھېپىزىخاننىڭ ئەتراپىدىكى تۆت دېدەك قىز دەرھال قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تىزلاندى . گۈلھېپىزىخانمۇ ، ئەيسا بەگمۇ بىر ـ بىرىنى ئەينەكتىن كۆردى . گۈلھېپىزىخاننىڭ ھۆسنىگە قاراپ قاپقارا شاپ بۇرۇتلىرى ئارىسىدا قانىسىزلىنىپ ھىملىشىپ كەتكەن ئەيسابەگنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى ، ئاغزى ئېچىلىش بىلەن بىر چوغ يۈرىكىگە چاچراپ كىرىپ چاپلىشىپ قالغاندەك يۈرىكى قوزغالدى . چىرايىغا دەرھال قىزىللىق تەپتى . قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان قوللىرىنىڭ يەنە پەيلىرى تارتىلىپ

ئاغرىغاندەك بولدى. گۈلھېپىزىخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دېدەكلەردەك قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تىزلاندى. شۇئان ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن، تاپىنىغا يېقىن بوستان چاچلىرىنى زىننەتلىگەن كۈمۈش چاتقىلار بىلەن تەڭگىلەر شىلدىرلاپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ پارقىراپ كەتتى. ئۇزۇن قارا مەخمەل پەرىجىسىدىن يېرىم غېرىچ چىقىپ تۇرغان ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى پۇتىنىڭ ئۇچىنى يېپىپ تۇرغانلىقتىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرۈلۈپ تەزىم بىلەن تىزلانغاندا دەسسىلىپ تارتىشىپ قالدى. ئۇ دېدەكلەرگە ئوخشاشلا تىزلانغان بويى بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئەيسا بەگنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، سالاپىتى بۇزۇلۇپ ھودۇقۇپ كەتتى:

— سىز ... سىز دېدەك ئەمەس، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

ئەيسا بەگ دەرھال كېلىپ گۈلھېپىزىخاننى يۆلىدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى. ۋە خېنىمنىڭ چوڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنىڭ مەڭزىگە تۆكۈلگىنىنى كۆردى. ئەيسا بەگنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى:

— كەچكىچە تىزلىنىپ تۇرماي مەشرەپكە چىقىڭلار، بېگىم بىلەن خېنىم چىقىۋاتىدۇ دەڭلار!

— خوپ بېگىم، خېنىم.

دېدەكلەر پەم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشتىيۇ، تۇرۇپلا بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تەڭلا قارىشىۋالدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز بېگىنىڭ بىر كىمنى «سىز» دېگىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاشقانىدى. دېدەكلەر تەزىم بىلەن چىقىپ كېتىشتى. ئەيسا بەگ خېنىمنىڭ جىيەكلىرى سەل قىزارغان، تۆكۈلۈپ تۇرغان قارا كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بېغىر كۆزىگە نۆۋەت بىلەن سۆيدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ تۆۋىگە پىلەك يېيىپ تۇرغان شاپ

بۇرۇتى بىلەن يىرىك ، قىلچاقى كەكە ساقىلى ئارىسىدا خېنىمنىڭ نازۇك ھەم كىچىك يۈزلىرى دەريا سۈيىدە بىر چىقىپ ، بىر چۆكۈۋاتقان ئالمىغا ئوخشاپ قالدى . بەگنىڭ ئاغزىغا تۇزلۇق ھەم ئىسسىق ياش تەمى كىردى ، ئۇ بۇنى چۈچۈمەل سۆزمىنى شۈمگەندەك شۈمدى . خېنىمنىڭ ئۇ دەسلەپ سۆيگەن چاغدىكى مۇزلاپ كەتكەن مەگزى تېۋىلغىنىڭ چوغىدەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان ئىنچىكە بىلەكلىرى بەگنىڭ كۆكتەك بويىنىغا ئېسىلدى . ئۇنىڭ بەگكە بۇنداق گىرە سېلىپ چىڭ چاپلىشىشى ئىت قوغلاپ كەلگەن قىزچاقنىڭ ئانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقىنىغا ، ئانىنىڭ قۇچىقىدا تۈگۈلۈپ تۇرۇپ ئېسەدەپ يىغلاپ ھەممە قورقۇنچتىن مۇشۇ ئانا باغرىدىلا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىغا ئوخشاپ كەتتى ، ئۇ يىغلاپ كەتتى . يوغان ئوغلاق ئېتىنىڭ كۆكسىگە ئېسىپ قويۇلغان نازۇك قوڭغۇراقلىق پۈپۈككە ئوخشاش خېنىم بەگنىڭ ئاتىنىڭكىدەك كۆكسىدە دىرىلدەپ تىترىدى . ئۇ بېشىنى بارغانچە بەگنىڭ مەيدىسىگە چۆكۈرۈپ ئۆكسىدى . بېشىدىكى سۆسەر كەمچەت گىلەم ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى . بەگ يوغان تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئۇنىڭ جىگدە يىلىمىدە سىلىق قاتۇرۇپ تارالغان چېچىنىڭ ئارىسىغا پاتۇردى . ئۇنىڭغا ئېپارنىڭ سۈس جىگدە يىلىمى ئارىلاش پۇرىقى ، يەنە كەشمىر ئەتىرىنىڭ پۇرىقى كەلدى ، خېنىم قېقىلىپ ئۆكسىدى .

— قورقۇۋاتامسىز ؟

— ...

— قورقماڭ ، ئۇلار ھېچنېمە قىلالمايدۇ ، ئەگەر قارا سىنغان بولسا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم . ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز ، بىر تىنىقلىق رىزقىمىز بولسا تەڭ بولىدۇ .

خېنىمدىن چىقىۋاتقان كۆيدۈرگۈچ ئىسسىق بەگنىڭ
پەي - پېغىشلىرىنى يۇلغۇندەك قاتۇرۇۋەتتى ، ھەممە ئەزايى كۆ-
يۈشۈۋاتقاندەك ، ئۆزى بىردە تېرىسىگە سىغمايۋاتقاندەك ، بىردە
بەدەندىكى ھەممە گۆشلىرى سۆڭەككە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلۇپ كەتتى . « يا پەرۋەردىگارا ، سەن نېسىپ قىلغان بۇ
پەرىزاتنى بىردەممۇ قۇچىقىمدىن چىقارغۇم يوق . بىچارە تۇ-
خۇمدىن چىقىۋاتقان تۇمۇچۇق بالىسىدەك ۋىچىلداپ تولغىنىپ ،
بېشىنى ھەر يانغا ئۆرۈپ ھېچ ھالى قالمايۋاتىدۇ ، بولالماي يال-
ۋۇرۇپ ، ياش تۆكۈپ جېنىغا ئۆلۈم تىلەۋاتىدۇ . ئىچىم ئاغرىپ ،
گېلىمغا قىلتىرىق سانجىلىپ قالغاندەك كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ
جىممىدە بولىمەن ، ئۇمۇ جىمىيدۇ . ئەمما ، خۇمارىم بېسىلمىغان-
نىڭ دەستىگە تۇرالماي قالىمەن ، قۇچىقىمدىن چىقارغۇم
يوق ... مۇشۇنداق قىينىلىپ يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسە قانداق قىلار-
مەن ، دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە كېلىشىگە قورققىنىمدىن ھازىرلا
ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك گۈلۈم ، گۈلۈم دەپ ۋارقىراپ كېتىمەن . ئۇ
ئازابتىن تولغىنىپ يۇمۇۋالغان كۆزىنى ئاچقاندا ، قارا ئۈزۈن
كىرپىكلىرى ئارىسىدىن بېغىررەڭ ، شەھلا كۆزلىرىنى كۆرۈش
بىلەنلا ئىزا تارتقىنىمدىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلاپ كې-
تىمەن . شۈكۈر ، خۇدايا ، بەرگەن نېسىۋەڭگە يۈز مىڭ قەتلە
شۈكۈر .
— بولدى يىغلىماڭ ، خەق بىزنى ساقلاپ قالدى .
بەگ خېنىمنىڭ يۇمشاق بىلەكلىرىنى بويىنىدىن ئاستا ئې-
لىپ ، ئالتۇن بىلەزۈك سالغان ئوڭ بىلىكى بىلەن زۇمرەت قاش-
تېشى سالغان سول بىلىكىنى نۆۋەت بىلەن سۆيۈپ قويدى ، ئان-
دىن يەردىكى سۆسەر كەمچەتنى ئېلىپ توپىسى بولمىسىمۇ پۈۋ-
لەپ ، تۇمشۇقىغا ئەكېلىپ چوڭقۇر پۇراپ بېشىغا كىيدۈرمەكچى

بولۇۋىدى ، خېنىم ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆزى كىيدى . ئۇنىڭ مەخمەل پەرىجىسىنىڭ چوڭ كۈمۈش تەڭگە تۈگمىلىرى پۇتۇن-لەي ئېچىلىپ ، ھەتتا ئىچىدىكى كەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىمۇ تو-رۇلۇپ كارنىيىغا كېلىپ قالغانىدى . خېنىم بەگدىن يىراقلىشىشى بىلەن تامدىكى چوڭ تاش ئەينەكتىن ئۇنىڭ تولغان ھەم قۇي-رۇقتەك لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى بىلەن ئاق سۇزۇك بەدىنى-دىكى ئورنىدىن سەل پەسلەپ كەتكەن قىزىل تاۋار تامبىلىنىڭ بەللىكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى . خېنىم مەرۋايىت ئاسقان ئۈزۈن ، ئاق بوينىغىچە قىزىرىپ ، ھازىرلا ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇرغان كىچىك ، قىزىل لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىۋېلىپ كۆڭلەك پەرچىلىرىنى تۈزىدى ، چۇۋۇلغان چېچىغا يېپىشىپ قالغان چوڭ ئالتۇن زىرىسىنى تۈزەشتۈردى . بەگمۇ خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تاش ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى .

— گۈلۈم ، كەلگەندىن تارتىپ كۆزىڭىزدىن ياش قۇرۇ-مايدۇ ، بۇ يەر دىلىڭىزغا سىغمىدىمۇ ؟

— سىز بىلەن نەدە بولسام بولىۋېرىدۇ .

بەگنىڭ يوغان ، قېلىن لەۋلىرى تىترىدى ، كۆزلىرى ئېچىشقاندەك بولدى ، يۈرىكى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى .

— ئەمىسە قورقۇۋاتامسىز ؟

— بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن ، بۇرنۇمغا قان پۇراپلا تۇ-رىدۇ ، سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا يۈرىكىم جايىغا چۈشىدۇ .

— مەن يېنىڭىزدا بار چاغدا نېمە يېسىڭىز يەڭ ، ھەر نېمە يېسەڭ تەڭ يەيلى . مەن بولمىغاندا ئالدىڭىزغا نېمە ئەكې-لىشمىسۇن ۋە ياكى نېمىگە كۆڭلىڭىز تارتمىسۇن يېمەڭ ، ئىچ-مەڭ ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن زورلاپ تۇرۇۋالسىمۇ يېگۈچى ، ئىچكۈچى بولماڭ . تەرەتكە تالاغا چىقماڭ ، تەڭلىگە تەرەت قى-

لىك ، دېدەكلەر تۆكۈۋەتسۇن ...

— ۋاي ئىسىت ، بۇنداق جان قىيناپ قاچانغىچە ياشار. مىز . مېنى دەپ سىزمۇ ساق بېشىڭىزنى ئاغرىتىۋالدىڭىز ، — خېنىم يەنە يىغلىۋەتتى . بەگ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ :

— ئۇنداق دېمەڭ ، دەسلەپ مۇشۇنداق قۇترىشىدۇ ، خۇدا بۇيرۇسا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قېلىشىدۇ ، كۆنمىسە بېشى. مىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەكلا كۆڭلى تىنىشار ، ئاللا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر . بولمىسا جاھاننىڭ ئېتىكى كەگرى ، يۇرت يالغۇز مەن بىنا قىلغان ئەيسانىڭ ئاۋىتى ئەمەس ، — دېدى .

— ۋاي خۇدايىم ، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ، قىلىچ ، چوماق ئېلىۋاپسىز . مەن راست قورقۇۋاتىمەن ، پېشايۋان ، هويلا گۆر. دەك قاراڭغۇ تۇرسا .

— سىز ئۆزىڭىزگە ئوخشىمىغىلى تاس قېلىۋاتىسىز ، دولانلىق خوتۇنلار ئەرلىرىدىن جىگەرلىك كېلىدۇ . مەن يېنى. ڭىزدا تۇرسام مۇشۇنداق قورقامسىز . هەي ، هەي ، قايىسلىڭ بار ، پېشايۋانغا چىراغ يېقىڭلار .

— لەببەي بېگىم .

ئاق لىچەكلىك دۇمچەك بىر موماي هەربىر تۈۋرۈكتىكى چىراغپايلارغا چىراغ ياقتى . هويلا ئىچى غۇۋا يورۇدى . باغدىن ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— مەن راست ئۆزۈمگە ئوخشىماي قېلىۋاتىمەن ، مە. شەگە كەلگەندىن تارتىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم . ئويلاپ باق. سام سىزدىن ئايرىلىپ قالىمەنمىكىن دەپ قورقىدىكەنمەن ، سىز كېتىپ جاهاندا مەن بىتەلەي سىبىسىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەن. سىرەيمەن ، — خېنىم يەنە ئېسەدەپ يىغلىدى .

— ئېرىڭىزگە ئەمدى چىدىماي قېلىۋاتامسىزيا ؟ — ئەيسا بەگنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق سېرىق ئۇچقۇن چاچرىدى ، — يادىڭىزدىن چىقىرالمايۋاتامسىز ! ؟

خېنىم بەگكە شەھلا كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقان ھالدا بىردەم قېتىپ سىنچىلاپ قارىدى . مەڭزىلىرىگە قىزىللىق تېپىپ تۇمشۇقى يېقىملىق پارقىرىدى ، كۆزى بىلەن لېۋىگە تەبەسسۇم ياماشتى .

— مەن ئېرىمنى ، ئىككى ياشلىق ئوغلۇمنى تاشلاپ ئۆزۈمنى سىزگە تاپشۇردۇم ، مانا ئالىقىنىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن . ئۇلارنى ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن ، ئىچىم ئاغرىيدۇ . ئېرىممۇ نۇرغۇن ئەرلەرنى يەڭگەن پالۋان ئىدى ، ئەمما ئۇ مېنى يېڭەلمىگەن ، مېنى سىز يېڭىۋالدىڭىز ، شۇنچىلىك·ئېگىلدۇرۇۋەتتىڭىزكى ، ھەتتا بالامدىنمۇ كەچتۇردىڭىز ، سىزدىكى بۇ كۈچكە تەڭ كەلگۈدەك كۈچ يوقتەك كۆرۈنىدۇ . بىر ئىشارەت بىلەن ئىلىندۇرۇۋېلىپ قۇچىقىڭىزغا بىر ئېلىۋالغان بىلەن تەڭ ئەقلى - ھوشۇمنى بۇلاپ كەتتىڭىز . ئېرىم ياش ، قاۋۇل ، چىرايلىقتى ، سىز ئۇنىڭدىن چوڭ كۆرۈنىسىز ھەم قارا ، چوقۇر ، سەت ئادەمكەنسىز . خۇدايا توۋا دەيمەن ، ئېرىمدىن بىر بالىغا ئانا بولغۇچە ئەردىن بۇنداق ئىسسىقچىلىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم ، بۇلارنى خىيال قىلىشاملا جاھاندا بار - يوقلۇقۇمنى بىلمەي قالىمەن ، — گۈلھېپىزىخان شۇنداق دەپلا لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىۋالدى . ئەيسا بەگ مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ ساقىلىنى ئالىقانداپ قويدى ، قادىلىپ تۇرغان خەتەرمۇ ئۆزلىرىدىن يىراقلىشىدىغاندەك ، ھەتتا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى .

× × ×

باغ ئىچىنىڭ تۆت يېرىگە گۈلخان يېقىلىپ، گۈلخان كىگىز ئورنى يەردە ئاسمان پەلەك بولۇپ كۆيۈپ، سورۇن دائىرىسىنى تولۇق يورۇتۇۋەتكەنىدى. يىگىرمىدەك يەرگە ئېسىلغان يوغان داشلاردا قوينىڭ ئۈچى① قايناۋاتاتتى. بەزىلىرىدىكى پىشىپ بولغان ئۈچلار سۈزۈۋېلىنىپ، شورپىغا قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىلگەن چۆپلەر سېلىنغانىدى. يۇرتتىكى قېرى، ياش ئەر - ئايال ھەممىسى كېلىشكەنىدى. تەكلىمات كىگىز، قوي يۇڭىدا ئىشلەنگەن بەقەسەم يوللۇق پالاسلار ئاي شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ، ئەرلەر غاز قانىتىدەك ئىككى تەرىپىدە، ئاياللار ئوتتۇرىدا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. سورۇننىڭ ئارقا تەرىپىدە ئورۇن تەگمىگەن ئادەملەر قارا شامدەك ئۆرە تۇرۇشقان، ياش باللار قېرى ئۆرۈك، ئامۇت، ئۈجمە دەرەخلىرىگە قاغىدەك قونۇۋالغانىدى. ئاياللار سورۇننىڭ ئوتتۇرىدا — تۆت قات سېلىنغان يېشىل تاۋار كۆرپە ئۈستىدە كۈپتەك سەمرىگەن، دوقىراق پېشانىسى پارقىراپ، يۈزلىرىدىن ماي ئارىلاش تەر تېمىپ تۇرغان ھاۋا خېنىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا باشقا يۇرتتىكىلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئابرۇيىغا قاراپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ھاۋا خېنىمغا ئوبدان كۆرۈنۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. ھاۋا خېنىمنىڭ ئۇلارغا قارىغۇدەك ھەپىلىسى، ئۇلارنىڭ كۈچۈكلىنىپ قاراشلىرىنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۇ بويىندا شاپتۇل قېقىپ، بادام قاپاقلىرىنى

① ئۈچ — چوڭ قازاندا پۈتۈن پىشۇرۇلىدىغان قوي گۆشى.

سۈزگەن هالدا ، قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ، باغقا چىقى-
دىغان ئىشىككە قادىلىپ قالغانىدى ، يېنىدىكى خوتۇنلارنىڭ
ئۆزىگە كۆچۈكلىنىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن تېرىكىپ ئىچىدە
تىللايتتى . ئۇلار ئاغزىدا هى ـ هىلىغان بىلەن ئىچىدە تازا كۈ-
لىدۇ ، تاماشا كۆرىدۇ ، هەممىسى كۆرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ نوچىلىق
بىلەن ئولتۇرغاندەك قىلىسمۇ چوغدا ئولتۇرغاندەك تولغىنىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى سەگگىرىپ[1] ئولتۇرىشىدۇ ، هوي ئىچىدە
توڭگۇز قاترايدىغانلار ...

— كەلدى ...

— كەلدى ...

بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن چىققان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئون مىڭ-
دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بىردىنلا ئۆچتى ،
ئون مىڭ جۈپ كۆز بىراقلا باغقا كىرىدىغان ئەگىن ئىشىككە
تىكىلدى . بەگنىڭ ئالدىدا نازۇك بەدەن خوتۇنى ، ئۇنىڭ يان
كەينىدىرەك بەگ كىرىپ كەلدى . بەگنىڭ ئۇزۇن ، چوقۇر
باسقان ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېڭىيىپ ، قوڭۇر ساقاللىرى
كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ كەتكەنىدى . قارچىغىنىڭكىدەك
كۆزلىرى سۈرلۈك ، تارتىشىپ كەتكەن يۈزلىرى موم سۈرتۈۋال-
غاندەك سوغ ئىدى . يىگىرمە مىڭ جۈپ كۆزمۇ ئۇنىڭدىن قې-
لىشمىغۇدەك ياتلارچە تىكىلىپ تۇراتتى . ياالله ، بۇنى نەدىمۇ
مەشرەپ سورۇنى دېگىلى بولسۇن ، تاكاس جاڭگىلىدا ياۋا ئادەم
بىلەن ئۇچراشقاندىكىدەك تۇرمامدۇ . بەگنىڭ بەدىنىگە تىترەك
ئولىشىپ ، تىترەك ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ بۇنى گۈلهېيزەم
بىلىپ قالغاندەك يۈرىكى جۇغۇلداپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئايالىغا
قارىدى . گۈلهېيزەمنىڭ شەهلا كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغان ،

---

[1] سەگگىرىپ — سىرىش .

كۆزى ئەتراپىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار يوقالغان، تۇمشۇقى خە-
سىدەك ئاقارغان، قىزىللىق بىراقلا مەڭزىگە تەپكەن، يىپەكتەك
يۇمشاق چېكە چاچلىرى ئارىسىدا نەملىك پەيدا بولغانىدى. ئۇ-
نىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ھېلىقى چاغدا ئۇنى ئاتىنىڭ ئال-
دىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۆيدىن ئوغلىنىڭ قىقىراپ يىغلىغان
ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن گۈلھېپىزەم خۇددى ھازىرقىدەك بولۇپ
كەتكەنىدى... گۈلھېپىزەمنىڭ قوللىرى ئۆزىنىڭ جەينىكىگە
تەگكەندەك بولدى، شۇندىلا ئۇ گۈلھېپىزەمنىڭ تاياق يېگەن
قوزىدەك تىترەپ كېتىۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇ چاندۇرماي جەينە-
كىنى گۈلھېپىزەمنىڭ بېقىنىغا تەگكۈزۈپ قويدى، تەگكۈزۈۋات-
قاندا كۆزى چوڭ خوتۇنى ھاۋا خېنىمنىڭ كۆزلىرى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدى. ھاۋا خېنىمنىڭ يوغان، قارا داغ باسقان
يۈزلىرى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، يەۋېتىدىغاندەك گۈلىيىپ
قويدى. سۈرلۈك، ساناقسىز كۆزلەر ياۋا ئادەمنىڭ كۆزىدەك يې-
نىپ، بىر بەگكە، بىر چوڭ خوتۇنىغا، ئاندىن چوڭ خوتۇنى-
نىڭ يېنىدا ئەلھۇكمىللىلا دېگەندەك مۆڭلۈك ئولتۇرغان ئىككى
كىچىك خوتۇنىغا نۆۋەت بىلەن قارايتتى. بەگ كىچىك خوتۇن-
لىرىغا ئىچىدە كىچىككىنە ئىچ ئاغرىتىشتەك بىرنەرسىنى ھېس
قىلغاندەك بولدى. ئۇ چوڭ خوتۇنىغا قارچىغا كۆزلىرىدىن سې-
رىق ئۇچقۇن چاچرىتىپ قارىۋىدى، چوڭ خوتۇنىنىڭ كۆزىدىن
چاچرىغان ئۇچقۇن تەسلىم بولغاندەك، ئەمما يەنىلا تەن بەرمە-
گەندەك سەل پەسەيدى. بەگنى تېنىنى قوروپ كېلىۋاتقان قات-
تىق بىر پەي قويۇۋەتكەندەك بولۇپ چوڭقۇر بىر تىنىدى. ئۇ
ئاۋازىنى سۈرلۈك چىقىرىشقا تىرىشىپ، بىر كالتە يۆتەل قىلى-
ۋەتكەندىن كېيىن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇرت - جامائەت، — دېدى. ئۇ

ئاۋازىنىڭ شۇنچە تولۇق، قوپال، سورلۇق، ئۆزى ئېيىقنىڭ مەيدىسىگە نەيزە ئۇرغان چاغدىكىدەك كۈچلۈك چىققانلىقىدىن رازى بولدى. گۈلھېپىزەمنىڭمۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆزى بىلەن تەڭ جامائەتكە ئېگىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېگىلىشلىرىدىنمۇ بىر شېرىن سېزىم ھېس قىلىپ رازى بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويماي پەقەت ئوڭ قولىنىلا كۆكسىگە قويغانىدى. ئۇنىڭ قولىقى، ھەر بىر تال مۇيى ھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدىغان يا ئوقى، نەيزە، خەنجەر، چوماق ۋە ياكى قولدىن ھېرى بولۇپ، سول قولىدا چوماقنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان ئالىقانلىرى تەردىن مىچىلداپ كەتكەنىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بېگىم... خېنىم، ئالتۇن بويىلار ئامان بولغاي.

بەگىنىڭ قۇلىقىغا بۇ ئاۋازلار شۇنچە تەنىلىك، زەھەردەك ئاڭلاندى. ئۇنىڭ قارچىغا كۆزلىرى تۆردە ئولتۇرغان قارىي، ئاخۇنۇم، داموللاملاردىنمۇ ھېيىقماي، ھەممىدىن ئايرىلىپ مىت قىلماي ئولتۇرغان چوڭ خوتۇنىغا قادالدى. شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، يۈگۈرۈپ بېرىپ بوغۇپ، تۇلۇمنى چۆرىگەندەك گۈلخانىغا چۆرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. بەگىنىڭ دەھشەتلىك كۆزىدىن زەھەردەك چىدىغۇسىز بىر ئوق كېلىپ ھاۋا خېنىمنىڭ ھەممە يېرىنى — قاتقان چىرايىنى، تارتىشقان پەيلىرىنى يوشۇرۇپ تۇگەشتۈرۈۋەتتى. بۇ قاراشلاردىن ھەر قانداق بالا — قازا كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئۇ يۇرتتا مانا شۇنداق قاراش بىلەن نېمىلەرنى كۆكۈم قىلىپ، نېمىلەرنى، كىملەرنى كۆل قىلمىغان! ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى تۇتقاندا يۈرىكى غالجىرلاشقان قاۋان توغۇرىدەك قېتىپ كېتىدۇ. يۇمشىغاندا ھەممىگە تەڭ

يۇمشاق بولۇپ ، سىخى ، گاچىلدىتىپ چانايدۇ نامە يۇرت ئەھ-
لىمۇ ئۇنىڭدىن خاپا بولاي؛ دەپ ، ئاسمانغا ئىتتىشىدۇ نىڭ غالجىر-
لىقى تۇتقاندا ھەممىسى ئۇ قولىنىڭ باش بارمىقىنچىلىقلىرىغا
باش ئىگىپ تۇرۇشىدۇ ، ەمىلكە چىلدىتىپ چانايدۇ لۇقتىن بۆ-
كىنى ئاسمانغا ئىتتىشىدۇ . باش نىتىپ چانايدۇ غا ، ھاشاردىن
قاچقانغا ، نامەرد زەمبىلكەشلەرگە رەھىم قىلماي يا پۇتىنىڭ بار-
ماقلىرىدىن گاچىلدىتىپ چانايدۇ ، يا قولىنىڭ باش بارمىقىدىن
قىل ئارغامچىدا ئۇجمىگە ئىسىپ ، قىرلىق قامچا بىلەن بىر تەر-
لىگۈچە ئۇرۇپ بەدەنلىرىنى پاق ئىتىلدۇرۇۋېتىدۇ . تووۋا قىلدۇ-
رۇپ ، دەردى چىققاندىن كىيىن ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىپ ، تىرىگە
كىرسۇن دەپ ، قوي ، ئوغلاق ، قىممەت دورا ، ئۇن ، گۈرۈچ ،
پۇل ، كەچۈرۈم قىلغان قەرز ھۆججىتى ، تېۋىپلارنى كەينى —
كەينىدىن ئەۋەتىدۇ ، ھالىنى سوراپ تۇرىدۇ . ئۇكىشى ساقاي-
غاندىن كىيىن ئۆيىگە چاقىرىپ داستىخان ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن
ئۇزاق ھال — مۇڭ بولىدۇ ، نەسىھەت قىلىدۇ ، تىرىكچىلىكنىڭ
يولىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇنىڭ روناق تېپىشىشى ئۇچۇن دەسمى
بېرىدۇ . خەق بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ ، « بېگىمىز ئادالەت ھا-
مىيسى ، قەھرىمۇ بار ، زەھرىمۇ بار » دېيىشىدۇ .

بەگ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول ئىلىشىپ
كۆرۈشتى . ھەممىسىنىڭ كۆرۈشۈش ، ئامانلىق سوراشلىرىدا
تەنە ، تەھدىت ئارىلاشقان ھەزەر ئەيلەشلەر مانا مەن دەپ چىق-
ىپ تۇراتتى .

بەگنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلگۈسى
كەلدى . گۈلھېيىزەم خورازغا ئەگەشكەن مىكىياندەك ئۇنىڭغا
ياندىشىپ ، ھەربىر يۇرت كاتتىسىغا ئىگىلىپ سالام بېرىپ ئامان-
لىق تىلەپ ماڭدى . يۇرت كاتتىلىرى كۆرۈشۈۋېتىپ بۇ خوتۇن-

نىڭ شەرمى هايالىق بولماي ، ئېرىنىڭ بىقىنىدىن چىقماي ، ئۆز-
لىرى بىلەن ئىسلاملاشقىسىنى ئىچىگە پانۇرالمىغان ، كۆزىگە
سىغدۇرالمىغان تەرتىزەە قاراشىنى ، بىر - بىرىگە تووۋا مەنىسىدە
ئىشارەتلەر قىلىشتى. بەگ نى ئالدىن بىلىپ ماگدى . ئۇ ئۆ-
زىگە تەييارلانغان بىر كاتتا ئەرلەر سورۇنىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ
تۇرۇپ قالدى . گۇلنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزسام هەللىدە [1] ئىش
بولاتتى ، ئەر خەقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆلنىڭ كىندىكىدەك ئول-
تۇرارمۇ ، خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئورنىغا ئولتۇرغۇزسام بىر بو-
غۇپلا ... بەگ شۇنى ئەسكە ئېلىشى بىلەنلا ، خۇددى ئۇنى هازىرلا
ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك تېنى جۇغىدە بولۇپ كەتتى . ئېچىر-
قىغان ساناقسىز بۆرىلەر ئارىسىدا تىغسىز قالغاندەك سوغۇق تەر
بۇژژىدە ئۆرلەپ چىقتى . سوغۇق تەر چىقسىلا ئۇنىڭ جېنى چىـ-
قىپ كەتكەندەك بولاتتى . تېنىگە سوغۇق تەر باسمىغىنى
ئوبدان ، سوغۇق تەر باستى ، ئۇنىڭ هەرقانداق ئىشتا توشقىنى
نەتۇر قاچاتتى [2]. بەدەنىنىڭ سۇدەك ، سىمابتەك ئېرىشى ئەر
كىشىنىڭ كارغا كەلمەس ، ئەڭ بىچارە ۋاقتى . قاۋانغا مىنىۋېلىپ
ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى تىقىپ ، كومشىرىغا مۇشتلاپ ئۆلتۈرگەن
ئەيسا بەگ مانا مۇنداق چاغدا بىر قوتۇر ئىتقا كۈچى يەتمەس
هالغا چۈشۈپ قالاتتى . خۇدايا ، ياپىرىم هەزرىتى ئەلى شاهى
مەردان ، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن ، پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى
ساقلىغان ئىگەم ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ، ئەگەر ئۇ ئاشۇ چىشى بۆ-
رىلەر ئارىسىدا ئولتۇرسا ، ئۇلار ئۇنىڭغا قانداق زەخمەتلەرنى
يەتكۈزەر ...

ئۇ ئاياللار سورۇنىغا ــ چوڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا باردى .

---

① هەللىدە ــ جايىدا ، ئوبدان .

② توشقىنى نەتۇر قېچىش ــ ئىشى تەتۈرىگە ئايلىنىش .

هاۋا خېنىم يۇمشاپ كەتكەن نەيلىرىنى ئوڭشاپ لىغىرلاپ ئورنىدىن تۇردى. ھەممە ئايال جامائەت دۇرۇلدەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تەزىمدە تۇردى. بەگنىڭ گۇرسۇلدەپ باسقان ھەربىر قەدىمى هاۋا خېنىمنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، يۈزىگە دەسسەپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ھودۇقىنىدىن يەرگە قارىۋالدى. بەگ ھېچقانداق ئايالنىڭ تىنچلىق، ئامانلىق سورىشىغا جاۋاب-سالام سۆزى قىلمىدى. ھەممە باشلىرىنى كۆكسىگە ئېگىپ تۇراتتى. بەگ ئاياللارغا ئىنتىك ھەم سۈرلۈك نەزەردە قاراپ قويدى. بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭ پۈتلىرىنى كۆرۈۋاتقاندۇ، ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن چىقىپ تۇرغان خەنجەر دەستىسىگە يۈرىكى جىغىلدىغان ھالدا قاراشقاندۇ. هاۋا خېنىم پۇشايمان قىلغاندەك بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. بەگنىڭ تەلەتىگە بىر قاراش بىلەن دەررۇ بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى. «دېمەك، تولۇق تەسلىم بولدۇڭ. بولمىسا بوينۇڭنىڭ سۆڭىكىنى يۇلۇۋېلىپ كۆزۈڭگە تىقىۋېتەتتىم.» بەگ گۈلھېپىزەمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلگەن، يۈزلىرى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. «بىچارە تومۇچۇقۇم، ئەلۋەتتە قورقىسەن-دە، مەن قورقۇۋاتقان يەردە سەن قورقماسەن، يۈرىكىڭ مۇنداق مۇجۇلمىغان بولغىيتتى، چىدا، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

— بېگىم ... مەندىن ناپەسەنتلىك ئۆتتىمۇ؟

هاۋا خېنىم بېشىنى كۆتۈرمەستىن تىترىگەندەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى.

— ...

بەگ ئۇنىڭغا ئۇنچىقماي سۈرلۈك تىكىلىپ تۇرىۋەردى، خېنىمنىڭ پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە سىنچىلاپ قارىدى. هاۋا خېنىمغا

تىترەك ئولاشتى .

— بېشىڭنى كۆتۈر ... — ئاۋاز پەس ، ئەمما زەھەردەك ئاچچىق ئىدى . ھاۋا خېنىم ئۆزىنى يوقاتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ كەتتى . « ھىم ، سەنمۇ قورقۇشنىڭ تەمىنى بۇنىڭ بىلەن تەڭ تارت . » ھاۋا خېنىم كۆزىنى ھەر تەرەپكە ئەپقاچتى .

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە بېگىم ، ئوتتۇز يىللىق تۇزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ...

ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى . بېگىمنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى .

— خېنىم ساڭا ئامانەت ...

— خوش .

بەگ سۈرلۈك مېڭىپ كەتتى . گۈلھېپىزەم ھاۋا خېنىمنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى . ھاۋا خېنىمدەك تاغدەك يۆلەك ئۆرۈلۈپ تۈگىشىپ كەتكەچكە ، باشقا خوتۇنلارمۇ تەڭلا تۈگىشىپ كەتتى . ھاۋا خېنىم گۈلھېپىزەمگە كۈلۈپ قاراشقا قانچە تىرىشسىمۇ ئاغزى كۈلۈپ ، كۆزى كۈلەلمەي قالدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش لىغىرلاپ تولۇۋالدى . گۈلھېپىزەم يىراقتا پەلەككە تىل سوزۇپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا ، گۈلخان يورۇقىدا يېنىۋاتقان يات كۆزلەرگە ، قىزىرىپ كەتكەن يۈزلەرگە قاراپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇن ، ئۆيدىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا خېلىلا بېسىلىپ قالغاندەك بولدى .

بەگنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار ئۈنى - بۈنى دېيىشمەكتە ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزى ، پۈتۈن ئەس - يادى گۈلھېپىزەمدە ئىدى . قاياقتىن كىم سەكرەپ چىقار ، قاياقتىن خەنجەر ئۇچۇپ

كىبلەر ، قاراڭغۇلۇقتا ئۇ ئىزىدىن سەكرەپ چىقىپ ئۆلگۈرەلەر-
مۇ ؟ ئۇ ئارىلىقنى مۆلچەر قىلىپ باقتى . نېمە ئۇچۇندۇر خەنجەر
ئۇچۇپ چىقسا سەكرەپ قويۇپ تۇتۇۋالىدىغاندەك ، گۈلھېپىزەمە-
نىڭ يېنىغا بېرىشىغىلا خەنجەر ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى .
ئۇچۇپ كەلگەن نەرسە ھاۋا خېنىمغا تەگسە ... ئۇنىڭ كۆزى
ھاۋا خېنىمغا چۈشۈپ قالدى ۋە يۈرىكىدە بىر ئىچ ئاغرىقى
سەزدى . ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق ئوماق تۇمۇچۇق ئىدى ، ئۇ-
نىڭ قۇچىقىدا ئون بىر يېشىدا تېپىرلىغان . مانا ھازىر ئوتتۇز
يىل قولىنى كۆسەي ، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ ئۆتتى . بىراق ،
كۆنداشلىقى ، ياق ئىچى يامان ... نېمە دېگەنبىلەن ئۇنىڭمۇ ئۆز
يولى بىلەن ئوتى بار ، خەنجەر ئۇنىڭغا تەگسىمۇ بولمىغۇدەك ، بۇ
ئۆيدە ئۇ بولمىسا ئۆينىڭ غول تۈۋرۈكىدىن بىرى سۇنغان بو-
لىدۇ . بۇ ئۆيدە ئۇنىڭمۇ ئەجرى ئاز ئەمەس ، ئېغىر بولمىسىمۇ بىر
ۋەيرانچىلىق بولماي قالمايدۇ . بەگنىڭ كاللىسىدا ئۇنىڭ ئاشۇ
تۇمۇچۇق دەۋرى ناھايىتىمۇ غۇۋا ئەكس ئەتتى ، بۇ خوتۇن بۇ-
رۇنمۇ مۇشۇ پېتىدەكلا تۇيۇلدى . ئۇ باشقا كىچىك خوتۇنلىرى-
غا ... ياق ، ياق ، مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكەن ھېچكىم ، ھېچنېمە
زەخمەت يېمىسۇن ، ئۇلارمۇ يات ئەمەس ...

ئەيسا ئاۋىتى ئادەملىرىنىڭ تەكتى ئەسكى ئەمەس ، كىم
ئەسكى ئەمىسە ؟ ئۆزىما ... ئەمدى ئادەملەر ئۇنىڭ كۆزىگە خېلى
مۇلايىم قويدەك مېھرى ئىسسىق كۆرۈندى . بايىقى توڭگۇز
چىراي ، بۆرە خىرىس ئادەملەر مۇشۇما ، ماڭا شۇنداق كۆرۈنگەن
ئوخشايدۇ ...

— داد ئۇلۇغ بېگىم .

— نېمە گەپ ، — بەگ ئالدىغا لوككىدا چىقىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلغان قاۋۇل ئادەمگە چۆچۈپ قارىدى ، ئۇ

بېشىنى پەس تۇتقاچقا چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى . ئۇنىڭ ئوڭ قـولى كۆكسىدە ، سول قولى قۇرۇق ، ھېچنېمە يوق . ئوڭ قولى قوينىدىن ... ياق ، ياق ، بەك گۇمانخور بولۇپ كېتىپتىمەن . خـۇدا ئىمانىمنى سالامەت قىلغايسەن ، ئۇ قەستلىسە مېنى ئەمەس گۇلۇمنى ...

— ئىجازەت بەرسىلە ، مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن يېگى خېنىم بىلەن نىكاھلىرىنى ...

— كىم دېدى ؟

— بۇ يۇرت كاتتىلىرى كېڭىشىپ ...

— گېپىمنى ئاڭلا كالۋا ... خۇدا دىلىمغا ئاقلىق بەردى. كى ، قارا داغ يوق ، كىم دېگەن بولسا مۇشۇ گېپى ئۇچۇن بو- يىنى سۇغا سېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن .

بەگ تاتىرىپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ بوغۇلۇپ سۆز- لىدى . ئۇ يۇرتىدىن ئازار يېدى ، خاپا بولدى . مەن نىكاھسىز خوتۇننى ئاۋاتقا قەدەم باستۇردۇمما ، خەقنىڭ نەزىرىدە پاسىق ، ئىمانسىز ھارام بولدۇمما . ئۇ ھەممىگە تىكىلىپ قارىدى ، مۆتە- ۋەرلەرگە چەكچىيىپ قارىدى . يوغان سەللە ئورىغان باشلار تۆۋەنلەپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ، ئىگەكلىرى تىتى- رەپ كەتتى .

— ھەي ئاۋاتلىقلار ، جامائەت ... مەن كىم ؟

— ئەيسا بەگ ... — ناھايىتى ئاز ئادەم بوشلا جاۋاب قايتۇردى .

— مەن كىم ؟ — ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى .

— ئەيسا بەگ ... — ئۇلار بار ئاۋازى بىلەن ۋار- قىراشتى ، — ئەيسا بەگ ...

— مەن سىلەرنىڭ نېمەڭلار ؟

— يۇرت ئاتىمىز ... بېگىمىز ...
— بۇ يۇرتنى كىم بىنا قىلغان ؟
— سىز بىنا قىلغان ...
ھەممە ۋارقىراپ جاۋاب بەردى ، ئوغلاق تارتىشتىكى ۋارقىراشمۇ بۇنداق ھەيۋەتلىك بولمايتتى .
— بۇ تۇپراق ھالالمۇ ، ھاراممۇ ؟
— ھالال ، سىز بىز ئۈچۈن قان تۆككەن ، ئەجىر قىلغان ...
— بۇ تۇپراق كىمنىڭ ؟
— سىزنىڭ ، كېيىن بىزنىڭ ...
— مەن ھالال تۇپرىقىمغا ھارام ئاياغ باسسەنمۇ ؟ مەن مۇسۇلمان ، ئۆز تۇپرىقىم ئەمەس ، ئاللا ياراتقان ھەرقانداق تۇپراققا پاسىق ، ھارام ئاياغ باسىدىكەنمەن ، يەر چىرقىرايدۇ ، يەر ئاللاغا نالە ــ پەرياد قىلىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆز تۇپرىقىمغا ھارام ئاياغ باسالايمەنما ؟ مەن ھارام ئاياغ باسىدىكەنمەن ، ھەممە نېمەم ۋەيران بولىدۇ ، يۇرتتىن بەرىكەت قاچىدۇ ، شۇملۇق ياغىدۇ . مەن ئەيسا بەگ ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى ناپاك ھالدا بوسۇغىدىن ئاتلىمىدىم ، يېرىم بۇلغانمىسۇن ، يۇرتتىن بەرىكەت كەتمىسۇن دېدىم . مەن ئىمانىم بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن ، مەن پەقەت باشقا يۇرتتىن ئۆيلەندىم . ئۇمۇ بىر دولانلىق ، دولانلىق بولمىسىمۇ بىر مۇسۇلمان . مەن يۇرت ئاتىسى ، باشقا يۇرتتىن بىر خوتۇن ئالغانغا مېنى ناپاك ، ھارام دەمسىلەر ؟ مېنى ھاقارەتلەمسىلەر ؟ شۇنچە بوز يەر ئاچقان ، شۇنچە ئۆستەڭ چاپقان ، يۇرتنى دەريا ئاپىتى ، كاپىر يېغىلىقى ، بالا ــ قازادىن ساقلاشقا جېنىنى تىككەن ئادەمگە بىر مۇسۇلمان خوتۇن ئالسا شۇنچە ھاقارەت قىلامسىلەر ... ئاۋاتلىقلار ، ئىچىڭلارنى كەگرەك

تـۇتۇڭلار ، بۇ خوتۇن ، ـــ ئۇ بۇرۇلۇپ گۈلھېپىزەمگە قارىدى ، گـۈلھېپىزەم ئۇنىڭغا چىرايلىق قونچاقتەك تىكىلىپ قاراپ قالغا-نىدى . بەگمۇ قولىنى چۈشۈرمەي بىردەم قاراپ قالدى ، ئۇنىڭ قارچىغا كۆزلىرى ئېچىشقانىدى .

ـــ بۇ خوتۇن قالماق ۋەياكى باشقا تائىپىدىن ئەمەس ، بىز بىلەن قان قېرىنداش مۇسۇلمان ، تەكتى يەتمىش ئىككى مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان ، ئاتا تەرەپ جەمەتى قارا تال دولان ، ھەممە تەرىپى دولان ، بىر مۇسۇلمان . سىلەرنىڭ ئىچىڭلار نې-مىدېگەن تار . سىلەر كەڭ دەريا بويىدا ياشايسىلەر ، نېمشقا بۇ دەريانىڭ سۈيى سىلەرگە سىڭمەيدۇ ؟

ھەممىنىڭ بېشى پەسلەپ كەتكەنىدى .

ـــ بولدى ، مەشرەپ باشلانسۇن !

ـــ داد بېگىم .

ھېلىقى قاۋۇل ئەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئېگىلىپ تۇردى .

ـــ يەنە نېمە دەيسەن ؟

ـــ كىچىك خېنىمنىڭ مېھىر ھەققى ...

ـــ ئاڭلا خالايىق ، كىچىك خېنىمنىڭ مېھىر ھەققى ئۈچۈن خېنىيادىكى قويدىن ئۈچ يۈز ، قىرىق تۆگە ، تاكاستىكى يىلقامدىن يىگىرمە ئات ، شاكىلاۋات بىنامدىن يۈز پاتمان يەر ، بوز دۆڭدىن ئىككى يۈز پاتمان يەر ئاتىدىم .

ـــ ئامىن ، ئاللا قۇت نېسىپ قىلسۇن ، ـــ ھەممە قازىنىڭ باشچىلىقىدا دۇئا قىلدى ، دۇئا سوغۇق كەيپىياتتا بولدى ، ھەم-مىنىڭ كۆزى بەگكە ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ ، دېگەندەك تىكى-لىپ قالغانىدى .

ھاۋا خېنىمنىڭ چىرايى بۆلەكچە كۆكىرىپ بىردىنلا

كېسىلى تۇتۇپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك كەلدى، چىشلىرى كىرىشىپ كۆزىنىڭ قارىسى ئارتىشىپ كەتتى. ئاياللار چۇرقىرىشىپ ئۆرە ــ تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. بەگنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ماخمۇتبەگ، سىلىمبەگ دېگەن ئوغۇللىرى ئاتىسىغا يەۋەتكۈدەك قاراپ قويۇپ چۇۋۇلغان توپ ئارىسىغا كىردى. ئەرلەر سورۇنىمۇ ئۆرە ــ تۆپە بولۇپ كەتتى. بەگ سورۇن ئوتتۇرىسىدا بىردەم تېگىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ ئاياللار سورۇنىغا باردى. ئادەملەرنى ئۇياق ــ بۇياققا ئىتتىرىپ، سىلكىۋېتىپ تۈگۈلۈپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالغان گۈلھېپىزەمنى كۆرۈپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ ئۆزىگە يول بوشىتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئاياللارنى تۈرتۈپ ئىتتىرىپ گۈلھېپىزەمنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ، ئاندىن پۇت ــ قوللىرى تارتىشىپ سوزۇلۇپ ياتقان چوڭ خوتۇنىغا قارىدى.

بەگنىڭ سالاپىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى تۇتمىغان سويىما بالىلاردەك ھايا قىلماستىن، كىچىك خوتۇنىنىڭ بېقىندىشى بولۇپ تۇرۇشى ھېچقانداق كۆزگە سىغمىدى. بەگنىڭ ياتلىق بولغان ئون ئالتە ياشلىق تەتۈر ئۇستىخان كىچىك قىزى شەرىپە خېنىم ئانىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكىرەپ يىغلىغىلى تۇرغانىدى، ئاق رومال ئارتقان تېۋىپ قۇشناچىم كېلىشىگە، شەرىپە خېنىمنى ئىككى ئاكىسى تارتقۇشلاپ ئانىسىدىن نېرى تارتتى. قۇشناچىم ھاۋا خېنىمنىڭ چېكىسىنى، تۇمشۇقىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى. بەگ سۈرلۈك ھالەتتە قارچىغا كۆزىنى چوڭ خوتۇنىغا تىكتى، ئۇنىڭ ئىچى كۆيۈشۈۋاتقاندەك بولدى. ئۈچ بالىنىڭ ئالتە جۈپ كۆزى تەلۋىلىك بىلەن ئاتىسىغا، ئۆگەي ئانىسىغا تىكىلگەنىدى. شەرىپە خېنىمنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى ئارىسىدىن ئاتىسىغا تىكىلگەن كۆزى بەئەينى ساراڭنىڭ كۆزى

ئىدى . بىغىر كۆزىدىن توخنىماي قويۇلۇۋاتقان يېشى قارامتۇل چوڭ يۇزىنى يۇيۇپ ، ھەربىر ئىغىر ئۆكسىگەندە يېشىغا ماس كەلمەي بىراقلا شەبنەم كاۋىسىدەك ئىششىپ چىققان كۆكسى سىيمىز بوتىلاقنىڭ لوكىسىدەك تىترەپ كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسىيىپ كېتەتتى . بەگ بالىلىرىنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ۋە يەنە باشقا دۈشمەنلەرچە يېنىۋاتقان كۆزلەرگە ۋەھىمە ، خەۋپسىرەش بىلەن تېز ـ تېز قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ تۈلكە تۇماق ئاستىدىكى يېگى قىردۇرغان بېشى تەرىنىڭ زەھىرى بىلەن ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى . شەرىپە بىر يۇلقۇنۇپلا ئاكىسىنىڭ قولىدىن بوشاپ چىقىپ ، ئاتىسىنىڭ بىقىنىغا چاپلىشىپ تۇرغان گۈلھېپىزەمنىڭ چېچىدىن ئالدى . گۈلھېپىزەمنىڭ سۆسەر كەمەچىتى قاڭقىپ چىقىپ يەرگە چۈشتى .

— ئانامنى تۆلە ... جادۇگەر جالاپ ... ئانامنى تۆلە !

گۈلھېپىزەم قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ۋەياكى خىجىللىق ، يۈز ـ خاتىرىدىنمۇ ، قول كۆتۈرمەستىن چېچىنىڭ ئاغرىقىدا بوينى بىلەن تەڭ تولغىنىپ « ۋايجان » دەپ ئىزىغا يىقىلدى . بەگ قول سوزۇپ بولغۇچە شەرىپە خېنىممۇ گۈلھېپىزەمنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ پومداقلاپ ئۇرۇپ كەتتى . بەگ :

— قويۇۋەت ، شەرىپە ... قويۇۋەت سارالڭ ... — دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ قىزىنىڭ چاچنى تولغاپ تۇتۇۋالغان قولىنى قايرىپ ، بوينىدىن تۇتۇپ بىر تارتتى . گۈلھېپىزەم « ۋايجان » دەپ چىرقىرىۋەتتى . ئۇ گۈلھېپىزەمنىڭ قۇلىقىغا چاڭگال سالدى ۋە قۇلاق بىلەن قوشۇپ ئالتۇن زىرىنى تەلۋىلىك بىلەن كۈچەپ تارتتى ، گۈلھېپىزەمنىڭ قۇلىقى يىرىلىپ كەتتى ، بەگنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى .

— ھۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز ..

بەگ قىزىنىڭ چۈۋۈلغان چېچىدىن قاماللاپ ھاپپاق[1] بىلەن ئۇرۇۋەتتى.

— مەن كىم؟ ... سېنىڭ نېمەڭ؟ سارالڭ قانجۇق، — بەگ بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى. شەرىپەنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان كەتتى. گۈلھېپىزەم قولىقىنى ئالىقانداپ ئۆرە بولۇپ بەگنىڭ بىقىنىدا جىممىدە تۇردى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىلىنىپ، قولىقىدىن ئاققان قان يۈز، بويۇنلىرىغا سۈۋۈلۈپ كەتكەنىدى. دېدەكلەر، خۇشامەتگۈي ئايالار ئۇنىڭغا يېقىنلىشۇىدى، بەگ ھېچقايسىسىنى يېقىن يولاتمىدى. بەگ قولىنى يەنە سوزۇپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، بويىنىدىن چۈشۈرمەي، گەدىنىگە تەرەت قىلىپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ باققان ئامراق قىزى ... ئۇنىڭ مېڭە ـ مېڭىلىرىگە يىغا ياماشتى ...

— ئوبدان بالام ... مەن سېنىڭ نېمەڭ؟...

قىزى بۇرنىدىن، ئاغزىدىن قان بۇلدۇقلاپ قۇيۇلغان پېتى كۆزىدىن ئوت چاچرىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— ھە ... گەپ قىلە، مەن سېنىڭ نېمەڭ؟

شەرىپە «شالاق» قىلىپ ئاغزىغا يىغىلغان قاننى بەگنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋەتتى.

— ۋۇ ۋاپاغا جاپا پاسكىنا ... — بەگ قىزىنىڭ بويىنىدىن قامالاپ تۇتۇپ ئوغلاقنى چۆرىگەندەك چۆرۈۋەتتى، شەرىپە يەرگە يومىلاپ ۋايجانلاپ كەتتى.

— پاشىغا چاقتۇرمىغان ئامراق قىزىدىنمۇ كەچتۈرۈپتۇ بۇ جادۇگەر خوتۇن، ئوقۇتۇپ بېگىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاپتۇ ...

توپ ئارىسىدىن زىل ئاۋازلىق ئەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاش

[1] ھاپپاق — تەستەك.

ماستىن :

— ئاتامنى يوقاتقان جادۇگەرنىڭ قېنىنى ئىچمەيدىغان بولسام ... — دەپ ۋارقىرىغانچە سىلىمبەگ ئېتىلىپ كەلدى . ئۇ كېلىۋېتىپ قويىنىدىن زەنجىرگە بېكىتىلگەن چويۇن چوماقنى ئېلىپ پىرقىراتتى . خەقلەر چۇرقىرىشىپ ئىككى تەرەپكە قاچتى .

— ئوغلۇم سىلىم ... پەيلى شەيتاندىن يان ... — بەگ ئوغلىنى توردى . چوماق قېيىپ كېلىپ بەگنىڭ سول قولىغا تەگدى ، بەگ « ۋاي ... » دەپ بىر تولغاشتىيۇ ، ئوڭ قولى بىلەن ئوغلىنىڭ بويىندىن پۆكلەپ ئوقىرىكنى تۇتۇپ تۇرۇۋالدى .

سىلىمبەگ ئاغرىققا چىدىماي بىر يۇلقۇنۇپلا ۋايجانلاپ يەرگە يۇمىلىدى ، ئۇنىڭ ئوقىرىكى سۇنغانىدى .

— سەن جادۇگەر جالاپقا تېتىمايدىغان بولسام ...

بەگ يۇمىلىنىۋاتقان ئوغلىغا لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا قاراپ تۇرغاندا ، بىر قارا تۇماقلىق ئادەم توپ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى . ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن جەرەن مۈڭگۈزى ساپلىق سېرىق بۇيا خەنجىرى بار ئىدى ، ئۇ ھاۋا خېنىمنىڭ چوڭ ئوغلى ماخمۇتبەگ ئىدى . بەگنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ ئالدىغا بېرىپ توسۇۋىدى ، بۇ قارام تەلۋە ھېچ ئەيمەنمەستىن بەگكە ئىككى قېتىم خەنجەر شىلتىدى . بەگنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى ، ئۇ سول قولىدا گۈلھېپىزەمنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ ، ئوڭ قولىدا قويىنىدىكى سېرىق شەمشەرنى سۇغۇرۇۋالدى . ماخمۇتبەگنىڭ كۆزلىرى ياۋايىلىق ، ئەسەبىيلىكتىن قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەمدى خەنجەرنى بەگكە نىشانلاپ ئېتىلىپ كەلدى .

بەگ :

— ياللا ، — دەپ بىر ۋارقىراش بىلەن ماخمۇتبەگنىڭ

ئوڭ قولىغا ئۇردى .
— ۋايجان ... ۋاي قولۇم ... مەن ئۆلدۈم ... — ماخمۇتبەگنىڭ قولى بىغىشىنىڭ سەل يۇقىرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى . ئۈزۈلگەن قول يەردە قان چىچىپ سەكرەيتتى ، ماخمۇتبەگ يەردە يۇمىلاقلايتتى . بىر توپ ئادەم كالتەك ، نەيزە ، چوماق ، خەنجەر ، ئوقيا بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى .
— توختاش ! جىنىڭغا ھېزى بولۇش ! ...
توقۇز چاكار بەگ بىلەن گۈلھېپىزەمنى ئوراپ ۋارقىرىدى .
— ھاي ... ھاي ، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار ، يۇرتتىن ئىنساپ ، دىيانەت قاچتىمۇ ، ئىمان كەتتىمۇ ؟ دىلىڭلارنى قارا بۇس قاپلاپ كەتتىمۇ ؟ سىلەرگە تىغ كۆتۈرتكەن كىم ؟
ئوسمان قازىنىڭ يىغلامسىراپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . لېتىپ داموللام بىر كەلىمە ئايەتتىن كېيىن كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ، ھەممە قوللار دۇئاغا كۆتۈرۈلدى . لېتىپ دامولللامنىڭ ئورۇق يۈزىدىكى ئاق كۆركەم ساقىلى تىترەپ ، كۆزىنىڭ ھەر يۇمۇلۇشىدا چوڭقۇر نۇرسىز كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى . خەقنىڭ ئۆپكىسى بېسىقتى . بەگ گۈلھېپىزەمنى يېنىدا تۇرغۇزغان ، تاتارغان ، قىلىچنى سىقىمدىغان پېتى توپنىڭ ئوتتۇرىدا يالغۇز دەرەختەك تۇراتتى . ئۇ دۇئاغا قولمۇ كۆتۈرمىدى ، ئۇنىڭ قارچىغا كۆزلىرىدىن رەھىمسىز غالجىرلىق ياغاتتى . چاكارلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى . ئادەملەرنىڭ قولىدىكى ياراغلار غايىب بولۇپ ، بەگكە ئۈنسىز چەكچىيىپ قارىشاتتى .
— مەن خۇش بولاي ... بۇنداق قىلىشماڭلار ، قان

تۆكمەڭلار ... ئۇ ... بېگىمنى ئۇنتۇماڭلار ، ئۇ مۇشۇ يۇرتنى قۇر-
غان يۇرت ئاتىسى ، ھەممە گۇناھ مەندە ، مەندىن ئۆتتى ...

ھاۋا خېنىم ھوشىغا كەلگەندى . ئادەملەرنىڭ بېشى پەسلىدى . باغ ئىچى جىمىلىقتا چۆكتى . گۆش پىشۇرۇۋاتقانلارمۇ ، چۆپ يېيىۋاتقانلارمۇ ، يۈگۈر يېتىمچى چاكار ، دېدەكلەرمۇ ، ھامماللارمۇ تۇرغان جايىدا قېتىپ قېلىشقانىدى . بەگنىڭ ئوغلى سېلىمبەگمۇ ، ماخمۇتبەگمۇ كۆرۈنمەيتتى . گۈلخان پاراسلاپ كۆيۈپ ھەممە ياقنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئوت رەڭگىگە كىرگەن ، سارغايغان يوپۇرماقلار پەس شىلدىرلايتتى . يىراقلاردىن ئىتنىڭ قاۋىغان ، تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ، تىنغۇسىز بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى .

— يوقال ! ... ھەممىڭ يوقىلىش ، ئىمانسىزلار ، ۋاپاسىزلار ... يوقال ! ھەرقايسىڭنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ! مەن سەنلەرنىڭ بېگىڭ ئەمەس ... سەنلەرگە بەرگەن تۇزنى مۇشۇ تۇپراق يېسۇن ، ئىت يېسۇن ، يوقىلىش ! ...

بەگ ئەمدى خەقلەر دېگەندەك رەسمىي ساراڭغا ئايلىنىپ قالدى ، ئۇ بوغۇلۇپ كەتتى . تۈلكە تۇمىقىنى چۆرۈۋەتتى ، جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى ، يەردىن توپا ئېلىپ ئادەملەرگە چاچتى ، سورۇن ئوتتۇرىسىدا تۇرغان دولان راۋابى ، داپ ، غىجەك ، قالۇنلارنى ئادەملەرگە ئاتتى ، توپىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ چاچتى ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگىمۇ ، قېرى بوۋايلارغىمۇ ، ئاياللارغىمۇ چاچتى .

— يوقىلىش ! نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن ، بۇ مېنىڭ يېرىم ، مېنىڭ ئۆيۈم ! تۇزكور ، نائىنساپ بەدبەخلەر ، خۇمسىلار ، يوقال ، كېتىش ، ھەممىڭنى قىلىچلاپ قارىڭنى يېرىۋېتىمەن ! ...

ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ تارقاپ باغدىن چىقىپ كېتىشتى . ئاخىر باغدا گۈلھېپىزەم بىلەن بەگلا قالدى . گۈلخانىلار ، قايناۋاتقان قازانلار ، داستىخان ، داستىخاندىكى پۈتۈن پىشۇرۇلغان گۆشلەر ، ياغلىق توقاچلار ، مېۋە ، قوغۇنلار ھەممىسى بۇلغاندى . بەگ تېخىچە يەرنى تاتىلاپ توپا سورۇپ :

— يوقال ! بۇ مېنىڭ تۇپرىقىم ، مېنىڭ يۇرتۇم ، سەنلەرنىڭ مېھمان مەن دەپ گېزىرىپ تۇرۇۋېرىشكە نېمە ھەققىڭ بار ، — دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى . گۈلھېپىزەمنىڭ قۇلىقىدىكى قانلار توختاپ بويۇن ، يۈزى ، مۈرىسى ، كۆكسىدە قېتىپ قالغان ، يۈزىدىكى قانغا چاپلىشىپ قالغان چاچلىرى ئۇنى ئاجايىپ بىر سىياققا كىرگۈزۈپ قويغانىدى . ئۇ ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ توختىماي توپا چېچىپ يۈرگەن بەگكە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى . بەگ نانلارنى ھەر تەرەپكە ئاتتى ، چۆپلەرنى توپا چاچقاندەك چاچتى ، چىنە ـ تاۋاقلارنى چەيلىدى ، پۈتۈن قوينىڭ پىشۇرۇلغان گۆشىنى توپىغا چۆرىدى ، قازانلارغا توپا چاچتى ...

— بېگىم ... بېگىم ... — گۈلھېپىزەم ئۇزاق ھاڭۋېقىشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ۋارقىراپ بېرىپ بەگكە ئېتىلدى . بەگ گۈلھېپىزەمنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى :

— مېنىڭ ھېچنېمەم يوق ، قان قېرىندىشىم ، باللىرىم ، تۇغقانلىرىم ، تۈز بەرگەن دوستلىرىم ، يۇرتۇم ھەممىسى دوست ئەمەس ئىكەن ، دوۋزىخى ۋاپاسىزلاركەن ! بۇ ۋاپاسىز دۇنياكەن ، مېنىڭ شۇنچە قىلغان ياخشىلىقلىرىم ، ساۋابلىرىم ، بۇ خەققە ... ھېچكىمگە قىلچىلىك ئۆتمەپتۇ ! مەن قەرزداردەك ، مەن شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغاندەك ، ئۆمۈر بويى رازى قىلىپ بىر

قـېـتىم قىلدىن قېيىپ كەتسەم ماڭا كۆن يوقكەن ! ۋاپاسىز جا-
هان ، ۋاپاسىز دۇنيا ! تۇزكورلار ... مېنىڭ نېمە گۇناھىمغا مۇ-
شۇنداق جازالايسەن ؟ ! ئۇلۇغ خۇدا ، ئوتنى ئۆزۈڭ سېلىپ قو-
يۇپ ، يەنە ئۆزۈڭ كۆل قىلامسەن ؟ !

# ئىككىنچى باب

بىر ئاي بولدى ، بەگ گۈلھېپىزەمنىڭ ھۇجرىسىدىن تالاغا چىقمىدى ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى ، ھۇجرىغا تاماق بىلەن تەرەت توشۇيدىغان قېرى خىزمەتكار ئايالدىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى . ئۇ توختىماي چىلىم تارتاتتى ، قازا نامازلىرىنى ئوقۇيتتى ، ئورۇقلاپ باشقىچە ئىسكەتكە كىرىپ قالـ غانىدى . ئۇ ئەمدى گۈلھېپىزەمگىمۇ بۇرۇنقىدەك كۆپ گەپ قىلـ مايدۇ . ئېيىق تېرىسى سېلىنغان ياغاقتىن ياسالغان كۇرسىدا بىر ئولتۇرسا شۇنداق جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىدۇ . بەزىدە ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپ يېنىغا بارسا كۆزى ئوچۇق تۇرغان ياكى كۆزى يۇمۇلغان ، ئەمما كۆز قۇيرۇقلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقىۋاتقان . بەگ قورۇسىدىكى بۇرۇنقى ۋاراڭ – چۇرۇڭ خۇشال كەيپىياتلار ئۆلگەن ، مەدىكار ، چاكار ، دېدەكلەرمۇ ، بەگزادە ، خېنىملارمۇ پەم بىلەن مېڭىپ قۇلاقداپ گەپلىشىدۇ . بەگكە چۈشكىچە كۇرسىدا ئولتۇرۇش ، چۈشتىن كېيىن ئوچاق ئالدىدا مورىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چىلىم تارتىش ئادەت بولۇپ قالغان . بەزىدە نامازدىن كېيىن ئوچاق ئالدىدا بۆرە تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مورىغا يۆلەنگەن پېتى ئۇخلاپ قالىدۇ . گۈلھېپىزەم بۇ گۈن ، ئەتە كۈنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ غېمىدە . بۇنداق بۇرۇقتۇرمـ

لىق قاچانغىچە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ئىچىدە يىغلايدۇ . ئۇنىڭ
ئېغىر بوي بولۇپ قالغىنى غېمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . پات ـ
پات ئوغلىنى ، ئېرىنى سېغىنىپ پۇشايمان قىلىدۇ ، ئەمما يەنە بۇ
قېرى ئادەمنىڭ مېھرىدىن ھەرگىز كېچەلمەيدۇ . شۇلارنى ئويلى-
غان چاغلىرىدا ، ئەيسا بەگنىڭ كۆڭلىنى يۈرىكىدە دەڭسەپ بې-
قىپ چۆچۈپ كېتىدۇ . شۇئان ئوغلىنىڭ ئوماق چىرايى ، ئېرى-
نىڭ قىزغىن ياشلىق يېغىپ تۇرغان قارا شاپ بۇرۇتلىرى ،
ئۆتكۈر چاسا كۆزلىرى غۇۋالىشىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا چوقۇر ،
ئىلمەك بۇرۇن ، سېرىق سىمدەك قىلچاڭ قويۇق ساقال ، قېرىلى-
قىنى چاندۇرمايدىغان سۈرلۈك كۆزلەردىن چىققان سېرىق ئۇچ-
قۇن يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا ئۇرۇلىدۇ .
ھاۋا خېنىم ، بەگنىڭ ئىككى كىچىك خوتۇنى ، پۈتۈن
ئۇرۇق جەمەت ، شەرىپە ، سىلىمبەگ ، ماخمۇتبەگلەر بەش قېتىم
ھۇجرا ئىشىكىدە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆزرە سورىدى . ھاۋا
خېنىم ئۆزىنى كاچاتلاپ توۋا قىلدى ، سىلىمبەگ ھۆڭرەپ يىغ-
لىدى ، شەرىپەمۇ ئاتىسىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ ھەممە بىلىدىغان
گەپلىرىنى دېدى ، ئەمما ھۇجرىدىن ــــ مورىغا يۆلىنىپ ئولتۇر-
غان ئەيسا بەگدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى . بەشىنچى قېتىمدا
شەرىپەنىڭ ھۆڭرەپ يىغلاپ بوسۇغىغا باش قويۇپ نالە قىلىش-
لىرى بەگنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى . گۈلھېپىزەممۇ ئۆزىنى تۇ-
تۇۋالالماي چېچىنى ئاغزىغا تىقىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى :
ــــ ئوبدان ئاتا ... جېنىم ئاتا ، مەن ئەقىلسىز قىزىڭغا بىر
قېتىم ئىچ ئاغرىتقىن ... شۇنچە ئامراق قىزىڭنىڭ بىر قېتىملىق
نادانلىقىنى شۇنچىۋالا كۆڭلۈڭگە ئالارسەنمۇ ؟ مەن تېخى كى-
چىك ، .بىر قېتىم گۆدەكلىك قىلغىنىمغا مېنى كۆڭلۈڭدىن چى-
قىرىۋەتتىڭمۇ ؟ ... مېنى قىزىم دېمىسەڭ ، مەن كىمنى ئاتا دەي-

مەن ، كىمگە بويۇن قىسىمەن ، مەن ئاچامدىنمۇ ، سەندىنمۇ رازى . ماڭا رەھىم قىلغىن ، ئاتىسى يوق يېتىم بولۇپ قالسام مەن نەلەردە خارلىنىمەن ...

بەگنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

— ئوبدان ئاتا ، ئاچا ، مانا ، بوينۇمغا قىل ئارغامچا سالدىم ، ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار ، مەن تىزلىنىپ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ پۇتۇڭلارغا باش قويۇپ ئەپۇ سوراي ... ئوبدان ئاتا ، بىزگە ئاتا بولۇڭ ، يۇرتقا ئاتا بولۇڭ ، ئۇنداق قىلماڭ ...

— ئاتاڭلار يوق ... ئەمدى ئاتام بار دېمەڭلار ...

بەگ شۇنداق پىچىرلىدى ، كۆز يېشى زادىلا توختىمدى ، ئەمما جەمەتلىرى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازىنىمۇ ئايىدى .

قازى ، لېتىپ داموللام باشچىلىقىدا يۇرت كاتتىلىرى سەككىز قېتىم ئۆزرىگە كەلدى ، ئەمما ھەر قېتىمدا بوسۇغىدىن ئاتلاپ بەگ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى . ئۇلار بۇ ئىرادىلىك ئادەمنىڭ يەنە بۇنچە جاھىل ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىشتى . ئۇنىڭ يۈرىكى قېتىپ كەتكەنىدى . سەككىزىنچى قېتىم يۇرتنىڭ ئەرلىرى ھەممىسى كەلدى ، قورۇ ئىچىگە ئادەم پاتماي قالدى ، ئۆگزىلەردىمۇ ئادەملەر قارا شامدەك تۇرۇپ كېتىشتى . لېتىپ داموللام بىر مۇنچە دۇئا ، ئايەتلەرنى ئوقۇدى :

— ئۇلۇغ بېگىم ، يۇرت ئاتىسى بولغۇچى ئۆزلىرىنىڭ خام سۈت ئەمگەن پۇقرالىرىنىڭ كەم ئەقىللىقى بىلەن دىللىرى ئازار يېدى . سىلىنىڭ دىللىرى ئازار يېگەچكە ، پۈتۈن يۇرتنىڭ دىلىمۇ ئازار يېدى . ھېچۋاقتا كۆرمىگەن ئاپەتلەر يۇرتنىڭ بېشىغا كەلدى . چاشقان ئاپىتى پۈتۈن يۇرتنىڭ ساڭلىرىنى شاكال قىلىۋاتىدۇ ، كۆيدۈرگە كېسىلى مال – ۋارانلىرىمىزنى قىرىۋاتىدۇ ، ئاغرىق – سىلاق ، ئۆلۈم – يېتىم كۆپەيدى ، ئوغرى – يال-

غان ئەۋج ئالدى ، يۇرت ئىگىسىز پادىدەك ھەر تەرەپكە قاڭقىدى . بۇ تۇپراق سىلىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى تېگىش بىلەن گۈللىگەن ، يۇرت بولغان . يەر سىلى ئازار يېگەندىن باشلاپ مۇشۇنداق كۈلپەتتە قالدى . ئامەت سىلىدىكەن ، يۇرتنىڭ ئامەتمۇ سىلى بىلەن ئىكەن . سىلى يۇرت ئاتىسىدىن ئايرىلساق ، يۇرتىمىز توزۇپ ئادەملىرىمىز تېنەپ چىقىپ كېتىپ ، ئاۋات ، بىزنىڭ ئاۋۇتىمىز قاغا ــ قۇزغۇنلارنىڭ چاڭگىلىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن ... بىر قېتىم ئەپۇ قىلسىلا ، پۈتۈن يۇرتنىڭ سىلىگە چېيى بار . بىز گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلىنىڭ ناملىرىدا چوڭ مەسچىت ياسايلى ، مەدرىس قۇرايلى ، كۆل كولايلى ، يەنە يەر ئاچايلى ... ئامىن !...

ھەممە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ بەگكە ، گۈلھېپىزەمگە ئىنساپ ، ئىمان ، ئۇزۇن ئۆمۈر ، بەخت تىلىدى ...

ئەمما ، ئۆيدىن بىر تىنىق چىقمىدى . شۇ كۈنى كەچتە ، بەگنىڭ تۇنجى قېتىم چىرايى ئەسلىگە كەلدى .

— يەنە ئولتۇرۇۋەرسەڭ سوغۇق چۈشۈپ كېتىدۇ ، بىز كېتەيلى .

گۈلھېپىزەمنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جۇدەڭگۈ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى .

— نەگە ؟

— ھازىرچە قاغىلىق تەرەپكە كېتىپ ، قىشنى چىقىرىپ ، خۇدا بۇيرۇسا كېلەر يىلى ئۆلمەي سالامەت قالساق ، ھەرەم تەرەپكە چىقىپ كېتىمىز .

گۈلھېپىزەم بېشىنى ئەگدى ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

— ئەخمەتنى قىچىرىڭلار .

ئەخمەت بەگنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك چاكىرى ھەم سىر-
دىشى ئىدى .

ئەخمەت تۇنجى بولۇپ بوسۇغا ئاتلىغان ئادەم بولدى .

— خوش بېگىم ، — ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇر-
دى . ئۆزى پاكار ، ئەمما ئەنلىك كەلگەن بۇ ئادەم ناھايىتى
پاراسەتلىك ئىدى ، كەم گەپ قىلاتتى ، ياشلا تۇرۇپ ساقال قو-
يۇۋالغانىدى .

— بۈگۈن كېچە تۈن تەڭ بولغاندا سەپەرگە چىقىمىز .
خىل ئاتتىن بەشنى تەييار قىل . ھېچكىمگە تىنما ، قىلغان ئى-
شىڭنى ئىنس ـ جىنمۇ تۇيمىسۇن .

— خوش ، بەجا كەلتۈرىمەن .

— توختا ، — بەگنىڭ پۈرۈلۈپ كەتكەن چىرايى ، ئا-
دەتتىن تاشقىرى ئىچكىرىلەپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنى يەنە باش-
قىچە تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى .

بەگ ئۇنىڭغا پۈتۈن زېھنى بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى .

— ئۆپكەڭنى باس ئەخمەت ، سەن ھېچقانداق ئەركەككە
ئوخشىمايسەن ، پۇختا ئادەمسەن . ئەمما ، سەن تاش سانىسالڭ
مەن قۇم سانايمەن ، بىلدىڭمۇ ؟

— مەن قامچا يېمەيدىغان ئاتلىرى ، بېگىم .

بەگ رازى بولۇپ مىيىقىدا كۈلدى .

— ئەنسىرىمىگىن ، يەنە بىر ئات قوشۇۋال . تا ھازىرغىچە
ئۆزۈمنى بىلىپ سېنى بىلمىگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلسامۇ
ئورنىغا كەلمەيدۇ . يەڭگەڭگىمۇ مۇڭداش لازىم . مەچىكىڭ ①
سېنى تۈگمەن بېشىدا ساقلاپ تۇرسۇن .

— خۇدا سىلىنى يېقىن بەندەم دېگەي بېگىم .

---

① مەچەك — بولغۇسى ئايالىڭ دېگەن ئەركىلەتمە مەنىدە .

ئەخـمەتنىڭ كۆزىدىن ياش كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بەگ
گـۈرسۈلدەپ مېڭىپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئوڭ قولى بىـ
لەن بەلۋېغىدىن كىندىكچىلەپ دەس كۆتۈرۈپ يەنە دەسسىتىپ
قـويدى، ئاندىن مۈرىسىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى. ئەخـ
مەتنىڭ خۇشلۇقتىن بويى ئېگىزلەپ كەتكەندەك بولدى. بۇ
بەگنىڭ كەمدىن ـ كەم قىلىدىغان ھەرىكىتى ــ كۆڭلىگە ئەڭ
يېقىن تۇتىدىغان ئادىمىدىن چەكسىز رازى بولغان ياكى خىجىل
بولغان چاغلاردا قىلىدىغان ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەت شۇ
كىشىگە ئەيسا بەگ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىنئام ئىدى، مۇنداق
ئىـنئامغا ئەخمەت ئون ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ئېرىشـ
كەنىدى.

ــ بۇ سەپەرنىڭ قانداق سەپەرلىكى كۆڭلۈڭگە چۈشـ
كەندۇ؟

ــ شۇنداق بېگىم.

ــ نېمە قىلىشنى بىلەمسەن؟

ــ بىلىمەن، كۆڭۈللىرىنى توختاتسىلا بېگىم.

ــ ياراغنى ئەپچىللەپ ئال، ئاتنى ...

ــ پايپاقلاپ قويىمەن.

ــ قارا كۆز مەچىكىڭگە تىنىشقا ئۈلگۈرەمسەن؟

ــ ئامالىم بار.

ــ ئىنس ـ جىن تۇيمىسۇن.

ــ بىلدىم بېگىم.

ئەخمەت چىقىپ كەتتى. بەگنىڭ سۇنۇق چىرايى خو-
تۇنىغا يۈزلەندى، يېقىنلاپ كېلىپ ئۇنىڭ يۇمشاق يۈزىنى قوپال
ئالىقىنىدا سىلاپ قويدى.

ــ ئارمـانلىرىم جىق ئىدى، ھېچقانداق راھەت كۆرسـ

بەگ گۈلھېپىرەمنىڭ چاچلىرىغا تۇمشۇقىنى چۆكۈرۈپ چوڭقۇر تىنىدى.

— راھەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىنىمگە ئۇزاق بولمىدى...

گۈلھېپىزەمنىڭ كۆزلىرىدە دەسلەپ ئاجىز، بارا ـ بارا كۈچلۈك ئەسەبى بىر قاينام ھاسىل بولدى. كۆزىنىڭ چوڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ھىم، سولاشقان نېپىز لەۋلىرى يېرىلىپ، قورۇقلار يوقالدى، دېمى سىقىلغاندەك چوڭقۇر تىنىدى. ئۇ كۈچەپ بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتى، ئەمما ئاغزىدىن گەپ چىقمايتتى. كۆزىدە پەيدا بولغان غايەت زور قاينام بەگنى يۇتۇۋەتكەندەك، بەگمۇ بۇ ئەسەبىي قوزغىلىشتىن نىمجان بېلىق سۈزۈك سۇغا شۇڭغۇغاندەك بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇدى...

بەگ قەدىمىي ساپال چىراغنى ياخشىلاپ پىلىكلىگەندىن كېيىن، قازناقنىڭ بۇلۇڭىدىكى كونا مورىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن سول تەرەپ يان تېمىدىكى بىر مۇدۇرنى كۈچەپ تارتىۋىدى، يوغان بىر ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ قاراڭغۇلۇقتىن نەم، ئېچىغان ھاۋا ئۇرۇلدى. ئۇ بىردەم جىم تۇرۇپ سەگگىرىگەندىن ①كېيىن، ئىچكىرى كىرىپ ئىشىكنى پەم بىلەن ياپتى. ئىشىك غايىب بولۇپ مورا كەم ـ كۈتىسىز پۈتۈنلەندى.

خېلى كەڭرى ئۆيدە گىلەم يېپىپ قويۇلغان بىر جۈپ ئېگىز قەبرە بار ئىدى.

بەگ گىلەمنى ئۆرۈپ تاشلىۋېتىپ قەبرە گۈمبەزچىقىنى قۇچاقلاپ كۈچەپ كۆتۈرۈۋىدى، ئۈستى تولۇق ئېچىلدى. گۈمبەزچاق شالدىن ئېگىپ ياسالغان، ئۈستى كاكىللىنىپ، چانمىغۇدەك ھاكلىۋېتىلگەنىدى. قەبرىنىڭ ئىچىدە يوغان سې-

① سەگگىرىگەن — بىر نەرسىلەرنى غۇۋا كۆرۈش.

رىق ساندۇق كۆرۈندى. بەگ بىر بۇلۇڭدىن ئۇزۇن قارا ئاچقۇچنى ئېلىپ تۆمۈردىن ياسالغان قەدىمىي ئۇزۇنچاق ئۆشكەل قۇلۇپنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىدە لىققىدە ئالتۇن - يامبۇ بار ئىدى. بەگ يامبۇلارنى قىل خۇرجۇنغا پۇختىلاپ قاچىلىدى، خۇرجۇنلارنى بىر - بىرلەپ ھۇجرىغا ئاچىقىپ قويدى. «يەنە بىر قەبرىدىكىسى بالىلىرىم، جەددى - جەمەتىمگە ئۆلگۈچە يېتىپ يېسىمۇ يېتىدۇ» دەپ تەسەللى بەردى ئۆزىگە. ئۇ ئالتۇن - يامبۇلارنى ئىبرە خالتىلارغا تۈجۈپىلەپ قاچىلاپ بېلىگە تاڭدى.
ھەممىسى تەق بولدى. تۈن تەڭدىن ئۆتۈپ توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى بېسىققاندا، باغدىن دەمدەرنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ئۈچ قېتىم دەم تارتقان ئاۋازى كەلدى. بەگ تەييارلاپ قويغان ئارقا تامنىڭ تۆشۈكىدىن گۈلھېپىزەمنى يېتىلەپ پەم بىلەن چىقتى.

ئەخمەت باغنىڭ بۇلۇڭىدا ئېغىزىغا تور سىلىنىپ، پۇتلىرى پايپاقلانغان، يۈكلەر پۇختىلاپ تېڭىلغان ئالتە ئاتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇراتتى. بەگ خوتۇنىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرمەك بولۇۋىدى، گۈلھېپىزەم:

— مېنىڭ دولانلىق ئايالىقىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دەپ ئەپچىللىك بىلەن ئاتقا مىندى. بەگ ئۈنسىز ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندى:

— يائاللا، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن، — بەگ پىچىرلاپ بىرمۇنچە سەپەر ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ئالدىغا چۈشتى، گۈلھېپىزەم يانداشتى، ئەخمەت ئۈچ ئاتنى يېتىلەپ ئارقىدىن ماڭدى. بەگ ئۇنىڭ ياراغلارنى تولۇق ئالغىنىغا بەك خۇش بولدى. ئۆزىنىڭ يېنىك كۈمۈش ساپلىق قىسقا شەمشىرىنى گۈلھېپىزەمگە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاتلار يېنىك يورغىلاپ ماڭدى. بەگ ئەتراپتىكى

ھەربىر شەپىگە زەن قويۇپ قۇلاق سالاتتى . ئۇلار چوڭ يول بىلەن ماڭماي تىرىم تەرەپنى قارارلاپ قومۇش ، يانتاق ، قامغاق ، يۇلغۇن قاپلىغان ئىگىز ـ پەس دۆڭلەرنى ئايلىنىپ چىغىر يول بىلەن ماڭدى .

— بېگىم ، بىزنى تاشلىمىسىلا !...

— بېگىم بىزنى ئەپۇ قىلسىلا ، يۇرتنى تاشلىمىسىلا ! ...

ئۇلار ھوقۇش دۆڭدىن ئەمدىلا قايرىلىشىغا ، قازى ، لېتىپ داموللام باشچىلىقىدىكى بىر توپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى كۆردى . ئۇلار سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىدا قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولغانىدى .

— ئاتا ... جېنىم ئاتا ، بىزنى تاشلىمىغىن ... — بۇ شەرىپەنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئىدى .

— بېگىم ، مەن ناپسەننى [①]كۆمۈۋېتىپ كەتسىلە ... — بۇ ھاۋا خېنىمنىڭ ئاۋازى ئىدى .

— ئاتا ... — بۇلار ماخمۇتبەگ ، سىلىملار ...

ھەمساتتا [②]قومۇشلۇقتا ساناقسىز مەشئەللەر پەيدا بولدى . سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر چوڭقۇردا ، يۇلغۇن تۈۋىدە ، دۆڭدە ... پۈتۈن يۇرت يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى قومۇرۇلۇپ چىققان ، ھەممىنىڭ قولىدا مەشئەل بار ئىدى .

— ئۇلۇغ بېگىم ، يۇرتنى كۆڭلىدە تۇتۇش ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مۇقەددەس پەرزىدۇر . يۇرتنى ، بالا ـ چاقا ، ئۇرۇق ـ جەمەتنى قان يىغلىتىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتسىلە ، بۇنى ئاللا راۋا كۆرمەس . باشقا يۇرتلاردا سەرسان بولماستىن شاھ بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇ تۆت كۈن

① ناپسەن — بەعەرەز ، پەرۋاسىز ، ئىش ئۇقماس .
② ھەمساتتا — كۆرنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە .

لۇك ئالەمــدە ئاخىر بىر كۇن يۇرت ـ جامائەتنىڭ قىساسى تۇتماسمۇ ؟ ... يۇرت ـ قوۋمنى رازى قىلماستىن بەيتۇل مۇقەددەسكە قـەدەم قويىسلىمۇ ، بۇ يەردىكى قىساسقا ئايلىنىپ كەتكەن ئېغىر گـۇنـاھنىڭ ھېسابى مۇرىلىرىدىكى پەرىشتىنىڭ ھېسابىدىن ساقىت بولارمۇ ؟ ...

قـازى سۆزلىدى . ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى كۆزگە كۆرۈنمەستىن ، ئۇچۇپ كېلىپ بەگنىڭ يۈرىكىگە سانجىلماقتا ئىدى .

باللار يىغلايتتى ، چوڭلار ئۆكسۈيتتى ، ھەممە باش ئېگىلگەنىدى . بەگنىڭ يالىڭاچلانغان قىلىچىنى تۇتقان قولى پەسلەپ كەتتى ، ئۇنىڭ چىرايى مەشئەل يورۇقىدا تۆمۈردەك قارا كۆرۈنەتتى ، قومۇشتەك تىك تۇرۇپ كەتكەن قىلچاڭ ساقاللىرى تىترەيتتى ، قارچىغا كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك چىمىلدىماستىن مـەشئەلدەك ياناتتى . ئۇ بۇرۇلۇپ گۈلھېپىزەمنىڭ ئولۇغ تەرىپىدە ئۇزۇن ئاي شەكىللىك قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇتۇپ تۇرغان ئەخمەتكە قارىدى . ئەخمەت بەگنىڭ تونۇش قارىشىدىن ئاتتىن سـەكرەپ چۈشتى ۋە بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئەگدى :

ـــ بـېگىم ، ئۇلۇغ دىنىمىزغا ئىشەنگەندەك ئىشەنسىلە ، مەن قارا يۈزلۈك قىلمىدىم ، ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرمىدىم ، ھەممىنى سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلدىم . تامنىڭ قۇلىقى ، دەرەخنىڭ كۆزى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا . مەن ئىمانىم ، ۋىجدانىم بىلەن قەسەم قىلاي ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلاي ، مەن سىلىگە قاراسىنىمىدىم ، سىلىگە قاراسىنسام تۇزكور بولاي ...

ئەخمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگنىڭ يۈزىگە قارىدى . بەگنىڭ بايىقى قاراشلىرى قىلچە ئۆزگەرمىگەن ، كۆزلىرىدە ئوت كۆيمەكتە ئىدى .

— بېگىم ، قاراسىنغان - سىنمىغانلىقىمنى قىيامەت كۈنى خۇدا قازى ، رەسۇلىللا شاپائەتچى بولغاندا ئايرىسىلا ، تۈزلىرىغا رازى بولسىلا ...

— ئەخمەت !...

ئەخمەت ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئاي شەكىللىك قىلىچىنى قورسىقىغا تىقتى ، بەگ ئاتتىن شۇنچە چاققان سەكرەپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئەخمەت موككىدە ئۇنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى ، بەگنىڭ قۇچىقى قانغا بويالدى .

— ئەخمەت ! ... — بەگ بوغۇلۇپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى .

— بېگىم ... مەن قارا يېتىمنى تۈز بېرىپ ئادەم قاتارىغا قوشتىلا ... — ئەخمەت قىينىلىپ ئاران - ئاران سۆزلەيتتى ، — مەن ... مەن قەسەم قىلغان ... ياخشىلىقلىرىغا ئۆمۈر بويى قايتۇرۇپ بولالمىغۇدەك قەرزدار ئىدىم . يامان كۈنلەردە ... ئەسقاتارمەن دەپ قەسەم قىلغان ، قەسىمىمنى ئەمەلدە قىلالمىدىم ، مۇشۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم . . . سىلىگە ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ... رازى بولسىلا ، ماڭا دۇئا بەرسىلە ... بېگىم ...

— ئەخمەت ... ئوغلۇم ... ئوبدان بالام ...

بەگ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈلۈپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى .

— ئامىن ...

لېتىپ داموللام دۇئاغا قول كۆتۈردى .

ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى . بەگ ئەخمەتنىڭ قانغا بويالغان قورساقلىرىغا يۈزىنى سۈۋاپ يىغلايتتى .

— بېگىم ، رازى بولسىلا ... بېگىم ... مەن كۆرەي ، سىلە

ئاتام ... ماڭا بىر دۇئا بەرسىلە ...
بەگ دۇئا قىلدى ، ئۇنىڭ يۈز ـ قوللىرى ئەخمەتنىڭ قېنىغا بويالغانىدى .
ــ ئوبدان ئوغلۇم ... مېنى ... گۇناھىمنى ئەپۇ قىل ... ساڭا ئىشەنمىگىنىم ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئىچىم لەختە بولۇپ ئۆتتىدىغان بولدۇم بالام ... ئوبدان بالام ، بۇنداق قىلمىساڭمۇ بولاتتى ... بالام ، ئەسلى رىزقىمىز كۆتۈرۈلمەي خۇدا يول بەرمىگەنىكەن ... قانداق ئارمانلىرىڭ بار ؟ مېنى قەرزدار قىلىپ كېتىپ قالما ...
ــ بېگىم ... ئىككى ئارمىنىم بار ...
ــ ھە ... دېگىن ...
ــ بىرى ، سىلى مەندىن رازى بولسىلا ، ساداقىتىمگە ئىشەنسىلە ...
ــ مەن رازى ئوغلۇم ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى . مەن ساڭا ئىشەندىم ، ئىشىنىمەن ، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر دوستۇم سەن ...
ــ يەنە ... يەنە ... بىرى ... سىلى دېگەن مەچىكىم ... مەن ئۇنى نىكاھ قىلدۇرۇۋالغان ... ئۇ بىزنى ئاچقاش تۈگمەن بېشىدا ساقلاپ تۇرىدۇ ... ئۇ مېنىڭ ھالال خوتۇنۇم ... ئانىسى تۆت كۈنلۈكى قالغان تۇل خوتۇن ... خوتۇنۇم ھېلىمىخان ئېغىرئاياغ ، ئۇلار ماڭا قاراشلىقتى ، مەندىن ئايرىلسا خارلىقتا قالمىسۇن ... ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا ، بالام تۇغۇلسا ئۇ سىلىنىڭ بالىلىرى ، مېنى باققاندەك بېقىپ قويسىلا ... ئوغۇل بولسا ئابدۇللاخان بولسۇن ، قىز بولسا پاتىمە ...
ئەخمەت تىنىقتىن قالدى .
ئۇنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسى كاتتا ئۆتكۈزۈلدى . پۈتۈن ئەي-

سانىڭ ئاۋىتى تەۋرىدى . ئەيسا بەگنىڭ ئوغلى قازا قىپتۇ دەپ خەۋەر بېرىلگەچكە ، سېرىق بۇيا ، يانتاق ، تۇمەنتال ، مەكىت ، خاڭدى ، يىراق غازكۆل ، قۇم قىسار ، ئات چاپار ، شامال ، تۇمـ شۇق ، ئېلىشقۇ ، دۆڭباغنىڭ يۇرت كاتتىلىرى ئۈچ نەزرىسىگە ئۈلگۈرۈپ كەلدى . ئۈچ نەزرىسىگە ھەرقايسى بەگلىكلەر يىگىرمە بىر تۆگە ، سەكسەن كالا ، يۈز توقسان يەتتە قوي ئېلىپ كەلـ گەنىدى . نەزىردە يەتمىش قوي ، توققۇز كالا ، ئۈچ تۆگە سو- يۇلدى . سەكسەن چارەك گۈرۈچ ، ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ، ئالتە يۈز چارەك بوغۇزلۇق قوناق ئىشلىتىلدى . بەگ ئەخمەت ئۈچۈن چوڭ گۈمبەزلىك يەرلىك قىلدى . تولا يىغلاپ ئۈنىڭ ئۈنى پۈتۈپ كەتتى . ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى بىلەنمۇ كۆپ مۇڭداشمىدى . مېھمان سەل سېلىكسىلا گۈلھېپىزەمنىڭ ھۇجرىسىدا مورىغا يۆلىنىپ چىلىم تارتىپ مۇڭغا پېتىپ ئولـ تۇراتتى . خاڭدى ، شېھىت دۆڭ ، تېرىم ، ئاخۇنلۇقۇم بەگلىرى كېيىنرەك خەۋەر تاپقان بولغاچقا ، ئۇلار كېچىكىپ كەلگەنلىكـ لىرىگە ئۆزرە قويۇشتى . ھەرقايسى بەگلىكلەر ئەيسابەگ ئۆلۈمـ لۈك بولۇپ قالدى ، ئىسسىق ئىچۈرىمىز دېيىشىپ ، ئۇنى ھەم يۇرتنى چايغا تەكلىپ قىلىشتى . ئەيسا بەگنىڭ قايتىدىن كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بارىدىغان چاغدا خەۋەر سالىدىغان ، ئۇلار ساقلاپ قالمايدىغان بولۇپ كېلىشتى . بەگنىڭ كۆڭلى بەك سۇنۇق ئىدى . ئۇ بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك ئىدى ، تولا ئادەم خالىمايدىغان ، تالا ــ تۈزگە كۆپ چىقمايدىغان ، يالغۇز ئولتۇ- رۇپ چىلىم تارتىدىغان بولۇپ قالدى . ئەخمەتنىڭ خوتۇنىنى ، قېينانىسىنى ئەكىلىۋالغان بولۇپ ، ئۇلارمۇ بۇ چوڭ قورۇنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى . ئەخمەتنىڭ يىل نەزرىسىدىن كېيىن ھېلىمىخان ئۆز ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ ، بەگ قانچە توسسىمۇ

ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن بەگ ھېلىمخانغا ئون ئالتۇن يامبۇ ، ئون زىخچا ئالتۇن ، بەش كالا ، يىگىرمە قوي ، ئون پاتمان ئەكىن يەر ، ئاندىن ئەخمەتنىڭ ئوغلى — يېرىم ياشلىق ئابدۇللاخان ئۈچۈن ئايرىم ئون پاتمان سېلىقسىز يەر ، تۆت يۈز چارەك بوغداي ، ئون بەش زىخچا ئالتۇن بەردى . ھېلىمخان بۇ دۇنيانى ساقلىيالمايمەن دەپ ، بەگكە ئامانەت قويۇپ كەتتى . بەگ كېيىن ئۆيلىنىپ قالدى . بۇنچىلىك ۋەج بىلەن ياش جۇۋان كىمگە خوتۇن بولار ، قايسى ھارام تاماق تەييارغا ھەييار بولار ، ئەدناسى ئابدۇللاخان كىمنى ئاتا دەر ... ئەخمەتخان ، بالىلىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا ، خار - زار بولۇپ قالمىسۇن دېگەنىغۇ ... ھەي ، كېيىن قايتىمەن ، كاللامدىن كېتىپتىمەن ...

ئەيسا بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ماخمۇتبەگ ياۋاش ، ئوشۇق - تۆشۈك گەپ - سۆزى ، كالتە - كۆسەي يولى يوق يىگىت ئىدى . بەگ قىسقىلا قىلىپ سۆزلىۋىدى ، ماخمۇتبەگ تىن تارتماي ماقۇل بولدى . بىر يېرىم يىلدىن بۇيان ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشىغا تەقەززا ، قانداق قىلسام ئاتامنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى ئېلىپ ئازار يېگەن دىلىغا شىپا بولارمەن دەپ يۈرگەنىدى . شۇنداق قىلىپ بەگ ھېلىمخاننى ئوتتۇراھال جۇۋان تويى قىلىپ ماخمۇتبەگكە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى . ئابدۇللاجان بەگنىڭ گۈلھېپىزەمدىن بولغان قىزى زۆھرە خېنىمدىن ئۈچ ئايلىق چوڭ ئىدى . شۇڭا ، بەگ ئابدۇللاخانىمۇ زۆھرە خېنىمغا جۈپلەپ ئۆز يېنىغا ئېلىپ ، زۆھرە خېنىمنىڭ ئىنىك ئانىسىغا تاپشۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپقاندەك بولدى . بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلار كونا ئىشقا ئايلىنىپ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدى .

ئەيسانىڭ ئاۋۋالقى ئىزىغا چۈشتى ...

× × ×

ئىككى يىل ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم سادىر بولغان قاتتىق كۆڭۈلسىزلىك ، ئاۋاتلىقلارنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ پاراكەندە قىلىۋەتتى .

بۇ بەختسىزلىك يەنە شۇ ئەيسا بەگنىڭ بېغىدا — ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئات تويى بولۇۋاتقاندا يۈز بەردى .

مەشرەپ تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىقتى . بەگنى يانتاق ئۆي بۇغداي بېگى نىياز بەگ دەررىگە تارتتى ، بەگ گۈلھېپىزەمنى تارتتى . گۈلھېپىزەم ئېغىر بوي بولۇپ ئۆرىسىگە تىنىپ ئاران ئولتۇراتتى . ئۇنىڭغا بىر قەدەم مېڭىش تازا ئېغىر كېلىۋاتقاندا ، بەگ ئۇنى ئون ئۈچ بەگلىكتىن كەلگەن كاتتا مېھمانلار بار چوڭ مەشرەپتە ئالاھىدە ئىززەتلەپ دەررە تۇتقىنى ئۈچۈن ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ، چەكسىز پەخىرلىنىش ئىچىدە پۇتلىرىنى سۆرەپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىدا ئېگىشىپ كەينىچە مېڭىۋاتقان بەگكە قول سوزۇپ ئەگىشىپ ماڭدى . بەگ چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە ، غۇۋالاشقان كۆزلىرى نۇرلانغان ، ئاق ئارىلىغان قىلچاڭ ساقاللىرى ئارىسىدىن كۈلگەن پېتى چېكىنىۋاتاتتى . ئۇ يەڭگىلگىنە دەررىنى خوتۇنىنىڭ يوغان ساغرىسىغا تەگكۈزۈپ قويدى . ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ تەتۈرىگە چۆرگىلەپ ، ئاندىن بىر - بىرىگە ئېگىشتى . بەگ بۇ قېتىم دەررىنى تېخىمۇ يەڭگىل قىلىپ خوتۇنىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا سىلىغاندەك تەگكۈزدى . سورۇندىن توختىماي كۈلكە ، چۇقان ، ئىسقىرت ئاڭلىنىپ ، تەلپەكلەر ئوتتۇرىغا ئۇ-

چۈپ چۈشمەكتە ئىدى .

— بەگ پۈتۈن يۇرتنى قامچىسىدا قورقۇتقىنى بىلەن كىچىك خوتۇنىدىن قورقىدۇ .

— ئۇرالمايدۇ .

— بېگىمىز خوتۇنىدىن قورقىدۇ ... ها ... ها ... ها ...

بەگ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى ، گۈلھېپىزەم نازلىق كۈلۈمسىرەپ ھومايدى :

— بالىنى دەرىگە تېگىشمەيلى جۇما يەنە ...

— ها ... ها ... ها ... دولانلىقنىڭ پۈشتى بۇ ، دەرىگە ئانىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ تېپىدۇ ، ها ... ها ...

— ئۇرسىلا بېگىم ، بەك ئۇرسىلا .

— ئاتام ئانامدىن قورقىدۇ ...

زۆھرە خېنىم ئىنىك ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تېپىرلاپ ۋارقىرىدى . سورۇندا يەنە ئەسەبىي كۈلكە كۆتۈرۈلدى . بەگ ئۆرە بولۇپ بىر تەزىم بىلەن دەرىنى خوتۇنىغا بەردى . گۈلھېپىزەممۇ بىر تەزىم بىلەن ئۆرە بولۇپ دەرىنى ئالدى . بەگ خۇشال ئۆز ئورنىغا ياندى . گۈلھېپىزەم چوڭ كۈندىشى ھاۋا خېنىمغا دەررە تۇتقىلى ئاستا سۆرۈلۈپ ماڭدى . دەل شۇ چاغدا ئادەملەر ئارىسىدىن كالتە ساپلىق بىر نەيزە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ غولىغا سانچىلدى .

گۈلھېپىزەم « ۋايجان » دەپلا ئالدىغا دۈم يىقىلدى . سورۇن پاتىپاراق بولۇپ كەتتى . سورۇننى ئادەملەرنىڭ قىيا — چىياسى ، بىر — بىرىنى دەسسەشلەر ، يىغلاشلار ، دادلاشلار ، تىللاشلار ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى بىر ئالدى ، داستىخاندىكى گۆشلەر ، ئاشلار ، مېۋىلەر چەيلەندى ...

خەقلەر قاپقارا ، دېۋىدەك يوغان بىر ئادەمنى تۇتۇپ

كەلدى . نەيزىنى مۇشۇ ئادەم ئاتقانىدى . ئۇ بەگنىڭ ئوغلى سىپـ
لىمبەگنىڭ قۇشچىسى[1] مۇسا بوران بولۇپ ، ئۇ بەش ئات بىـ
رىش بەدىلىگە سىلىمبەگنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى شۇ
يەردىلا ئاشكارىلىدى . بەگنىڭ ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلىغۇدەك ما-
جالى قالمىغانىدى . ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى . گۈلھېپىزەمـ
نىڭ بېشى ئۇنىڭ قۇچىقىدا ، چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتـ
كەنىدى .

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ، بەدنىيەتلەرنى خۇدا ئۆزى جازا-
لىسۇن ...

خەقلەر ھاڭۋېقىپ بەگكە قاراپ قالدى . ئەيسا بەگ
ئۆلارغا ، بۇرۇنقى قەھرلىك ئەلپازىدىن قېپقالغاندەك ، قېرىلىق
يېتىپ دىلى يۇمشاپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

① قۇشچى — مەحسۇس بۈركۈت كۆندۈرگۈچى .

# ئۈچىنچى باب

غۇۋا سالقىن ئۆينىڭ چىلتەن رەڭ سىر ۋاسلىرى ئارىسىدىن يېنىپ تۇرغان مۇڭلۇق بېغىر كۆزلەر ... سوزۇق كەلگەن كىچىك بۇغداي ئۆڭ يۈزلەر ... تارتىنچاقلىقتىن بەلگە بېرىپ تۇرىدىغان نېپىز لەۋلەر ... تەكشى قىرقىپ قويۇلغان ماڭلاي چېچى تېگىدىن سۇس بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىلىغان ئايدەك كۆرۈنىدىغان پارقىراق پېشانە ... تېقىمىغا تېگىپ تۇرغان قىرىق كۇكۇلا ... نازۇك قوللار ... جەينەكتەك بەللەر ...

مامۇت شەيخ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەسلىيەلمىدى. گالدىن سۇ چاغلىق نەرسە ئۆتكۈزمىگەن ئاشۇ جانىدىن چىققان كۆيۈك ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى خىرەلەشتۈرگەنىدى. ئۇ بېشىدىن بادام دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىگە تۇتۇۋېلىپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ دۈم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. غۇۋا سالقىن ئۆي ئۇنىڭغا تونۇردەك بىلىندى. ئۇ ئۇزاق بۇقۇلداپ يىغلىغاندىن كېيىن، جىگەررەڭ تاۋار يەكتىكىگە قول سېلىپ، مەيدىسىدىن باشلاپ بېلىكىگىچە چىڭ باغلىۋالغان ھەرەم شايىسىدىن تىكىلگەن ھال رەڭ، ئۇزۇن ئايال كۆڭلىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېغىز ـ باشلىرىغا سەللە يۆگىگەن پەدىدە يۆگىۋېلىپ يەنە دۈم يېتىۋالدى. كۆڭلەك شۇنداق يۇمشاق ھەم سىلىق، قول

تەگكەن هامان ئادەمنى شۇررىدە ئېرىتىۋېتەتتى . ئۇنىڭدىن سۇس خۇش ھىد كەلدى . شەيىخ جۇۋاز كالىسىدەك پۇشۇلداپ كۆكلەكتىن چىققان پۇراقنى توختىماي ھىدلىغىلى تۇردى . بۇ پۇراققا ھەرەم ئەتىرى ، ئىپار ، يەنە جىگدە يېلىمىنىڭ پۇرىقى ئا-رىلىشىپ كەتكەنىدى . كۆكلەكنى يېڭى ئەكەلگەندە بۇ پۇراق بەك كۈچلۈك ئىدى ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى پۇراق سۇسلىشىپ كەتتى ، ئەمما مامۇت شەيخنىڭ تەشنالىقى ئېشىپ باردى . ئۇ بۇ كۆكلەكنى دولان تەۋەسىدىكى ئۇچقۇر قۇلاق كەستى ئوغرى ھەمزە ئاققاشقا يۈز چارەك بۇغداي بېرىپ ، ئەيسا بەگنىڭ ئۆيە-دىن ئوغرىلىتىپ ئەكەلدۈرگەن زۆھرە خېنىمنىڭ كۆكلىكى ئىدى .

شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئۆيگە مامۇت شەيخنىڭ خوتۇنى قەمبەرنىساخان كىردى . ئون بەش ياشقا كىرگەن بۇ تولغان جۇۋاننىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان چوڭ كۆزلى-رىدىن نادامەت يېغىپ تۇراتتى . ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ گېلىنى يېنىك قاقتى .

— نېمە گەپ ؟ — شەيىخ بېشىنى كۆتۈرمەي دۈم ياتـ قان پېتى بوغۇق ، دىمىققان ئۈنىنى بوش چىقىرىپ سورىدى .

— ئاتام ... ئاتام سىزنى ...

— ماڭ يۈگۈر ، راخمان دۇقىغا دە ، ئېتىمنى توقۇپ قۇشنى تەييار قىلسۇن !

— ئاتام سىزنى ...

— تولا كوتۇلدىماي چىق ، ھېلى چىشىڭنى تۆكۈۋېتى-مەن ...

— ماقۇل ... — قەمبەرنىساخان ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ ئارانلا جاۋاب بەردى . ئېرىنىڭ بېشىغا ئورىۋالغان كۆكلەككە

تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ ، بۇغداي ئۆڭ يۇملاق يۈزىدىن ساقىپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشكەن كۈنداشلىق ئوتى يۈرىكىدىكى يارىسىنى قىزىتماقتا ئىدى . ئۇ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈنىنى بەك چىقىرىپ سالماسلىق ئۈچۈن بۇقۇلداپ يىغلاپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى . قەمبەرنىساخانىنىڭ ئاياغ شەپىسى يوقىلىشىغا كېرىم هاجى كىرىپ كەلدى . هەم ئېگىز ، هەم سېمىز ، تەتۈر ئۇستىخان ، چاردىغان ساقىلى يالاڭ مەيدىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم مامۇت شەيخنىڭ ئاتىسى ، يانتاق بايلىرىنىڭ بىرسى ئىدى . ئۇنىڭ قاپقارا چىرايى ئېقى يوغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋېتەتتى . مامۇت شەيخ بىر كىمنىڭ كىرگىنىنى بىلسىمۇ ئاتىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلمەي ، دۈم ياتقىنىچە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ ، قوللىرى بىلەن بېشىغا يۆگىۋالغان كۆڭلەكنى سىلايتتى . كېرىم هاجى تېرىكتى .

— بالام ، نېمە بولدىڭىز ؟

ئۇنىڭ ئاۋازى غاژ ـ غۇژ ، بوم ، تەنە ، تەهدىت بىلەن يۇغۇرۇلغانىدى . مامۇت شەيخ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلەكنى بېشىدىن ئېلىپ قوينىغا تىقىۋالدى . دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ يوملاپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ پۇتىغا يېقىن يەردە توختىدى . شەيخ دوپپىنى ئېلىشقا ئىنتىلىپ ، جۈرئەت قىلالماي بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ قالدى .

— دوپپىڭىزنى كىيىۋېلىڭ ، مۇسۇلمان بالىسىغا يالاڭ باش يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس .

شەيخ پەم بىلەن ئېگىشىپ دوپپىسىنى كىيىۋېلىپ ، ئېگىلىپ قول باغلاپ ئۈنسىز تۇردى . كېرىم هاجىنىڭ پۈلتىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چۈلۈك سېلىنغان بۇقىنىڭ كۆزىدەك تېخىمۇ پۈلتىيىپ كەتتى .

— مەن كېرىم ھاجى يانتاق تەۋەسىدە ئەمەس، پۈتكۈل ئۇنىڭ ئۆستەڭ، مەكىت، مارالبېشى، يەكەن تەۋەسىدە بارماق بىلەن سانايدىغان بەگ ـ مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرىمەن. بۇ تەۋەلىكتە ئاغزىمغا چىش چىققاندىن تارتىپ قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى قىلىپ، دەيمەن دېگەن گېپىمنى ئۆتكۈزۈپ كەلدىم. خەقنىڭ تىكىلىپ قالغىنىنى، ئالدىمدىن توغرا ئۆتكىنىنى، سالامسىز يۈرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ھالا بۇ كۈندە ئاشۇ يانتاقنىڭ مۆتىۋەر بېگىنىڭ ئوغلى، يانتاق بەگلىكىنىڭ يىگىتۋېشى مامۇت شەيخ بىر كۆيۈك بالاسى بىلەن خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلىكىنى سەللە قىلىپ يۆگەپ، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقماي دۈم يېتىۋاپتۇ دېگەن گەپ تارالسا، مەن كېرىم ھاجى كۆزىگە قاراپ، بويىنىغا مىندۈرۈپ باققان ئارزۇلۇق بالا، بىر ئىشق سەۋداسىغا تىنىك تۇرالمىسا، بۇنداق ئوغۇلنى ئوغۇل باقتىم، بىر ئەر چوڭ قىلدىم ئەمەس، بىر چىدىماس كېسەل توخۇ باقتىم دەپ، بۇ ئوغۇلنى مۇشۇ چاغدىن باشلاپ كاتەككە سولاپ، كېپەك نەمدەپ بېرىپ باقىمەن. يانتاقنىڭ قارام يىگىتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ يىگىتۋېشى بولمىش مامۇت شەيخنى نومۇس قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشتان بېغىغا ئىسىلىۋالار.

كېرىم ھاجىنىڭ سۆزلىگەنسېرى سەپرايى ئۆرلەپ، بوغۇلۇپ ھاسىراپ كەتتى. دائىم يەكتىكىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇۋېلىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئالتە قىرلىق كۈمۈش ساپلىق پەي قامچىسى قولىغا چىقىپ قالدى. يوغان يۇگلۈك قوللىرىنىڭ پەي تومۇرلىرى تارتىشىپ، ئۇزۇن چار ساقاللىرى سۇس تىترىدى، قارامتۇل كەلگەن تۇرۇم ـ تۇرۇم بويۇنلىرىدىن تەر چىقتى. ئۇ بىردەم گۆشىيىپ تۇرغان ئوغلىغا ھاسىرىغان ھالدا تىكىلىپ تۇردى. ھازىر ئۇ گەپ تاپالماي ئەمەس، ئەكسىچە ئاغزىغا كەل-

گەن گەپلەر بوغۇزىغا يىغىلغان ئاچچىقتا توسىلىپ قېلىپ، ئاغزىدىن چىقىرالماي تەرلەپ كەتكەنىدى.

— ئۆزىنى بىلگەن، تونۇغان ئادەمنىڭ خەقنى بىلمىكى تەس ئەمەس، ئۆزىنى بىلمەي خەقنى بىلىمەن دېگەن ئادەم تاكى تەگرىنىڭ ئالدىغا بارمىغۇچە خەقنى بىلمەيدۇ. سىز ھازىر ئۆزىڭىزنى بىلمەيۋاتىسىز ئوغلۇم. مەن سىزگە ئۆزىمىزنى قايتا تونۇتۇپ قوياي. سىز ئاتا بوۋىڭىزدىن تارتىپ چوڭ ئۆتكەن، نوچى ئۆتكەن، دۈشمىنى مىڭ يېرىگە پىچاق سالسىمۇ ۋاي دېمەي كەتكەن ئادەمنىڭ ئەۋلادى. دوستى ئۈچۈن قىلىچقا كۆزىنى مىت قىلماستىن بارالايدىغان، ئەقىل ئىشلىتىشنى بىلىدىغان، يۇلتۇز ساناپ تۇرۇپ، ھەر بىر كۈندە ئۆزىگە كېلىدىغان ئاپەتلەرنى بىلىپ كەلگەن، ئۇن ئۆستەڭ مەكىت تەۋەسىدە كېرىم ھاجى دېسە، دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكى جىغىلدايدىغان، دوستلىرىنىڭ دىلى ياللىدە ئېچىلىدىغان ئادەمنىڭ بىردىنبىر ئەركەك ئۇرۇقى سىز. سىزنى مەن بوۋىسىنى تارتسۇن، نوچى بولسۇن، خەقنى كۈلدۈرۈشنىمۇ، يىغلىتىشنىمۇ بىلىدىغان ئادەم بولسۇن دەپ، ئەقىللىق ئادەملەرگە تۇتۇپ بەردىم. يانتاقنىڭ يىگىتۋېشى بولدىڭىز، سىز توخو ئەمەس، يانتاقنىڭ يىگىتۋېشى! ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا، بىر كۈنى ئانىڭىزنىڭ گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالدى، ئۈچ كۈن بولۇپ، ئانىڭىز ئۆلەر ھالغا يېتىپ ھەممىمىز يىغا ــ زارە قىلىۋاتقاندا، تالادا بىر قەلەندەرنىڭ سازايى ئاڭلاندى. چاكارلار ئانىڭىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئىككى چارەك ئاق ئۇن ئاچىقىپ بەرسە، قەلەندەر ھاجى ئاتام بىلەن كۆرۈشىدىغان گېپىم بار دەپتۇ. چىقسام، بىر جۇلدۇر كىيەن، دۈمچەك مەينەت قېرى تۇرىدۇ، مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجى ئاتا ، ئاچچىق پەيلى شەيـ
تاندۇر ، — دېدى قەلەندەر .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوقلىقىدىن
مەندىن ئۆتكەن ناپسەنلىكنى ئەپۇ قىلغايلا ئاتا ، — دېدىم .
بـوۋايـىنىڭ گەپلىرىدىن ، پېشانىسىدىن چىققان بىر
سېھرى ـ ئەسنادىن تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى .
— كۆڭۈللىرىنىڭ ئىدىتسىزلىقى پېقىرغا ئايان . مۇبارەك
خاتۇنلىرىنىڭ گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قېلىشى ئاللا ئۇنىڭ تويـ
مىغۇرلىقىغا بەرگەن ئاگاھ . ئۇ دېدەكلەرنىڭ ، ئاجىزلارنىڭ
رىسقىنى قىسمىغاي . ئۇ توۋا قىلسۇن ، ئاجىزلارغا سەدىقە بەر-
سۇن . ئىتنىڭ شالىنى ئاغزىغا تېمىتىڭلار ... ئاللا ئاسان قىلـ
غاي ...
— بولىدۇ تەقسىر .
— ئۆيىڭىزدە ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ساقلاۋاتقان بىر
گېلەم خۇرجۇن بار ، ئۇنى مەن ئەكىتىمەن .
— ھەي چاكار ...
مەن خۇرجۇننى ئاچىقتۇرۇپ ، بۇ خىزىر سۈپەت ئادەمگە
ئىككى قوللاپ سۇندۇم . ئۇ ئادەم خۇرجۇننى ئېلىپ بىر دۇئا
قىلغاندىن كېيىن :
— يېقىن كەلسىلە ھاجى ئاتا ، — دېدى .
يېقىن كەلدىم ، ئۇ كىشى قۇلىقىمغا :
— خـاتۇنلىرى يەنە تۆت ئاي توققۇز كۈندە بىر ئوغۇل
تۇغىدۇ . ئىسمىنى شەيخ مامۇت قويۇڭلار . ئاللا ئۇنى خۇشخۇي ،
يىـگىتـلەرنىڭ باھادىرى قىلـغاي ، ئاللاھۇ ئەكبەر ،— دېدى ـ
دە كېتىپ قالدى .
كېرىم ھاجى بىر دەم تۇرۇۋالدى .

— راست ، سىز توغۇلدىڭىز ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئەۋ-
لىيا ، هايات خىزىر قويغان نام ، بالام . بۇنى مەن سىزگە
مىڭلارچە قېتىم دېگەن گەپلەر ، سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ ،
جاهاندا قانداق ياشاشنى بىلىڭ . مەن سىزنى هازىرغىچە تاك
ئېتىپ چېكىپ باقمىغان ، سىز ئەقىللىق ، جىگەرلىك بىر ئوغۇل
ئىدىڭىز ، ئەمما هازىر سىز ئاجىز بىر مىجمارۇق توشقان بولۇپ
قالدىڭىز . ئاللادۇنيانى ئاجىزلار ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس ، ئا-
جىزلار جاهاندا خارۇ زار ، ئەخلەت — چاۋار بولۇپ كۈچلۈكلەر-
نىڭ ئايىغىدا مىجىلىدۇ ، مانا بۇ ئاللا ياراتقان ھەقىقەت . ئاللا
بەندىسىنى ئەسلى كۈچلۈك — ئاجىز دەپ ياراتمايدۇ ، ئاجىز بول-
غانمۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ، كۈچلۈك بولغانمۇ ئادەمنىڭ ئۆزى . مەن
سىزنىڭ بۇنداق بوشاڭ ، خار — زار ، ئەخلەت بولۇپ قېلىشى-
ڭىزنى كۆرمەي ، مەندىن كېيىن قېلىپ بۇ دۇنيادا كېرىم هاجى-
نىڭ ئوغلى ئىتتىن خار بولۇپ يۈرۈپتۇ ، دېگەن گەپلەرنى روھىم
ئاڭلىمىسۇن ، بولمىسا گۆرۈمگە ئوت كېتىدۇ ، كېيىنىمنى چىش-
لەپ قويىمەن ...

كېرىم هاجى ۋارقىرىغان پېتى ئېتىلىپ كېلىپ ، قامچا
بىلەن ماموت شەيخنىڭ باش — كۆزىگە تاراسلىتىپ ئۇرۇپ
كەتتى . تۆت قامچا تەگكەندە ماموت شەيخنىڭ بوينى ، يۈزلىرى
قامچا ئىزىدىن تىتىلىپ قان سىرغىپ چىقتى . دەل شۇ تۆتىنچى
قامچا تەگكەندە شۇ چاغقىچە تىنماي تۇرغان شەيخنىڭ ئاغزىدىن
« ۋايجان » دېگەن ئۈن چىقىپ كەتتى .

— ئاشۇ ۋايجىنىڭىز ئۈچۈن يەنە تۆت قامچا ... بۇ گەپ
خوتۇنلارغا يارىشىدىغان ...

كېرىم هاجى تارسىلدىتىپ يەنە تۆت قامچا سالدى .
شەيخ كالپۇكىنى چىشلەپ تىك تۇردى ، چىشلىرى ئارىسىدىن

قان ساقىپ چىقتى.
— كۆچۈكنى، ئەقلىگنى ئىشلەت، بولمىسا خۇدا ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەرگە ئېلىپ بېرىۋېتىدۇ...
كېرىم هاجى شۇنداق دەپلا گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئۆيدىن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى قامچىدىكى قانغا قاراپلا، چوڭقۇر ئاتىلىق شەپقەتكە ئالماشتى، ئۇ قامچىنى بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇرىدى، سۆيدى، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.
— بىچارە بالام... ئاتاڭ بۇ قامچىنى ئۆزى يېسىمۇ بۇنداق ئازاب تارتماستى... مۇشۇنداق قىلمىسام مەندىن كېيىن قالساڭ خەقنىڭ قامچىسىدا قالىسەن... — دەپ پىچىرلىدى. قامچىنى قوينىغا سېلىپ تۇرۇشىغا، ماموت شەيخ ئۆيدىن بوراندەك ئېتىلىپ چىقىپ، توقۇپ تەييارلانغان قارا ئاتنىڭ قوش بېشىدىكى پوسما كېيدۈرۈلگەن قوشنى ئېلىپ ئاتقا مىندى، ئۇڭ قولىنى كۆككە قويۇپ بېشىنى ئەگدى:
— ئاتا، دۇئا بېرىڭ، ئۈچ كۈنلۈك ئوۋغا چىقىمەن. —
— خۇداغا ئامانەت، ئاق يول بولغاي، خىزىر ئەلەيھىسسالام يار بولغاي، يىگىتلەرنىڭ پىرى ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان مەدەت قىلغاي، ئامىن.
شەيخنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغان چاكار قىلىچ بىلەن ئوقيا، ئوقدانلارنى بەردى. شەيخ ئېتىنى يورغىلىتىپ دەرۋازىدىن چىقتى. دەرۋازا يېنىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ شېخى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سوۋۇشۇپ يارىسىنى ئېچىشتۇردى. بىردىن قارچىغا قونۇدۇرۇۋالغان ئالتە چاكار شەيخنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.
قۇرغاق كۆز ھاۋاسى مەھەللە باغلىرىدىن پىشقان مېۋىلەرنىڭ پۇرىقىنى ئەكىلەتتى. ئۆگزىلەرگە قاقلىۋېتكەن قىشلىق

قوغۇنلاردىن كۈچلۈك شىرىن پۇراق تارقىلاتتى . شەيخ ئاتنىڭ قۇلاق تۈۋىنى بىسىپ سىلاپ قويۇۋىدى ، ئات يورغا چىپىشتىن بىرلا يۇلقىنىپ ئۈچقاندەك يەڭگىل چاپقىلى تۇردى .

— ھىلىمخان ، سەن ھەمزە ئاققاشنى ئىلىپ كەل ، چاپسان ماڭ ، ھايال قىلىشىپ قالساڭ قۇلىقىڭنى كىسىۋىتىمەن .

— خوپ .

بوز ئات مىنگەن تەتۈر ئۈستىخان ھىلىمخان ئىتىنىڭ بىشىنى بۇراپ ، يىراقتا قارىيىپ تۇرغان چىراغ ئاتام مەھەللىسىگە قاراپ ئات سالدى .

يول بويىدىكى يىمىش چىگدىلەر ئالتۇن رەڭ پارقىراپ ، جۇمباق - جۇمباق ساڭگىلاپ تۇراتتى ، ئەتراپىدا ئۈششاق سىرىق ھەرىلەر ئۈچۈشۈپ يۈرۈشەتتى . شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن شور توپا شەيخنىڭ تىتىلىپ كەتكەن يۈزىگە يىپىشىپ ، يۈزىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك ئىچىشتۇردى . ئۇ ئاتنى يولدىن چىقىرىپ يىشىل چىملىق يەردە چاپتۇردى . ئۇيەر - بۇيەردە غۇژمەك - غۇژمەك قويلار ئۈركۈپ قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ قاچاتتى . كەڭرى چىملىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى يەرلەردە قۇناقلار پىشىپ قۇلاقلىرى قورۇلغان ، باش - ساقاللىرى قۇرۇپ قايرىلغان ئىدى . قىر بىشىدىكى ئىگىز ئۆسكەن كەندىرلەر ھاۋاغا كۈچلۈك پۇراق تارقىتىپ دىماغنى غىدىقلايتتى ، كەندىر تۈۋىدە توپ - توپ كەپتەرلەر دانلاشماقتا ئىدى .

شەيخ ئاتنى يورغىغا سالدى . ئاشۇ كۆرۈنگەن ئىتىزلار كىرىم ھاجىنىڭ يەرلىرى ، ئالدىدىكى كەڭرى كىۋەزلىكتە كىۋەز تىرىۋاتقان خوتۇن - قىزلار كىرىم ھاجىنىڭ يىللىقچى دىھقانلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئىدى . كەندىر پۇرىقى ، سالقىن قۇرغاق ھاۋا شەيخنىڭ پىغان - ئەلەملىرىنى سەگىتكەندەك پۈت -

قولىغا جان كىرىپ، پەي ـ يېغىشلىرى چىڭىپ، كىرىشكەن چىشلىرى بوشاشقاندەك بولدى. كېيۈەزلىكتىن قۇرغاق ھاۋا بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بوش ناخشا ئۇنىڭ تەنلىرىگە يېڭى تىترەك تاراتتى. ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق، يېقىملىق بۇ ئاۋاز كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. شەيخنىڭ قېنى يۈزىگە تەپتى، چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، چىرايلىق ئۆتكۈر كۆزلىرى كەندىرلەر ئارىسىدىن كېيۈەزلىكنى مارىدى، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇئاتنىڭ بېشىنى قانداق بۇرىغىنىنى بىلمەي قالدى، ئات قوموش، يىكەن، پىزەكلەر قاپلىغان سازلىق سۇلىرىنى چاچرىتىپ، قوموش، يىكەنلەردىن چاپچىپ كەندىرلىك قىرغا قاراپ چاپتى. پاتقاق، لۆجىلەر چاچراپ، شەيخنىڭ ئاياغلىرىنى، ئاتنىڭ قۇرساقلىرىنى قارا لايغا مىلىدى. سازلىقتىن سېسىغان لاي پۇرىقى كېلەتتى. ئات ناھايىتى كۈچەپ چاپقانلىقتىن ئېغىر خارتىلداپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتتى، يۈگەننى ئاچچىق ـ ئاچچىق غۇرۇچلىتىپ پۇشقۇراتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىدى.

— شەيخ مامۇتخان ئېلىشىپ قالمىغاندۇ؟ شۇنداق يەرگىمۇ ئات سالغان بارمۇ؟

— بىچارىنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى، قويغان ـ تۇتقىنىنى، ماڭغان ـ تۇرغىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھاجى ئاتامنىڭ قامچىسى تەگمىگەن بولسا ئورنىدىن تۇرمايتتى.

شەيخنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان چاكارلار ئەنسىرەپ قېلىشتى. شەيخ ئاتنىڭ شىددەت بىلەن دۆلۈنۈپ مېڭىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. سول قولىغا قوندۇرۇۋالغان قۇشنىڭ تېرە پەلەينى قامىغان تىرناقلىرى ئاجراپ كېتىپ بىر چىرىلداپ پالاقلاپ، غەزەپ بىلەن قاناتلىرىنى كەردى.

شەيخ ئاتنىڭ كاردىن چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ، سازلىقتا سەكرىمەكچى بولدىيۇ ، ئۆزىچە ئاتنىڭ كۈچى بار - يوقلۇقىنى سىنىماقچى بولۇپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى . ئات خارتىلداپ تىك چىملىق قاشقا ئوقچۇپ چىقىۋالدى ، چىقىپلا تازا يۈگۈرمەكچى بولۇۋىدى ، شەيخ يۈگەننى تارتىپ يورغىغا قويدى .

ئاتنىڭ پاچاقلىرىغا لاي چاپلىشىپ ، چىرايلىق قويرۇقىنىڭ ئۇچىمۇ بولغىنىپ كەتكەنىدى . شەيخنىڭ جىگەررەڭ تونىمۇ لاي چاچراپ بولغانغانىدى . ئات چىم ، يۆگىمەچ ئوتى باسقان ئېگىز قاشقا يامىشىپ ، قويۇق كەندىر ئارىسىنى بۆسۈپلا كېۋەزلىك ئىچىگە چۈشتى ، ناخشا توختىدى .

شەيخ قولىدىكى قۇشنى ئىگەرنىڭ قوش بېشىغا قوندۇرۇپ ، تېرە پەلەيىنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ ، ئالدىدىكى قىزغا تىكىلىپ قاراپ قالدى . قىزنىڭ قاپقارا كۆمۈر پاتۇرۇپ قويغاندەك ئانچە چوڭ ئەمەس كۆزلىرىدە چۆچۈش ، ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى . يوپۇرماقلىرى قىزارغان ، ئاق بالداقتەك ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلىك ئارىسىدا تۇرغان زىلۋا دېھقان قىزىنىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ چىققان شەيخ : « بىر قاراشتا كېلىشكەن كاساپەتكەن ، تېخى زۆھرەدىنمۇ ئاشامدۇ نېمە ... ياق ... ياق ... مىڭ چىرايلىق بولغان بىلەن ئۇنىڭغا يېتەمدۇ ، بۇ قارىۋاي بوتىلاقكەن » دەپ ئويلىدى ئىچىدە .

— خېنىم ، ناخشىڭىزنى دۆڭ ئېيتىپ كېۋەز تېرىۋاتامسىز ؟ ناخشىنىڭ ئىگىسىنى كۆرىمەن دەپ ، ئېتىمنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالدى ، — دېدى شەيخ كۈلۈپ .

— ناخشام يېگىتۋېشىمىز شەيخ ماھمۇتخان ئاكامنىڭ ئېتىنىڭ بېلىنى سۇندۇرغۇدەك ئاڭلىنىپتۇ - دە ، زاڭلىق قىلمىغانسىز ، سىز باي ، بىز گاداي تۇرساق .

— كۆڭلۈمدىكى يار بولسا ، تېرىقنىڭ زاغىرى بولسا دەپتىكەن خېنىم .

قىز يەرگە قارىۋالدى ، ئۇنىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى .

— كۆڭلىڭىزدىكى يارىڭىزنى يانتاق تەۋەسىدە هازىر كىم بىلمەيدۇ ، بۆكىمىزگە جىگدە سالاي دەمسىز ، مەندەك بىچارىنى ئەخمەق قىلماي ئەيسانىڭ ئاۋىتىغا مىڭىڭ .

قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلىۋەتتى .

« ئۇھ ، ۋاي خۇدايىم ، مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم ، سەن كىمگە كۆڭۈل قويدۇڭ دېگەندەك ، ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ... مەن دەردمەن دېسەم دەردمەننىڭ خۇۋەينىگە[①] ئۇچراپتىمەن . »

شەيخنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ كەتتى .

— قانداق قىلىمىز ، تەقدىر شۇنداقكەن ، خۇدا ئوتنى شۇنداق سالدىغان ئوخشايدۇ . يارىڭىزنى تاتىلاپتىمەن ، خاپا بولماڭ .

— خاپا بولمىدىم ، خۇش بولدۇم ، چۈشۈمدە بولسىمۇ بىر قېتىم گەپ قىلىشقىلى نېسىپ بولارمۇ دەيتتىم . خۇدايىمغا ئازايىم يەتكەن ئوخشايدۇ ، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدىڭىز ... مانا ، خېلى گەپلەشتىم ، مۇرادىمغا يەتتىم ...

قىز كېۋەزلەرنى چەيلەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى ...

شەيخنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى .

— بىر ئاجىزنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىمەن دەپ دەرد

---

① خۇۋەينە — مەدىس ئۆتە دەردمەنگە دېمەكچى .

قوشتۇم ، ئاھ خۇدا ، بۇ ئەمدى نېمە كۆرگۈلۈك . ئەستاغپۇرۇللا ، بۇ كىمنىڭ قىزى بولدى ئەمدى ، ئېتىنىمۇ سورىۋالماپتىمەن . شەيخ ۋارقىرىدى .

— ئېتىڭىز نېمە ؟

قىز ئاڭلىمىدىمۇ ، ئاڭلىسىمۇ جاۋاب بېرىشنى راۋا كۆر-مىدىمۇ پىڭىلداپ يۇگۈرگەنچە يىراقلاپ كەتتى . شەيخ مامۇتخان قوينىدىن بىرى ئون سەرلىك كۈمۈش تەڭگىدىن بەشنى ئېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ، قىز تېرىپ قويغان كېۋەز دۈۋىسى يېنىغا يۈ-كۈندى . كېۋەز دۈۋىسى يېنىدا رومالغا يۆگەكلىك بىر نېمە تۇراتتى ، ئۈستىگە چېۋىنلەر ئولىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ياغلىقنى ئاستا ئاچتى ، ئىچىدە خام خوتتا پىشقان ، ئوتتۇرىسى ئويمان-چاق ، يېرىق - يېرىق بىر زاغرا ، ئۇنىڭ يېنىدا يېرىمى يېيىلىپ سۇ يىغىلىپ قالغان يېرىم كاسا قىزىل قوغۇن تۇراتتى .

— بىچارە ، بەكلا نامرات ئىكەن ، كۆڭۈل دېگەن باي ، كەمبەغەل دېمەيدۇ ، كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ ...

ئۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنى زاغرىنىڭ ئۇرىچەك يېرىگە سې-لىپ ، ياغلىقتا يۆگەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى . قىزنىڭ قارى-سىمۇ كۆرۈنمىدى . يىراق كېۋەزلىكلەردە باشقا ئاياللار كېۋەز تېرىۋاتاتتى . « ھەرقاچان بىرەر دالىدا يىغلاۋاتىدىغاندۇر ... » شەيخ يەنە تىزلاندى ، ياغلىقنى ئېچىپ زاغرىدىن بىر چىشلەم ئۈشتۈپ ئاغزىغا سالدى .

— بۇ پۇللارنى بىكاردىن كەلگەن ، ھارام دەپ چۆرۈ-ۋەتمىگەيسىز ، بىچارە قىز ، مەنمۇ ھەققىمنى ئالدىم ...

نان بەكلا ئاچچىق ئىدى ، شەيخ ناننى نېرىغا يۇتسا ، بېرىغا كېلىۋېلىپ خېلى قىينالدى .

— خۇدا بەختىڭىزنى بەرگەي ، ئامىن ...

شەيخ دۇئا قىلىپ ئاتقا مىندى ۋە چاكارلىرىغا ئۆندىمەي ماڭدى . كېۋەزلىكتىن چىملىققا چۈشكەندە چاكارلار ياندىقلاپ كېلىۋىدى :

— مەندىن ئەللىك ماڭدام كېيىن مېڭىڭلار ، — دەپ ئېتىنى دىۋىتتى .

دۆڭگە كەلگەندە ، ئېگىز قومۇشلۇق ئارىسىدا جەدە ئاتنىڭ ئاستىدا سايىداپ ياتقان ھەمزە ئاقاش شاپاق دوپپىسىدا يۈزىدىكى تەرنى سۈرتۈپ ئورنىدىن قوپتى . دۆڭنىڭ كەينىدىن ھىلىمخان ئاتنى يېتىلەپ ھىجايغىنىچە چىقىپ كەلدى .

— ھايالىشىپ قالدىڭلىغۇ شەيخ مامۇتخان ، — ھەمزە ئاقاش پاراسەت يېغىپ تۇرغان بېغىر كۆزلىرىنى ھىيلىگەرلىك بىلەن پارقىرىتىپ ، مامۇت شەيخنىڭ بوز تۇپراق چىرايىغا قارىدى .

— شوخلۇقۇڭلار قېنى ئادىشەي ، غورا يېگەن تازدەك قورۇلۇپ ، بورا قومۇشىدەك سارغىيىپ تۈگىشىپلا كېتىپسىلە ...

ئۇنىڭ سول قېشىنىڭ ئۇچى تەرىپى ئاق بولۇپ ، ئىسكەتىنى بۇزۇپ تۇراتتى .

— تولا كاشكىرىماي ئېتىڭغا مىن !

شەيخ ئاتنى چاپتۇردى . ھەمزە ئاقاشنىڭ ئېتىمۇ شەيخ بەرگەن ئۇچقۇر ئات ئىدى . ئۇ ھەمساتتىلا يېتىشىپ ياندىشىپ ماڭدى .

ئۇلار جەرەن دۆڭدىن ئېشىپ ، يار كۆل تەۋەسىنىڭ دەريا قېشىدىكى تالىقنى كۆزلەپ ماڭدى ، چاكارلار ئارىلىق قالدۇرۇپ ئات سېلىپ كېلىۋاتاتتى .

— مېنى يەنە ھېلىقى ئىشقا سالامسىلەر ، ئادىشەي .

— بىلگەندىن كېيىن نېمە سورايسەن .

— يەۋەتمىگەنسىلەر ؟

— چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن . ماڭا چاقچاق قىلغۇچى بولما ، بۇرۇنقى ئاغزىمغا سىيسەڭمۇ كۆلۈپ تۇرىدىغان ماۋۇت شەيخ ئەمدى يوق .

— ئاشۇ ئاق بىلىقنى قوينۇڭغا سالمىغۇچە .

— تاپتىڭ .

شۇنىڭدىن كېيىن ھەمزە ئاققاشنىڭ ئاغزى بېسىلدى . كۆن قىيام بولدى . ئاتلار بۆرە مېڭىشقا چۈشتى .

— بۇ قېتىم نېمىسىنى ئوغرىلاپ كېلىمەن ؟

— نېمىسىنى بولسا بولىۋېرىدۇ .

— ئاغزىمغا گەپ كەلسە دەۋالمىسام تۇرالمايمەن ، مۇشت يېسەممۇ يەي ، بەك دېگۈم كېلىپ كەتتى ، بۇ قېتىم ئىشتىنىنى ئوغرىلاپ ئەكېلىپ بېرەيمىكىن ... ھى ... ھى ... ھى ...

— مەن سېنى ھازىر ئۇرمايمەن . مېنى زاڭلىق قىلغۇچى بولما ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سەۋدا سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كەلمەي قويمايدۇ ، ھېچبولمىسا مېنى زاڭلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ .

ھەمزە ئاققاش قاقاقلاپ كۆلۈپ كەتتى .

— بۈگۈن ياۋا توڭگۇز ئۇۋۇلىساڭ كۆڭۈللۈك بولارمىكىن دەيمەن . ياۋا توڭگۇزلار تاللىقنى تاشلاپ ، يار كۆل ئىچىگە كىرىۋالغان چېغى ، كۆز بولدى ئەمەسمۇ .

— چاكارلار توشقان ئۇۋۇلاپ ، يىلان بېشى چاتقاللىقىدا غىزا قىلغاچ تۇرسۇن ، بىز تاللىققا كىرمەي دەريا ياقىسى بىلەن مېڭىپ ، ئاۋات تەۋەسىدىكى قاپاق تاللىقتا تولكە ئۇۋۇلايلى .

— سېنىڭ كۆڭلۈڭ . ھە راست ، بۇ قېتىم ئوبدانراق بېرىسەن ، ئەيسا بەگنىڭ قورۇسىغا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ كىرىۋاتىمەن ، تۇتۇلۇپلا قالسام ئۆلمىسەممۇ يا پۇتۇمدىن ، يا قو-

لۇمدىن ئايرىلىپ چىقمەن .
— بىلىمەن ، سىنى ئوبدان رازى قىلىمەن ، كۆڭلۈڭنى
توق تۇت ، خۇمپەر .
ئۇلار چاكارلارنى ئوۋغا قويۇۋېتىپ ئىشلارنى تاپىلاپ ،
دەريا تەرەپكە قاراپ ئات سالدى .
دەريا بويىغا يېقىنلاشقانچە قۇمساز ، قۇرغاق كەلگەن
توزغاق توپىلار بېسىقىپ ، ئالاقات ، جىغان ، يانتاق ، قومۇش
باسقان قاتىلاڭ شورلۇق يەرلەر باشلاندى . توشقان ، كەكلىك ،
كۆشكەل ①، قىرغاۋۇللار ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇراتتى ، كۆك
كەپتەرلەر باش ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى . دەريا تەرەپكە يې-
قىنلاشقانسېرى تۇپراق ، نەملىشىپ ، چاتقاللار قويۇقلاشتى . يەر
يۈزىنى ياشىرىپ تۇرغان قارا قىرژاق ②، چىغىرتماق قاپلاپ
كەتكەنىدى . بارغانچە كۆك سېغىزلىق تۇپراق باشلىنىپ ، قويۇق
يىگىندەك ياشىرىپ تۇرغان يېشىل چىملار ئادەمنىڭ يۇملان-
غۇسى كەلگۈدەك يەر يۈزىنى بويىۋەتكەنىدى . دەريانىڭ سۈيى
تارتىلىپ كەتكەن بولۇپ ، تاراملار كۆپەيگەن ، سۇلار سوزۇ-
لۇپ ، دەريا ئوتتۇرىسىدا قەيلەر ③پەيدا بولغانىدى . دەريا ئىچىد-
دىن ئۇرغان يۈرەكنى سەگۈتكۈچى ، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان
نەم ، سالقىن ھاۋا ئۇچۇپ كېلەتتى .
شەيخ مامۇتخان بىلەن ھەمزە ئاققاش ئۈچ تارامدىن
سۈزۈك سۇلارنى چاچرىتىپ چېپىپ ئۆتۈپ ، ئېقىن بويلاپ ئات
سېلىپ ماڭدى . دەريانىڭ ئاياغ تەرەپ قىرغىقىدىن ئەيسا ئاۋ-
تىنىڭ قويۇق دەل — دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈندى ، دەرەخلەر-

① كۆشكەل — باۋا كەپتەر ئائىلىسىگە تەۋە ئۇچار قۇشنىڭ بىر تۈرى .
② قارا قىرژاق — كەچ كۈزدىمۇ ياپيېشىل تۇرىدىغان ئوت .
③ قەي — دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز بەللەر .

نىڭ ئۈستى ئاقۇش تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى.

— ھەي شەيخ مامۇتخان، ئۇۋ قىلىدىغان يەرگە كەلدۇقىيا.

— ئاغزىڭنى يۇم، تېخى كەلمىدۇق.

— ھېچبولمىسا كىرپىدىن تۆت - بەشنى بولسىمۇ تۇتۇۋالساق كاۋاپ تازا ئوخشايتتى.

مامۇت شەيخنىڭ تۇرۇلۇپ، قورۇلۇپ كەتكەن چىرايى سەل ئېچىلدى. ئۇ قاراڭغۇ دەرەخزارلىقتا تىكىلگەن چىرايلىق ئۆتكۈر كۆزىنى ھەمزە ئاققاشقا تىكتى. ھەمزە ئاققاشنىڭ دوردىيىپ كەتكەن سېرىق بۇرۇتلۇق تۇمشۇقى، ئاق قېشى ئاستىدا قىسىلىپ كەتكەن ئاران كۆزى[1] شەيخكە كۈلكىلىك كۆرۈندى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— كىرپە دەپ قالدىڭ؛ خوتۇنۇڭ كۆتۈڭگە تېپىپ يېرىم كېچىدە يالىڭاچ قوغلاپ چىقارغان ئوخشىمامدا؟

شەيخ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى كۈلۈپ كەتتى. ھەمزە ئاققاش قىزىرىپ، ئېسىلىپ، ئاق قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ھىجايدى.

— ياقەي... تېخى تۈي كېچىدىكىدىن كەملەپ كەتمىدى.

— قوي چاقچاق گېپىڭنى، راست گەپ قىل. كىرپە گۆشىنى يېمىسەڭ بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— شەيخ مامۇتخان، سىلى بىلەن بەسكە چۈشۈپ قالسام مانا مەن دېگەن جەگى بار[2] خوتۇنلارنى سىلىدىن بەش ئاش پىشىم بۇرۇن داد دېگۈزمىسەم ھېساب ئەمەس دەيمەن.

---

① ئاران كۆز — سارغۇچقا مايىل كۆك كۆز.

② جەگى بار — سەنەڭ ئاباللارنى دېمەكچى.

— جاھاننىڭ مەنزىلى ئۇزۇن ، ئىككىمىز يىگىتچىلىككە بىللە بېرىپ تامدىن ئارتىلىپ باقمىدۇق . كۆرىمىز تېخى ، مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈنلا سەن بىلەن بىر كېچىلىك چىراغسىز مەشرەپكە چۈشمەن . مەن بىلەن تەڭ تاڭغا ئۇلىيالىغان تەقدىردىمۇ ، بوسۇغا ئاتلاپلا بېلىڭنى ئالالماي ئايلاپ يېتىپ ، نەچچە يىلان يېمىگىنىڭنى كۆرىمەن تېخى . سەن ھازىر مامۇت شەيخكە گەپ قىلىۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ بولغاي .

— مەردنى مەيداندا سىنا ، يىگىتنى چوكاندا دېگەن گەپ بار ، قېنى كۆرىمىز ...

— بولدى ، تەگەشمە ئاققاش ، خەقنىڭ ئۆيىگە تەتۈر مورا چىقىرىشتا قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمىسەممۇ ، مۇھەببەتتە سەن ھامان يېڭىلىسەن . راست گەپ قىل ، سوغۇق ئېشىپ خوتۇنىڭنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىغان بولساڭ ، كىرپىدىن بەش ـ ئالتىنى تۇتۇۋالساقمۇ بولىۋېرىدۇ . بۇ جانىۋار ھەممە يەردە ئۇچراۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس . ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئاخىر ئۆينى بۇزىدۇ . راست ، يۈرىكىڭدىكى گەپنى قىل ، شۇنداق ئىش بولسا ئېلىۋالىمىز . ئەمما ، بۈگۈن بۇ يەردىلا يېمەيسەن . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، بۇ يەردە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خوتۇن يوق . ئىككىنچىدىن ، چاكارلار كىرپىنى كۆرۈپ قالسىلا ساڭا گەپ تاپىدۇ . بىزنىڭ چاكارلار خوتۇن خەقتىنمۇ غەيـۋەتخور . ھەمزە ئاققاش ئاختا بولۇپ قاپتۇ ، دېگەن گەپ تارقالسا ساڭا ئۆلۈم ھەق ، مەنلا بىلىپ قالاي . بۇ كىرپىلىكنى كۆرۈۋالـدىڭ ، باشقا بىر ئوبدان چاغدا ، خۇدا بۇيرۇسا كېلىپ تۇت ، گېپىم دېتىڭغا سىغامدۇ يا ؟

شەيخ ئۇنىڭغا قارىدى . ھەمزە ئاققاشنىڭ غەم شەپىسى بىلىنىشكە باشلىغان چىرايىغا سەممىي بىر رازىمەنلىك تەبەسـ

سوٗمى تەپتى .
يوٗلغوٗنلوٗق ئاخىرلىشىپ ، ياش تال كۆچەتلىك باشلاندى . تال يوپۇرماقلىرىدا باش كوٗزنىڭ سايىسى پەيدا بولغاندى ، ياپىراقلار قىزغوٗچ رەڭگە كىرىپ ئوٗچىدىن غازاڭ بولوٗپ قوروٗلوٗشقا باشلىغانىدى . توغراقلىق قويوٗقلاشقانسىرى بىر خىل قوٗرغاق ، دىمىق هاۋا گوٗپوٗلدەپ ئوٗروٗشقا باشلىدى . بەزى ياش كۆچەتلەرنىڭ قاتمىغان سويىپاقلىرىنى جەرەن غاجىلاپ ئاقلىۋەتكەنىدى . قويوٗق چاتقاللار ئارىسىدىن ئوٗركوٗگەن ، كوٗزلوٗك توٗلەككە كىرگەن تولوٗمدەك سەمرىگەن توشقانلار ئوٗركوٗپ قاچاتتى .

× × ×

شەيخنىڭ قولىدىكى قوٗش تىپىرلاپ چىرىلدىغىلى توٗردى ، بارمىقىغا چىڭ باغلانغان پاتاڭنى كوٗچەپ چوقوٗلىدى . ئوٗ بىشىنى زەردە بىلەن هەر بىر سىلكىگەندە بوينىدىكى كىچىك كوٗموٗش قوڭغوٗراق جىرىڭلاپ قوٗشنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشوٗلوٗپ كىتەتتى .
— هىزى بول هەمزە ، قوٗشوٗم بىر نىمىنىڭ شەپىسىنى سەزدى يا توٗلكە ، يا بولمىسا ياۋا توڭگوٗز . قولوٗڭغا ياخشىسى نەيزەڭنى ئىلىۋال . قاۋان توڭگوٗز بولسا قوٗشنى سالمايمىز ، سىلىپموٗ ئوٗلگوٗرەلمەيمىز . ئوٗزىمىز ئىلىشمىساق هىچنىمە بولمىدوٗق دىگەن تەقدىردىموٗ ئىتمىزدىن ئايرىلىمىز . ئاتنىڭ قوٗلىقىغا قارا ، ئاتنىڭ قوٗلىقىموٗ شەپە بەرگىلى توٗردى ...
هەمزە نەيزىنى ، شەيخ تىكەنلىك چوماقنى چىقاردى .

ئاتلار چاتقال ئارىسىدا پۇشقۇرۇپ ئاران ماڭاتتى .

— ئۇۋ تايىقىڭنى ئېلىۋالغان بولساڭ كاشكى .

— ئاتامنىڭ قامچىسىدىن كاللام چۆرگىلەپ كەتتى ھەمزە ، يا چاكار دېگەن گۇيلارنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتۇ .

ھەمزە ماموت شەيخنىڭ يۈزىگە سىنچىلىدى ، يارىلار قارامتۇل بولۇپ قېتىپ قالغانىدى .

ياش تاللىق ئاخىرلىشىپ كەڭ كەتكەن يۇلغۇن ، كۆۋرۈك ، يانتاق چاتقاللىقى باشلاندى . يىراق شىمال ئۇپۇقىدا ئەيسا ئاۋىتىنىڭ دەريا قاسنىقىنى بويلاپ سوزۇلغان قاپاق تاللىقى كۆرۈندى ، يۇرت ئايىغىمۇ قاپاق تاللىق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى .

— تۈلكە ... تۈلكە ! ھەمزە ، تازا تۇماقلىق ، يۈز چارەك بۇغدايغا يارىغۇدەك تۈلكە ... جۇۋا ياقىلىقىمۇ بولىدۇ ، كۆردۈڭمۇ ؟

شەيخ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى . ئۇ تۈلكە ئوۋلاشقا بەك ئامراق ئىدى ، ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا تۈلكە ئۇچرىسىلا ئامىتىم بار دەپ ھېسابلاپ خۇشال بولۇپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى .

— ئاينا ، كۆرمىدىڭمۇ ھەمزە ، گەپ قىل ، سەندە ئوۋچىنىڭ كۆزى بولمىسىمۇ ئوغرىنىڭ كۆزى باريا . قارا دەيمەن ، تازا تولەپ پارقىراپ كېتىپتۇ ، بۇنداق رەڭدىكى تۈلكىنى تاپماق ئاسان ئەمەس . ھەمزە ، ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان بولدى .

تۈلكە بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي چاتقال ئارىسىدا قاچتى . شەيخ قوشنى سىلىشقا تەرەددۇتلىنىپ ، پاتاڭدىن ياسالغان چاتمىنىڭ توڭكىرىكىنى [1]چىقارغىلى تۇردى . ھەمزە

---

[1] توڭكىرەك — تۈگۈن .

نىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .
— رەسمىي قاپاقتەك بولۇپ قاپسەن ، كاللاڭدا ئوشۇق-تەكمۇ مېڭەڭ قالماپتۇ . شەيخ ، ھەممىنى ئەيسانىڭ ئاۋىتىدىكى جانانىڭنىڭ كۆزىگە تېگىشىۋېتىپسەن . ئەرشىئەلادىن ياكى ئۇۋنى بىلمەيدىغان قوۋمدىن كېلىپ قېلىۋاتقاندەك قىلىسەن . بۇ چاتقاللىق ، بىلەمسەن ؟ ئۇۋ خۇمارى تۇتۇپ ساراڭ بولغان قۇشنى مۇشۇ چاتقالغا ، يەنە كېلىپ تۈلكىگە سالساڭ ، تۈلكە ئې-لىش ئۇن تاغنىڭ ئۇ يېنىدىكى گەپ يا تۈلكە قۇشۇڭنى چاتقالغا پۈكلەپ قويۇپ ساڭا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ ياكى قۇش كېلىپ تۈلكىنى ئالالمىغان ئاچچىقىدا ...
— بولدى ، ۋالاقلىما خۇمپەر . قۇشنىڭ ئىگىسى مەن ، قۇشۇمنىڭ پەيلىنى سەن بىلەمسەن مەنمۇ ؟ — مامۇت شەيخ قۇشنىڭ كۆن پوسمىسىنى ئېلىۋېتىپ ۋارقىرىدى ، — گاھ ... گاھ ... گاھ ... يا تەۋەككۈل پېشانەم .
ئاسماننى سېغىنىپ جېنى ئىچىگە سىغماي قالغان قۇش يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ ، قاتتىق چىرقىراپ لەپىلدەپ ، ئېغىر ئۇچۇپ كۆككە تىك كۆتۈرۈلدى . قۇش دەسلەپ كۆتۈرۈلگەن-دە ، ئۇنىڭ قانىتىنىڭ يەلپۈشىدىن يېقىندىكى چاتقاللار شىل-دىرلاپ كەتتى . ئاتنىڭ يالى قاتتىق يەلپۈنۈپ ، ئات كىشنەپ ، پۈشقۇرۇپ بېشىنى بۇرىدى .
— لېكىن ، خۇدا ساقلىسۇن ساراڭ شەيخ ، كۆڭلۈم تو-يۇپ تۇرىدۇ ، جېنىمىزغا ھېزى بولىلى .
— ئاغزىڭغا توپا تىقىۋېتىمەن ھەمزە ، تولا چىشىمغا تەگمە ...
— سا مېڭىسى يېگەن تەلۋە ، ئالدىڭدىكى غىلتاڭ يەر ئەمەس ، چاتقاللىق . كۆرۈۋاتامسەن ؟ مەن ساڭا كۆيۈنۈۋاتى-

مەن .

— يوقال كۆزۈمدىن ئاققاش ، ھۇ توخۇ يۈرەك مەرەز ، بىرىپ ئىگىچى سىڭلىڭغا كۆيۈن .

شەيخنىڭ ئىستەك قارىيىپ كەتكەن چىرايىنى ، پىلدىرلاپ ھېلىلا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇرغان كۆزىنى ياۋايى تەلۋىلىك قاپلىدى . ھەمزىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى . بۆركۆتنىڭ ۋەھىمىسىدە چىڭقالغان نېرۋىسى بۆركۆت ئىگىسىنىڭ سۆرىدىن سېزىمىنى يوقاتقاندەك بولدى .

— يوقال كۆزۈمدىن كاس ـ كاس قانجۇق .

— مەن ... ماڭا ...

— يوقال ، بىردەم نېرى تۇر كۆزۈمدىن ، ھېلى بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان سەندەك كالۋا نان قېپىدىن يالغۇزلۇقۇم ياخشى . سېنى ئىشىم تۈگىگۈچە كۆزۈم كۆرمىسۇن ، دالدىغا بار ، مەن كۆرمەيدىغان يەرگە بار ، جېنىڭغا ھېزى بول . بىلىپ قوي ، ھازىر قۇلىقىمنىڭ قېنى قاچتى ، سەن جان تاتلىقمۇ دەپ سورىساڭ ، مەن ھازىر كۆڭۈل تاتلىق دەيمەن . ئەقلىم كۆڭلۈم تارتقان ئىشقا باشلىغانىكەن ، جانىنىڭ راھىتى شۇ بولمىسا بۇ سېسىق جانىنىڭ نېمە كېرىكى . يوقال ، بەزدەك تۇرما ...

شەيخ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ دىۋەيلىدى . ھەمزە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ، ئارقىسىدىكى ياش توغراقلىققا چېپىپ كەتتى . ئۇ ئۈچ قېتىم ئارقىغا قارىۋىدى ، شەيخنىڭ تېخىچە ئۇنىڭ كەينىدىن لالما ئىتقا قارىغاندەك بىر نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ھەمزىنى بىر خىل نومۇس ، ئىزا قاپلىۋالدى . « ۋاي ، ۋاي ، ئۇنى كالۋا دېيىشكە مېنىڭ نېمە ھەققىم بار . قىلىچىنى قارنىمغا تىقىۋەتسىمۇ ھەق ماڭا . مەنمۇ بىر ئەر-

غۇ . ئۇنىڭغا نېمە كەلسە مەنمۇ شۇ . قىلىمەن دېگەن ئىشنى
تونۇپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ ئاتىسىمىدىم . ئىست ... ئىست ،
ئەسلى مەن دۆتكەنمەن . جاھاندىكى بارلىق بەختسىزلىك كالۋا-
لىق ، يۈرەكسىزلىكتىن بولىدۇ . كالۋا ئادەم باشقىلارغا ئەقىل
ئۆگىتىشكە ، نەسىھەت قىلىشقا ، خەقنىڭ رايىغا پاتاڭ سېلىشقا
ئامراق كېلىدۇ ...»
ھەمزىنىڭ ئىنتى ياش تالزارغا شۇڭغۇدى . شەيخ ئات
ئۈستىدە قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ زەڭگەر كۆككە تىكىلىپ ،
قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تىك تۇراتتى . ئۇنىڭ تۈز ، كې-
لىشكەن قامىتى چاتقاللىق ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈ-
نەتتى . ھەمزە ئىتىدىن چۈشۈپ سەگەكلىك بىلەن كۈتتى .
بۈركۈت توختىماي بىرخىلدا ئېگىزلەپ كۆك قەرىگە
كۆتۈرۈلدى ، بۇ ئۇنىڭ ئوۋنى قاتتىق سېغىنغانلىقى ئىدى .
كەپتەرچىلىك كۆرۈنگەن بۈركۈت كېيىن كىچىككىنە قارا تاش-
تەك بىر نېمىگە ئايلاندى ، ھەتتا بەزىدە شەيخنىڭ كۆزى ئۇنى
ئىلغا قىلالماي قالدى . ياڭاقتەك قارا بۈركۈت ئاق تۇمان ئارىسىدا
يوقىلىپ ، يەنە پەيدا بولۇپ ، بولۇت كېسىپ چاتقاللىق دالا
ئۈستىدە ئايلانغىلى تۇردى . شەيخنىڭ يۈرىكى بارغانچە پۇ-
كۈلداشقا باشلىدى . « راست ، ھەمزىنىڭ گېپى دۇرۇس ، بۇ
جانىۋارنىڭ تازا تەلۋىلىكى تۇتۇپتۇ ئەمەسمۇ ، ئەستا ، قىزىقچى-
لىقتا ... » شەيخنى مۇزدەك تەر باستى ، ئۆسكىلەڭ قارا قوڭۇر
چېچىدىن تەر قۇيۇلۇپ دوپپىسى ھۆل بولۇپ كەتتى ، دولىسىنى
قورۇغان مۇزدەك تەر تامبىلىنىڭ لىپىزىغىچە ساقىدى . نەدە بول-
مىسۇن ھەمزىنىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقىنىنى كۆڭۈل كۆزىدە
كۆرۈپ تۇرغاچقا ، ئەقلى دالدىغا يۈگۈرۈشكە ئۈندىسىمۇ غۇ-
رۇرى ئۇنى قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى . ئۇ ھەم-

زىننىڭ ئالدىدا قورقۇمسىزلىقنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلگەن-
دەك ھېسسىياتتا ئىدى . ئۇ قورقۇمسىزلىقنى يانتاق ، مەكىت ،
مارالبېشى تەۋەسىدە مىڭلاپ سورۇندا كۆرسەتكەن . ساناقسىز
ئوغلاق تارتىشلار ، مەشرەپلەر ، خوراز سوقۇشتۇرۇش ، قوچقار
سوقۇشتۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆزىنى تونۇتقانىدى . ھازىر ئۇ ئا-
جىز يېرىمنى چېۋىن كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئويلايتتى .

بۈركۈت خېلىلا پەسلەپ تېز - تېز ئەگىشىشكە باشلى-
دى ، ئۇ تۈلكىنى تېپىۋالغانىدى . ھازىر ئۇ تۈلكە بىلەن مۆ-
كۈشمەك ، قوغلاشماق ئوينىماقتا ئىدى . بىردە ۋاشىلداپ تۈز
سىزىق بويىچە شۇڭغۇسا ، بىردە يېرىم ياي شەكلىدە ، بىردە
يىلان باغرى شۇڭغۇپ ، بىردە ۋاشىلداپ ئاسمانغا تىك كۆتۈ-
رۈلسە ، بىردە پەسكە ئۆزىنى تاشلاپ مەلۇم بوشلۇقتا شاپپىدە
توختاپ گەۋدىسىنى شاققىدە ئارقىغا بۇرايتتى . تۈلكە ئۇنى تازا
ئەخمەق قىلماقتا ، جىلە قىلىپ تازا تەلۋىلىكىنى قوزغاتماقتا
ئىدى .

بۈركۈت مۈكۈشمەكتىن تېرىكتى ، شىددەتلىك سوزۇپ
چىرىلداپ كۆككە قاراپ دولقۇنلىنىپ كۆتۈرۈلدى . « ئىم ، —
شەيخنىڭ بۇ چىرقىراشتىن يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى ، — ۋاي
كاساپەت ، تازا تادان تۈلكىگە ئۇچراپتۇق - دە . قۇش ئەمدى
رەسمىي غالجىرلاشتى . » بۈركۈت يەنە ياڭاقچىلىق بولۇپ قال-
دى . كۆك قەرىدىن توختىماي چىرىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى .
شەيخ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى ، ئاتمۇ يەرنى چاپچىپ
توختىماي كىشنىگىلى ، قۇلىقىنى ھەدەپ شىڭتايتىپ تېپىرلىغىلى
تۇردى . ئۇ تۇمشۇقلىرىنى كېرىپ ، يۈگەننى گورۇۋچلىتىپ چاي-
ناپ ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇردى . بۈركۈتنىڭ ھەربىر چىرىلدى-
غان ئاۋازى شەيخنىڭ قۇلىقىغا كۇمۇتا غىڭشىغاندەك كىرىپ

تۇرسىمۇ ، ئۇ بوش ئاۋاز ئەمەس ئىدى . ئۇ كۆك قەرىنى شىددەتلىك چىرقىراپ تىترەتمىسە يەرگە بۇنچىلىك ئاڭلانمايدۇ . شەيخ ئوڭ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ ، سول قۇلىقىدا بۇركۇتنىڭ ھەر بىر چىرقىرىشىدىكى ھېسسىياتىنى تىڭشىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، ياشاڭغىراپ ئېچىشىپ كەتتى ، گەدىنى قېتىپ قالدى . بۇركۇت بىردىن تار دائىرىدە ناھايىتى تېز چاقپىلەك بولۇپ چۆرگىلىدى ـ دە ، ئېغىر چويۇن چوماقتەك چاقماق تېزلىكىدە يەرگە ئۆزىنى ئاتتى . بۇركۇت چاتقالغا ئۇرۇلۇپ يەنە تېخىمۇ شىددەتلىك چىرقىراپ غۇيۇلداپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئەمدى ئۇ كەپتەردەك قالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئەسەبىي ئايلانغىلى ، ئوڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەپ ئۆزمەستىن كالتە ـ كالتە چىرقىرىغىلى باشلىدى .

ـــ شەيخ مامۇتخان ... ساراڭ بولما ، جېنىڭغا ھېزى بول ، ـــ ھەمزىنىڭ يىغلىغاندەك توۋلىغان ئاۋازى تاللىق ئارىسىدىن ئاڭلاندى .

بۇركۇتنىڭ ئەسەبىي چىرقىرىشىدىن ئاتنىڭ جېنى سىرقىراپ ، ساغرىسى دىرىلدەپ كەتتى . شەيخنىڭ قېتىپ تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى ھېسسىياتسىز ئىدى . تارتىشىپ كەتكەن قوللىرى ئاتنىڭ يۇگىنىنى بىر تارتقانچە پەقەت بوشاتمىدى . ئات قاياققا ئالدىنى قىلسا يۇگەن بوشايدىغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئىزىدا چاپچىپ نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى . چىمدا قېتىپ كەتكەن يەر چەيلىنىپ ھۆل توپا چاچرىدى . باياتىن بېرى ھەرخىل جان ـ جانىۋارلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىغا ئايلانغان كەڭ چاتقاللىق ، ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋال بولىدىغان چىدىغۇسىز سۈكۈتكە چۆمدى . پۈتكۈل دالا پەقەت بۇركۇتنىڭ ياۋۇزلىششىدىن قېتىپ قالغاندەك ئىدى . توختىماي چاپچىپ ،

كىشنەپ پىرقىراۋاتقان ئاتمۇ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك بىردىنلا بوشاپ ، بېشى پەسلەپ ، شىنىدەك قاتقان قۇلىقى سولىشىپ ، تارتىشقان پەيلىرىنى قويۇۋەتتى . بۇركۇت توختىماي چىرىلداپ تەلۋىلىك بىلەن شۇڭغۇماقتا ئىدى .

— شەيخ مامۇتخان ، چاتقالغا چۈمكەن !

ھەمزىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . بۇ ئاۋازنى شەيخنىڭ قۇلىقى ئاڭلىدى ، ئەمما كالىسى ئۇنى پەقەت ئاڭقىرالمىدى . بۇركۇت شىددەت بىلەن چىرقىراپ ، ھەمزىنىڭ ئاۋازى چىققان تاللىق ئۈستىدە ۋىشىلداپ ئايلىنىپ بىر كۆككە ئۆرلەپ ، بىر پەسلەپ ، قاتتىق سۈرەن سالدى . ئەمما ، پەقەت ئۆزىنى ئاتمىدى . ھەمزىنىڭ زۇۋانى مەڭگۈلۈككە ئۈچۈپ كەتكەندەك قايتىلاپ ئاڭلانماي قويدى . بۇركۇت دەل شەيخنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چىرقىراپ ئايلانغىلى تۇردى . شەيخنىڭ سېزىمى شاپ قىلىپ بىر تورمۇزلىنىپ يەنە بوشاشتى . ئۇ سېزىمى پەيدا بولغاندا ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى :

— گاھ ... گاھ ... گاھ ...

قۇش شىددەت بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلدى . شەيخ يەنە سېزىمىنى يوقاتتى ، ئەمما بۇ دورەم ئۇنىڭ تارتىشىپ پاتاڭ بولۇپ قېتىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى خېمىردەكلا بوشاپ كەتتى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا شارىلدىغان دەريا ئۆركىشىدەك ئاۋاز بىلەن قاتتىق شامال ئۇرۇلدى ، ئاندىن دەھشەتلىك چىرقىراش يېتىپ كەلدى . شامال ئۇنى قاتتىق شۇركۇندۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاراڭغۇ بىر سايە پەيدا قىلدى ۋە ئۇ « ۋاي ...» دەپلا گۈپپىدە يىقىلدى . ئات قاتتىق كىشنەپ بىرلا يۇلقىنىپ سەكرەپ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى . شەيخنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە چويۇن چوماق تەگكەندەك بىر ئاغ-

رىق كىرىپ چاتقال ئارىسىغا يۇمىلىدى . ئات توختىماي ئېچىنىشلىق كىشنىدى ، ئاندىن گۈپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . كېيىن چاتقال قاتتىق شاراقلاپ جىمىدى .

شەيخ ئوڭ قولىنى زادىلا كۆتۈرەلمىدى ، ئۇنىڭ ئوڭ تارغىقى چىقىپ كەتكەنىدى ، كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەپ ، سول قولىدا قېرى يۇلغۇن شېخىغا ئېسىلىپ ، تىزلىنىپ ئاندىن ئۆرە بولدى . ئات ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەم نېرىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقال قان بىلەن بويالغان ، ئاچ بىقىنىدىن ئۆچەي ـ قېرىنى چۇۋۇلۇپ چىققان ، كۆزىنىڭ ئورنىدا يوغان قانلىق كامار پەيدا بولغانىدى . بۈركۈت ئۇنىڭ ساغرىسىدىن بۇردا ـ بۇردا گۆشلەرنى يىرتقۇشلاچە تارتىپ ، پۈتۈن ـ پۈتۈن يۇتقىلى تۇرغانىدى . ئۇنىڭ سۈرلۈك قارا كۆزىدىن ۋەھشىيانە خۇشاللىق چاقناپ تۇراتتى . ئۇ ئىگىسىگە كۆزىنى چىمىلداتماي بىردەم قاراپ يەنە گۆش يېيىشكە تۇتۇندى .

— ھەنېمە بولسا ھوشيار ، چاققان كەلدىڭ ، خۇدا ساقلاپ جېنىڭ ئامان قالدى . كونىلار قۇش ئىگىسىنى ئالدۇ دەپ بىكار دېمىگەن ...

ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يېتىپ كەلگەن ھەمزە ئالدىراپ پوسمىنى ئېلىپ قۇشنىڭ يېنىغا ماڭدى .

— توختا كالۋا ، ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى چىقىپ بولمىدى ... — شەيخنىڭ ئۈنى ئاران چىقتى ، ھەمزە كەينىگە ياندى .

× × ×

گۈلخان گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ، ئۇنىڭ يورۇقى قاپاق

تاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىكنى يورۇتۇپ، قاپاق تاللارنىڭ سايىسىنى يىراققا سوزغانىدى. توشقان، قىرغاۋۇل، جەرەن گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ ئەتراپقا مەززىلىك ھىد پۈركىمەكتە. گۈلخانغا قويۇلغان ئوۋ قازىنىنىڭ ئۈچ پۇتى گۈلخان ئوتتۇرىسىغا دەسسىتىلگەن بولۇپ، داڭقاندا پورۇقلاپ جەرەن گۆشى قايناۋاتاتتى. چاكارلار ئۇزۇن يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەرنى چوغقا قاقلاپ تەرلەپ - پىشىپ كاۋاپ پىشۇرماقتا ئىدى.

ھەمزە چۈش پېشىن بىلەن مەكىت بازىرىغا بېرىپ ياش تېڭىقچى سىدىق مىسكەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى، مىسكەر ئۇزاق ھەپىلىشىپ مامۇت شەيخنىڭ تارغىقىنى جايىغا كەلتۈرۈپ تاڭدى. شەيخ سىدىق مىسكەرنىڭ كۆڭۈل ئىزدەپ، يىراق دېمەي ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا كېلەر جۈمە كۈنى يۈز چارەك بۇغداي، ئوتتۇز چارەك گۈرۈچ ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. ھەمزىگە قول بالىسى قىلىپ جەرەن گۆشىدە كۆمەچ كاۋىپى ①قىلىپ سىدىق مىسكەرگە يېگۈزۈشنى ئۆتۈندى. چاكارلار ھەر تەرەپكە قاتراپ پىياز، قارامۇچ، زىرە، تۇخۇم تېپىپ كەلدى.

ھەمزە ئۈچ ئايلىق بولغان جەرەن بالىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، گۆشىنى چوڭ - چوڭ قىلىپ توغراپ، تۇخۇم، پىياز، زىرە، قارامۇچ، چاۋاياغ، تۇز بىلەن تۆت ئاش پىشىم دۈملىدى. ئاندىن جەرەننىڭ قېرىنىنى پاكىز ئادالاپ يۇغاندىن كېيىن، دۈملىنىپ مەززىلىك پۇراپ كەتكەن گۆشلەرنى قېرىن ئىچىگە سىغداپ ئاغزىنى يۇلغۇن زىخچىدا تىكىپ، قېرىن ئۈستىنى ياش تالنىڭ سويىپىقىدا يۆگىدى. ئاندىن ئۇنى چوغنىڭ ئاستىغا كۆ-

① كۆمەچ — فوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان گۆشنانغا ئوخشاش ئوۋ كاۋىپى.

مۇپ ، ئۈستىلەپ ئوت قالدى . سىدىق مىسكەر بۇلارغا قىزىقىپ قاراپ ، سول يانپاشلاپ ياتقان شەيخنىڭ ئوۋ ھېكايىسىنى تىڭشاپ ئولتۇردى .

شەيخنىڭ تاغىقىدىن كىرگەن ئاغرىق مېڭە ـ مېڭىسىگە تاراپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ۋاي دەۋېتىشتىن ، كالپۇكىنى چىشلەپ سېلىشتىن ، چىرايىنىڭ قورۇلۇپ كېتىشىدىن نومۇس قىلىپ ، بىردەم ئۆزىگە ھاي بېرىپ ، بىردەم ئۆزىنى تىللاپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئاغزى گەپتە بولسىمۇ ، كۆزى بىلەن كۆڭلى دەريادىن ئاتلاپ ، دەرەخلىقتىكى ئاندا ـ ساندا ساپال چىراغ ئۇچقۇنى كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئەيسانىڭ ئاۋىتىغا كېتىپ قالاتتى . كۆڭۈل ئاغرىقى بىلەن تاغاق ئاغرىقى ، يۈزىنىڭ سۈس ئېچىشىپ تۇرۇشى ئۇنى بىراقلا ئازابلىماقتا ئىدى . « تاز بولساڭ قۇلاققىچە بول ، دېگەن شۇ » دەپ بىر تەرەپتىن ئۆزىدىن كۈلگۈسىمۇ كېلەتتى . قاراڭغۇلۇقتا ھەرە چىشىدەك كۆرۈنىدىغان ئېگىز ، تەكشى ئەيسا ئاۋىتىنىڭ سۇۋادان تېرەكلىرى ئاراشلىرىدىن زۆھرە خېنىمنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان چوڭقۇر قارا كۆزلىرى ، ئانا سۈتى سىڭىشكە باشلىغان سوزۇق ھەم تولۇق كەلگەن جۇلالىق يۈزلىرى ، دائىم پۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كىچىك ئاغزى ، چىرايلىق تۇمشۇقىنى قورشاپ تۇرىدىغان زىناقلىرى شەيخنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولاتتى . ئۇ سول قولىنى پەملەپ قوينىغا تىقىپ ، يۇمشاق كۆڭلەكنى ئاستا تارتىپ مەيدىسىدىن ئېگىكىگە سۈردى .

— شەيخ مامۇتخان ، بۇ دالادا چىغ پاخلى تۆپىدە جان ئاغرىتقۇچە ، ئۆيگىلا بېرىپ تۆت قات كۆرپىدە يېتىپ ، ئاندىن مېنى چىللىماي قاپتىلىيا ؟

چاكارلارنىڭ كاۋاپ پىشۇرۇشلىرىغا قىزىقىپ جىم ئول-

تۇرۇپ قالغان سىدىق مىسكەر ھوگدىن پوك چىققاندەك گەپ قىلىپ قالدى.

شەيخ ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ئىشنى سىدىق مىسكەر كۆرۈپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ ياش تېگىقچى بۇغداي، گۈرۈچ، يەنە ئاۋارىچىلىكى كۆپ كاۋاپنىڭ گېپىنى قىلغاندىمۇ يا ئاق، يا كۆك دېمەستىن ئولتۇرغانىدى. ئەمدى ئۆزىچىلا سوراپ قالدى. يولنىڭ دىشۋارلىقىنى مۇشۇ گېپى بىلەن بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتامدۇ يا.

شەيخ ئۆزىنى ئەپلىۋالدى:

— جاڭگىلى باياۋاننى ھار ئېلىۋاتاملا سىدىقخان، ئاسمانىنى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلغاننى ھېسابلىمىغاندا، بۇ يەردىمۇ راھەتتە ئۇخلايلا. كۆگۈللىرى تىنغايكى، چاكارلار سىلىگە يۇمشاق قىلىپ جاي راسلاپ بېرىدۇ، راھەت ئۇخلايلا.

مىسكەرنىڭ كۆزلىرى ئازار يېگەندەك يېنىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى چىلىمچاقنى كۈچەپ شوراپ، يۆتەل تۇتۇپ تۈكۈرۈۋەتتى. شەيخ گەپنى ئاۋۇتۇۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى.

مىسكەر ئۆزىنى دەڭسىگەندەك بىردەم ئولتۇرۇپ يا كۈلمەي، يا قورۇلماي:

— « ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر » دەيدىغان گەپ بار. يىگىتۈېشىنىڭ ئاغزىدىن غول چىققان گەپ ھەرقاچان.

— ھى ... ھى ... ھى ... ئۇستام، ناپسەنتلىكىمنى دەريا كۆگۈللىرى چۈكۈرۈۋېتەر. ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ دەپ، بۇ ھالدا ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىشنى راۋا كۆرمىدىم. راۋا كۆرۈپ ئالدىغا بارساممۇ، سول قولۇمنىڭ تاغىقىنىمۇ چىقىرىۋېتىپ ئاندىن سىلىنى چىللايدىغانلىقى تاۋاقتىكى ئاشتەك بۇرنۇمغا

يۇراپ تۇرىدۇ. يۈزۈمدىكى تىنتما ـ كاتاڭنى كۆردىلە مانا، بۇمۇ ئاتامنىڭ تەسەللايىقى. ھەر دورام ئۇنىڭ كۆزىگە بىجىرىم كۆرۈنمىسەم مىجەزى قوداڭشىپ كېتىدۇ. ئۇ مېنىڭ دائىم كۈلۈپ، كۈلدۈرۈپ، يىغلىتىپ، خۇش قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلىشىمنى خوپ كۆرىدۇ. يىغامنى كۆرەرگە كۆزى يوق.

مىسكەر ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى. بۇ تەبەسسۇممۇ ئۇنىڭ چوقۇر يۈزىدە بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا پەيدا بولۇپلا غايىب بولدى.

گۈلخان تېگىدىن «بوف» قىلغان ئاۋاز چىقتى.

— ھە، مۇرادىمغا يەتتىم دەيدۇ، — ھەمزە قاپقارا كاللەك بولۇپ كەتكەن كۆمەچ كاۋاپنى چىقاردى. چاكارلار نوگايدا سۇ ئېلىپ كۆمەچنىڭ توپىسىنى يۇدى.

— بولدى قىل، ھاۋىسىنى كەتكۈزۈۋېتىسەن.

ھەمزە بەلۋېغىنى داستىخان قىلىپ سېلىپ ياغلىق توقاچ تىزدى. ياغاچ جامدا شورپا كەلدى. مىسكەر چاكاردىن بىرسى نوگايدا قۇيۇپ بەرگەن سۇدا قولىنى يۇيۇپ، قولتۇقلاپ سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن داستىخانغا يۈكۈندى. ھەمزە قىل خۇرجۇندىن يۇلغۇن ياغىچىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلۇپ، كەندىر يېغىدا قايىنىتىپ پىشۇرغان چىلان رەڭ ياغاچ ھونچە ئاياغنى① ئېلىپ پاكىز سۈرتتى. كۆمەچ كاۋىپىنى داستىخانغا قويدى ـ دە، ئۈزۈن كۈمۈش ساپلىق ئەگرى پىچاقتا تاۋۇز توغرىغاندەك كەستى. پىچاق تېگىش بىلەن ئىشتىھانى ئاچقۇچى كۈچلۈك زىرە ھىدى ئەتراپقا تارالدى. ۋىژىلداپ ساقىپ چىققان كاۋاپنىڭ يېغى ئېغىزغا سېرىق سۇ يىغدى.

— قېنى ئۇستام، ھەر قايسىلىرىدەك ئەزىز مېھمانلارغا

---

① ھونچە ئاياغ — ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان قاچا.

قىلىپ بېرىدىغان ئۇۋ كاۋىپىنىڭ سەردارى مۇشۇ بولىدۇ.
تېگىنقچى مۇشۇ گەپنى كۇتۇپ ئارانلا ئولتۇرغانىدى. ئۇ قائىدە بويىچە ناندىن بىر بۇردا، شورپىدىن بىرەر ئوتلام ئىچىمىلىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ كاۋاپتىنلا ئالدى. چالا پۇۋلەپ ئاغزىغا سېلىپ، ئاغزىنىڭ كۆيۈك ئازابىنى بېسىپ كەتكەن لەززەتتىن، چىرايى رازىمەنلىكتە نۇرلىنىپ كەتتى. كۆز قۇيرۇقىدا تېتىدىمۇ، تېتىمىدىمۇ دېگەندەك قاراپ ئولتۇرغان شەيخنىڭ كۇلكىسى قىستاپ ئۇنى زورىقىپ يۆتەلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەممە غىزاغا تۇتۇندى.
پۇتكۇل كائىنات ئۇيقۇغا چۆمدى. تارتىلىپ كەتكەن دەريا سۈيىمۇ تارتىنچاق قىزنىڭ يول يۇرۇشىدەك سىلىق ـ سىپايە ئاقاتتى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان نەم، سالقىنلاشقان ساپ ھاۋا ئۇچۇپ كېلەتتى. تاللىقنىڭ يىراق ئاراشلىرىدىن ئاندا ـ ساندا جەرەننىڭ ئوغلىقنى چىللاپ مەرىگەن ئاۋازى، يىراق توقايلىقتىن ئېچىرقىغان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. چوڭ كۆتەككە قوندۇرۇپ قويۇلغان قۇش پوسمىلىق بېشىنى ھەر قېتىم شەپە كەلگەندە ئۇياق ـ بۇياق سىلكىيتتى. ھارغان، كاۋاپ، شورپا ئىسسىق باسقان چاكارلار بەس ـ بەس بىلەن خورەك تارتىشىپ، ئۇزۇن تونلىرىنى يېپىنىپ ئۇخلاشماقتا ئىدى.
تېگىنقچى ئالاھىدە راسلانغان ئورۇندا پالاسقا يۆگىنىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالغانىدى. شەيخ ھەمۇتخاننىڭ تاغىقى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەيسانىڭ ئاۋىتى تولۇق قاراڭغۇلۇققا چۆككەن، باياتىن بېرى ئاندا ـ ساندا پىلدىرلاپ كۆرۈنىدىغان شولىلارمۇ يوقالغان، ئاۋات ئاسمىنىدا كۇلۇپ تۇرغان ساناقسىز

يۇلتۇزلار تىنىق دەريا يۈزىدە تولۇق ئەكس ئەتمەكتە ئىدى . يۇلتۇزلار ئارىسىدا زۆھرە يۇلتۇزى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئەترا- پىدىكى يۇلتۇزلار ئاينىڭ ئەتراپىدا پارلىغاندەك تېخىمۇ نۇرلىنىپ كـۆرۈندى . يۇلتۇزنىڭ نۇرلىرى ئاينىڭ يۈزىدە جۇلالىدى ، ئاي- نىڭ يۈزى يۇلتۇزدىن نۇر ئەمدى ، بۇ نۇرلار دالادىكى يۇل- غۇنلارنى ، يانتاقلارنى ، سۆك ـ سۆك ، توغراقلارنى ، يەنە قىر- غاۋۇل ، كىيىكلەرنى ئۆزىگە شەيدا قىلىپ سۈكۈتكە چۆمدۈرگە- نىدى .

شەيخ ئېغىر ھاسىرىدى . يۈرىكىدىن باشلاپ پۈتۈن جىسمى تامچە قېنى قالغاندەك قۇرۇپ ، ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بىلىندى . ئۇ سول قولىدا يەرنى تاتىلىدى . ئۇششاق خەسلەر- نىڭ يۇمران يىلتىزلىرى ۋە مۇزلاپ كەتكەن تۇپراقتىن كىرگەن سوغۇق ئېقىم سەل ئارام بەرگەندەك بولدى ، ئەمما بۇ ئارامچىلىق بىــردەمدىلا غايىب بولدى . ئۇ توپىنى سىقىمداپ ئېلىپ كۆيۈ- شۈپ كېتىۋاتقان مەيدىسىگە باستى ۋە ئاستا كۆزىنى ئاچتى . كۆز ئالدىدا تىنىق ئاسمان ، ساناقسىز يۇلتۇزلار ، يۇلتۇزلار بىلەن لەۋ يېقىشقان دەريا ، بىپايان قاراڭغۇ تاللىق ، چاتقاللىقلار نامايان بولدى .

ئۇ سول قولىدا تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدۈگۈ- نۈپ ، تازا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ھەمزىنىڭ يېنىغا كەل- دى . ماڭغاندا تاغاقتىن باشقا ئاغرىمىغان يەرلىرىمۇ قوشۇلۇپ سىرقىراپ ، لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى . ئۇ كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرۇپ ھەمزىنىڭ بىقىنىغا يېنىك تەپتى ، ھەمزە چاچراپ قوپۇپ ئولتۇردى .

ـــ نېمە بولدى ، يات شەپە بارمۇ ؟

ـــ ياق ، ئۇنۇگنى ئۆچۈر دەلدۈش .

— ئەمىسە نېمە دەيسەن ؟ تازا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتـ
تىم ، ئاپلا .
— چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭنى قىلىپ بېرىمەن ، ھەمزە .
— شەيخ مامۇتخان ، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلگىن ، بۈ-
گۈنكى ئىشىمىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشى ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىمـ
غىنى . مازارنىڭ توپىسىنى كۈندۈزدە ئېلىۋالمىسام ، كېچىدە
مازارغا بېرىشتىن قورقىمەن .
— ھـۇ چىدىماس توخۇ يۈرەك ، ئوغرىمۇ سەندەك
بولامدۇ .
— چىدىمايۋاتقان ئۆزۈڭ ، ماقۇل دە ، ئەتە ئۇ خېنىمنىڭ
ئۆزىنى دېسەڭمۇ ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلىپ بېرەي .
— ئاغزىڭغا پىياز ... بىر قىزنى ...
مامۇت شەيخ ھەمزىنى تېپىۋېتىپ ، دەلدۈگۈنۈپ دەريا
تەرەپكە ماڭدى . ھەمزە تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ، دەردىنى
ئىچىگە يۇتۇپ غۇتۇلداپ ياتتى . شەيخ مامۇتخاننىڭ دەريا بويىغا
بارغۇدەك مادارى يوق ئىدى . ئۇ ياشقىنا بىر تالغا يۆلىنىپ ئولـ
تۇردى ، سىلكىنىشتىن تالنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ كەتتى .
ئۇنـىڭ ئاغرىقنىڭ كۈچىدىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ، ئەمما
شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن زۆھرەنىڭ سىيماسى يۇلتۇزدەك چاقناپ
پەيدا بولدى ، ئۇلار پاراڭغا چۈشتى :
— سىز مېنىڭ ئارقامغا كىرىۋالماڭ ، بىزنىڭ كۆيدۈم ـ
پىشتىم دېگىنىمىز يوق گەپ ...
— مەن سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن دېدىممۇ ئالىمەن .
— ياق ، ھەرگىز ئالالمايسىز ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ .
— نېمىشقا ؟ پۈتۈن يانتاق زېمىنى ، كۈپلاردىكى ئالـ
تۇنلارنى تويلۇقۇمغا بويلاشمايدۇ دەپ ئويلىماڭ . بايلىقىمىز سىـ

لەرنىڭكىدىن جىق بولسا جىقكى كەم ئەمەس .
— مەن ئۇنى دېمىدىم .
— ئەمىسە نېمىنى دېدىڭىز ؟
— مەن ئاۋاتلىق ، سىز يانتاقلىق . ئۇلار مېنى يانتاقلىققا ياتلىق قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن ، بىر گادايىنىڭ قىزىنىمۇ ياقا يۇرتقا بەرمەيدۇ .
— يانتاقلىقنىڭ غۇرۇرىمۇ سىز دەۋاتقاندەك ، مەن بۇ قائىدىنى بۇزىمەن .
— كىچىكىمدىنلا قۇلاق چىشلىتىپ قويغان ، يېقىندا بېشىمىنىمۇ باغلاپ بولدى .
— كىمگە ؟
— قازىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بەگزادىگە .
— ھېلىقى كۆنى مەشرەپتە ماڭا يەۋەتكۈدەك چەكچەيگەنمۇ ؟
— ئاتامدىن قورقمىسا ئۇ سىزنى دۇمبالىماقچىكەن .
— ئاۋاتقا دۇمبا يېگىلى كەلمىگەنمەن .
— مەن كېتەي ، ئىزدەيدۇ .
— سىزنى ئەپقاچىمەن .
— ياق ، مەن قاچمايمەن .
— يانتاقلىق بىلەن ئاۋاتلىق قان چېچىشىدۇ دەپ قورقامسىز ؟
— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق . ئاتام مېنىڭ قاچقىنىمنى ئاڭلىسا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئاتامنىڭ مەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ، مېنىڭمۇ ئاتامدىن باشقا ... — قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ قېچىپ كەتتى .
— بۇزىمەن ... بۇنداق قائىدە دېگەن نېمىلەر قۇرۇپ

كەتسۇن ، كۆڭۈلنىڭ يۇرت ، جەمەت ، يەنە بىر نېمە ... يەنە بىر نېمىسى يوق ... بۇزىمەن ... جېنىمنى تىكىپ قويدۇم .

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى .

— قوپ شەيخ مامۇتخان ، سەن بىردەم ئۇخلىۋالغىن ، ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋەتمە ، ئۇنداق قىلمىغىن ...

ھەمزە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى . شەيخ ئۆزىنىڭ جۆيلىگەنلىكىنى بىلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— قايسى ئاي ، قايسى كۈنلۈكتە ئۇ خېنىم بىلەن ئىلىنىشىپ قالدىڭ ، شۇ ئاي ، شۇ كۈندىن باشلاپ تۈگىشىپ كەتتىڭ ، مامۇت شەيخقا ئوخشماي قالدىڭ . خۇدا بۇنداق ئىشقى بالاسىنى ئادەمنى يوقىتىش ئۈچۈن سالىدىغان گەپكەن ، ھەممە بالا قازانىڭ يامىنى مۇشۇ ئىكەن . ۋاي خۇدا ، ئۇ خېنىم يانتاقتا بولغان بولسا بۇ چاغقا ئوتلىرىڭمۇ ئۆچۈپ ، كۆلۈڭ كۆچۈپ بولاتتى . بۇ ئاۋاتلىقلاردىن بىر قىز ئالاي دېسە ئەمدى ... ھوي يوق ساقاللار ...

— بوينىڭنى ئۈزۈۋېتىمەن ھەمزە ، زۇۋانىڭنى ئۆچۈر ... مەن بىلەن نېمە كارىڭ .

ھەمزە جىم بولدى .

— خاپا بولما ھەمزە ، كۆڭلۈمنى ئارامىدا قويغىن ، ساڭا تولا دۇرۇشلۇق بېرىۋەتتىم ، خۇدۇمنى بىلمەيمەن ...

— خاپا بولغۇچىلىكى يوق ، ئاداش ، — ھەمزە كۈلدى ، شەيخمۇ غەمكىن كۈلۈمسىرىدى .

— ئەمىسە ، يېنىڭدا ئۇخلايمۇ ؟

— ياق ... جايىڭدا ئۇخلا ، مەن كاردىن چىقمىدىم . ئەنسىرىمە ، ئاغىنە بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن سەن بىلەن .

— ياراتساڭ ...

— ئاللا ھەممىمىزنى ئادەم دەپ ياراتقان.

ھەمزىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى.

— مەن يېتىم، ھېچنېمەم يوق، بولمىسا بۇ ئىشنى...

— يۈگۈر، بېرىپ ئۇخلا...

ھەمزە ئاستا كەتتى. شەيخ ھەمزىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ: «ئوغرىنىڭمۇ ئاق دىل ئادەملەردەك يۈرىكى بار ئىكەن ئەسلىدە» دېدى ئىچىدە. ئۇ توغراققا ئارقىچىلاپ يۆلەندى. زۆھرە خېنىم بىلەن بايىقى خىيالەن پارىڭىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىلدى. لېكىن، ھېلىلا كۆز ئالدىدا نامايان بولغان نۇرلۇق سىيما، ئۇنىڭ ئىنتىزارلىقىغا قارىماي قايتا زاھىر بولمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشىق ئوتىنى ھارغۇچە سالغان زۆرە خېنىم بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان چاغلار بىر - بىرلەپ خىيالىدىن كەچتى...

# تۆتىنچى باب

قۇرۇق چىم ئۈستىگە چۈشكەن بوز قىرو قىشنىڭ مادارسىز ئاپتىپىدا سۇس ئېرىپ پارقىرايتتى. ئۆسكىلەڭ چىملار سوغۇقتا قېتىپ كىرپىنىڭ دۈمبىسىدەك تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى. دەريا ۋادىسىدىكى پەس ھاۋا بوشلۇقىنى قويۇق تۇمان قاپلىغانىدى. دەريانىڭ باش ئېقىنى قايدۇرمىسىدا تۈرۈلۈپ توگلاپ كەتكەن مۇز يېرىقلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى.

دەريا قىرغىقىدا ئادەملەر توپى پەيدا بولدى. توپ ئالدىدا قارا كۆرپە تۇماق، ئاق تۇماق، تۈلكە تۇماق كىيگەن ساقاللىق ئاتلىقلار سەپ بولۇپ كەلمەكتە. سەپنىڭ ئارقىسىدا سەرپۇش تۇماق، ئېسىل جۇۋا كىيگەن ئاقساقاللار، ئەڭ ئاخىرىدا ساناقسىز يارىيار ھارۋىلاردا ئاق، قارا رومال سېلىشقان ئاياللار، تەلپەك كىيگەن باللار كەلمەكتە. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق سەپ سۈرلۈك جىملىق ئىچىدە دەريا بويىدىكى مەيداندا توختىدى.

سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا قىزىل كۆركە ساقىللى مەيدىسىگە چۈشكەن، جىگەررەڭ تاۋار بىلەن تاشلانغان ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ چوڭ قايتۇرمىسىغىچە بوز قىرو باغلاپ كەتكەن ياناقنىڭ چوڭ نوپۇزلۇق بېگى — جەرەن دۆگلۈك نىيازبەگ، ئۇنىڭ يې-

نىدا كەكە ساقال ، تۇلكە تۇماقلىق ئوي بۇغداي[1] بېگى قاسىمبەگ هاجى ، ئۇنىڭ يېنىدا يانتاق بېگى تۇرانبەگ ، چەتتە ياش ، تەتۇر ئۇستىخان ، سېمىز كەلگەن خاتىپ مىراپبەگ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇشاتتى . نىيازبەگ ئەتراپىغا قارىدى .

— كېرىم باي هاجى ...

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىغا ئۇلگۇرۇپ كېرىم هاجى ئوڭ تەرىپىدە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئاق ئېتى تەرلەپ ، ساغرىسىغا قونغان توپا لايغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . قىزىپ كەتكەن ئات توختىماي پۇشقۇرۇپ ئىزىدا جىم تۇرمايتتى . كېرىم هاجى ئۆزىمۇ هاسىراپ كەتكەنىدى .

— ئۆزلىرى ، — نىياز بەگ مۇلايىم پەس ئاۋازدا شۇنچىلىك دەپلا پىسىڭگىدە كۇلدى . قىرو مۇزچىلىرى پارقىراپ تۇرغان قىزىل ساقىلى ئارىسىدىن ئاق ، يوغان كەلگەن سويۇق چىشلىرى كۆرۈندى . كېرىم هاجىنىڭ ئۆڭسىلى ئۆچكەنىدى .

— كۆرمەملا تەقسىر ، ئەتتىئۇلەندە[2] ئىشىمىز پىلاك[3] كېتىۋاتامدا . نەق قارا باش قوچقارنى باسقان هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىۋاتقىنىنى قارىسىلا .

نىياز بەگنىڭ كۇلكىسى دەرهال ئۆچتى .

— هۇ خوتنۇڭنى ... — قاسىمبەگ دەرياغا قاراپ غۇدۇراپ قويدى .

— ئۇ ئەقلى گەجگىسىدە گۇي نەگە قاراپ هەيدەپتىكەن هارۋىنى ، كاتاڭغا ئۇرغان چېغى ، — دېدى قېنى قىزىق خاتىپ مىراپ .

---

① ئوي بۇغداي — يانتاقتىكى قەدىمكى مەھەللە ئىسمى .

② ئەتتىئۇلەندە — ئەتىدەدە .

③ پىلاك — بەتۇرگە بىنىپ .

— تاپا قىلغاندىن نېمە پايدا ، ئۇ ھېسابنى قىلىشمايلى . ھازىر مۇھىمى بۇ ئىشتا ئۇتتۇرۇۋېتىسەك كېلەر يىلنىڭ ھوسۇل سۈيى بولغان چارەك ئايلىق توك سۈيى ، بەش يۈز چارەك بۇغداي ، يۈز تاغار پاختا ، ئون چارەك تۆگە يۈگى ... — تۇران-بەگ چوڭقۇر زەڭگەر كۆزلىرىنى قىسىپ ، ئۆپراپ بۇغدايدەك قالغان چىشلىرى ئارىسىدىن گەپنى قىسىلدۇرۇپ چىقاردى ، ئۇزۇن ئىنچىكە بارماقلىرىدا قارا بومبۇر ساقىلىنى ئاراشلىدى ، ئۇ جىلە بولۇۋاتاتتى .

— تەقسىرلەر ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يادىمىزدا ھەم بۇ ھەر قايسىمىزنىڭ گەدىنىدىكى ھېسابات . ئەگەرچەندە ئۇتتۇرۇۋېت-سەك بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن پاشا چاققانچىلىك بولمايمىز . يانتاق-تىكى ئوتتۇراھال گادايدىن بىرسىگە بۇيرۇساق ئىشتىنىنى سې-تىپ بولسىمۇ بۇلارنى بېرىشكە رازى ... گەپنىڭ نان يېرى ، ئاللانىڭ رەھىم شاپائىتى بىلەن تا بۈگۈنگىچە بىز يانتاقلىقلار مەيلى ئىت تالاشتۇرۇش ، مەيلى قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، توخۇ سوقۇشتۇرۇش ، ئوغلاق تارتىشىش ، چېلىش ، پاپۇز[1] ئويناش ، مەشرەپ بولسۇن يېڭىلىپ يۈزىمىز كېتىدىغان ئىش بولمىغان . كەمىنە ھەم ھەر قايسىلىرى دەيمىزكى ، جان كەتسە كەتسۇن ، يانتاق دولاننىڭ يۈزى كەتمىسۇن . ئاللانىڭ بىزنى شەرمى ساز قىلىپ يەرگە قاراپ قېلىشقا ئەمەس ، ئاغزى - بۇرنىمىزدىن قان كېتىۋاتسىمۇ باشقىلارنى يېڭىشقا ، باشنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يان-تاققا كۈلۈپ يېنىشقا ياراتقانلىقىغا ئىمانىم بىلەن ئىشىنىمەن . بۈنچىلىك ئىشلار دىللىرىمىزغا بەرھەم بەرمىگەي . بىز يۇرت كاتتىلىرى ئاۋۋال ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇۋالاي-

① پاپۇز — ئەگرى نايافتا ئوندىن ئادەم ئىككى نەرەپ بولۇپ ئوينايدىغان خەتەرلىك با-غاچ توپ ئويۇنى .

لى ، ـــ دېدى نىياز بەگ مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن .
ھەممىسى ئاتتىن چۈشتى . كېرىم ھاجى تاھارەت ئۈچۈن بىر توپچاق يۇلغۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى .
ـــ يالاڭ پېقىرلارغا نەزىر قىلىشۋەتكەن بولسا بوپتىكەن كېرىم ھاجىمكام .
ـــ يۈزدەك ئادەمگە بىر سەردىن ئاقچا بەردۇق ، ـــ دېدى ھەممە گەپنى تىڭشاپ تۇرغان ماموت شەيخ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ .
ـــ قوچقارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈگەندىمىز ، ـــ دېدى قاسىمبەگ ھاجى .
ـــ ئەلۋەتتە ، ـــ دېدى شەيخ .
يۇرت كاتتىلىرى ، ياشانغانلار توپ بولۇپ ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇدى . نىياز بەگ نامازدىن كېيىن پۈتۈن سەپنى دۇئاغا چاقىردى . قېرى ـ ياش ، ئەر ـ ئايال ھەممىسى تۇرغان يېرىدە دۇئاغا قول كۆتۈردى .
ـــ ئامىن ، ئۇلۇغ خۇداۋەندە كېرىم ، بىز يانتاقلىقلارنىڭ يۈزىنى يورۇق ، ئىشىنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن ...
نىيازبەگ گەپنىڭ ئاخىرىنى يىغا ئارىلاش ئايەت بىلەن چۈشۈردى . مۆتىۋەرلەر ، ياشانغانلار ئات ، ئېشەكلىرىگە مىندى . كاتتىلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى .
ـــ باشلامدۇق ؟ ـــ قاسىمبەگ ھاجى نىياز بەگكە قارىدى . نىياز بەگ شۇ مەنىدە كېرىم ھاجىغا ، كېرىم ھاجى تۇرانبەگ ، خاتىپ مىراپقا قارىدى . ھەممىسى ماقۇللۇق ئىشارىتى قىلىشتى .
ـــ ھاي ... ھاي ... ـــ خاتىپ مىراپ ئارقىغا قايرىلىپ « ھاي ـ ھاي » سالدى .

توپ ئارىسىدىن قارا ئات مىنگەن، ئەنلىك بېلىگە قىزىل تاۋار بەلۋاغ باغلاپ، ئۇزۇن سۆڭەك دەستىلىك سېرىق بۇيا خەنجىرى ئاسقان سايىت ئۇچقۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى ياردۇڭ بېشىغا چىقىپ سوزۇپ — سوزۇپ بەش قېتىم بۇرغا تارتتى. بۇرغا ئاۋازى دەريا بويىنى، پۈتۈن دالانى نەرىلىدى، دەريادىن، يىراق — يىراقتىن ئەكس سادا ئاڭلاندى. ئادەملەر سۈكۈت ئىچىدە قارشى قىرغاققا — يالمۇچلانغان سۇۋادان تېرەكلەرگە، قارىيىپ كۆرۈنگەن باغلار، جىگدە — چىتلاقلارغا قارىدى. بەش نەرىدىن كېيىن، تىمتاس ئاۋات مەھەللىسىنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئۆگزىلىرىدە ھەمساتتا قارا قاغىدەك ئادەملەر سانجاق — سانجاق پەيدا بولدى. ئېگىز بىر غىلتاڭ دۆڭ ئۈستىگە چىپىپ چىققان بىر ئاتلىق سوزۇپ — سوزۇپ ئۈچ قېتىم بۇرغا تارتتى.

نىيازبەگ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قىسقا ساپلىق قامچىسىنى شىلتىدى. جەدە ئات قوشۇلغان ئېگىز يار — يار ھارۋا غاچىلداپ، داراقلاپ مېڭىپ سەپنىڭ ئالدىغا — دەريا قىرغىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ھارۋا ئۈستىدە ئىككى ناغرىچى بىلەن قارا ئۇزۇن ساقاللىق، تۈلكە تۇماق كىيگەن، قارا تونلۇق، مەشھۇر سۇنايچى ماگسۇر شەيخ بار ئىدى. ھارۋا دەريا گىرۋىكىدە توختىشى بىلەن خاتىپ مىراپ ئاچچىقلاندى:

— مۇشۇنداق چاغدىمۇ ھارۋىنى ياغلىماي ئەكەلگىنىنى كۆرۈڭ.

ماگسۇر شەيخنىڭ سۇنىيى «چۆل باياۋان» غا سايرىدى. سۇنايىنىڭ يېقىملىق زىل، مۇڭلۇق ئاۋازى پۈتۈن ۋادىغا تارالدى، ناغرا تەڭكەش قىلىندى. غۇرا دەرەخلىك ئىچىدىن

ساناقسىز ئادەملەر توپى سوزۇلۇپ چىقىپ كەلدى . قارشى تە-
رەپ ناغرا - سۇنايدا « سىم باياۋان » نى ياڭراتتى .

— ھە يىگىتلەر ، ئاتلىنىڭلار !

مامۇت شەيخ بىر ۋارقىراش بىلەن ئات سالدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈزدەك ياش چەۋانداز ئات سالدى ، ھەممىسى قارا كۆرپە تۇماق ، قارا تون ، كۆك بەلۋاغ ، قارا ئاتلىق ئىدى . ئۇلار ئاتنى يورغىسىغا قويۇپ بىرىپ ئات ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ دەريا قىرغىقىدىكى چىملىق مەيدانغا قەدەم باستى . ئاتلىق يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن ناغرا - سۇناي ھارۋىسى ، ئۇنىڭ كەينىدىن دولان نەغمىچىلىرى ئولتۇرغان ھارۋا ، ئاندىن يۈز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ مۆتىۋەرلەر پۈتۈن سەپنى باشلاپ ماڭدى . ئاۋاتتىن چىقىۋاتقانلار ناغرا - سۇناينى توختىتىپ دولان نەغمىسىنى باشلىدى . توپ - توپ قىز - يىگىتلەر چىملىق يەردە سەنەم تارتىپ كېلىشكە باشلىدى ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ساناقسىز ئاتلىقلار توپى چىملىققا پەيدا بولدى . ئاتلىقلار ئىچىدە قاردەك ئاق ئات مىنگەن ، قىزىل مەخمەل تون كىيىپ كەمچەت قوندۇرۇۋالغان زىلۋا بىر قىز كىچىكتىن ئەڭ بۇرۇن چىققان مامۇت شەيخنىڭ كۆزىگە ئىلىندى . ئۇ قىز پۈتۈن ئاتلىقلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ سەپنىڭ ئالدىدا — ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان ، سەل دۈمچەيگەن ، ئەمما قېرىلىققا تەن بەرمەي يەنىلا نوچىلىق سالاپىتى بىلەن جەدە ئات ئۈستىدە سۈرلۈك ئولتۇرغان ئەيسابەگنىڭ يېنىدا ئىدى . شەيخ ئۇسسۇلنى ئۇنتۇپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارىدى .

ئۇسسۇلچى يىگىتلەردىن بىرسى :

— شەيخ مامۇتخان ، ئەيسا بەگنىڭ ئارزۇلۇق قىزى زۆھرە خېنىم شۇ ... — دېدى .

هەر ئىككى سەپ ئىككى يۈز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئاتتىن چۈشمەي توختىدى. ئاۋۋال ئاۋات نەغمىچىلىرى نەغمە قىلىپ، يىگىت ـ قىزلىرى بىر دۆرە مەشرەپ ئوينىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يانتاق نەغمىچىلىرى بىر دۆرە مەشرەپ قىلدى. شەيخ ئۇسسۇلنى ئۇزاق ئوينىدى، ئەمما كۆزى ئاشۇ ئاق ئات ئۈستىدە ئاجايىپ خۇلق بىلەن ئولتۇرغان چېچەن قىزدا ئىدى.

ئىككى دۆرە مەشرەپتىن كېيىن هەر ئىككى تەرەپنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئاتتىن چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئەيسا بەگ بىلەن نىياز بەگ ئۇزاق قۇچاقلاشتى. ئەيسا بەگنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ يوغان بېلىكىگە باغلانغان قۇيرۇق چۆرۈگۈچتەك يېشىل بەلۋېغىغا ئېسىلىۋالغان زۆهرە خېنىم ئاتىسى كىم بىلەن كۆرۈشسە شۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئەگىشىپ ماڭاتتى.

ئەيسا بەگ كېرىم هاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ هال ـ مۇڭ بولۇشۇۋاتقاندا، مامۇت شەيخنىڭ ئۆتكۈر كۆزى زۆهرە خېنىمنى تۇنجى قېتىم ئەڭ يېقىن ئارىلىقتا كۆردى. قىز دەسلەپ شۇنداقلا ئېگىلىپ سالام قىلىپ قويدى. چېچەن قىز بىر ئۆتكۈر كۆزنىڭ ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرۇۋاتقىنىنى تەبىئىي سەزگۈسى بىلەن سەزدى. ئۇ شەيخكە يانداپ قارىغاندا، بۇغداي ئۆڭ، سىلىق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، يىگىتلەردە كەم كۆرۈلىدىغان شوخلۇق تېمىپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئۆتكۈر كۆزلۈك، قامىتىدىن نوچىلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ناتونۇش يىگىتكە ئۇزاق تىكىلىپ قالغىنىغا دەررۇ پۇشايمان قىلىپ ۋىللىدە قىزاردى ـ دە، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، يۈرىكىمۇ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەچ يىراقلىدى. ئۇ ئارقىسىغا يەنە بۇرۇلدى. ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈ-

شۇۋاتقان شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا شەيخ يەنىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جىمغىنا قاراپ تۇراتتى. چىرايلىق يۈزلەر، چىرايلىق كۆزلەر يەنە ئۇچراشتى. شۇئان شەيخنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم ئويىنىدى. قىزمۇ كۈلمەك بولۇۋىدى، شەيخ سول كۆزىنى قىسىپ، ئوڭ قېشىنى ئاتتى. قىزنىڭ غۇژژىدە جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ دەررۇ ئالدىغا قارىۋالدى. ئاندىن غەزەپ، ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان قارا كۆزىنى ئالايتىپ قاراش بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالماقچى ۋە مۇشۇ زەربە بىلەن ئۇنى بەگ قىزىغا مەڭگۈ تىكىلىپ قارىيالماس قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، چەكچىيىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. دەل شۇ چاغدا شەيخ چوڭقۇر مۇھەببەتلىك كۈلكىسى بىلەن بۇ ئالىيىشنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن كۆزلىرى بىلەن قىزنى يىراق، خالىي تاللىققا ئىشارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. قىز يەنە مەغلۇب بولدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولدى، يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ كۈچەيدى، خورلىنىشتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى چىشلىدى، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ئاتىسىغا ئەگىشىپ سالام قىلىشتىنمۇ قالدى؛ بۇ ئالا قانات قاپ يۈرەك يىگىتتىن قانداق قىلىپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈستىدە ئويلاندى. تىللىماقچى بولۇپ، بۇ نىيىتىدىن دەرھال ۋاز كەچتى ـ دە، ئىچىدە ئۆزىگە تېرىكتى. قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ، كاككۇكتەك كۈلۈشلەردىن قالدى. ئۇنىڭغا بىرسى يېنىدىلا تىكىلىپ تۇرغاندەك، توقايلىقنى ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بۇ يەرگە خۇشال يايرىغىلى، تازا ئويناپ كۈلگىلى چىققان ئەمەسمىدى، بۇنداق ئۆزىنى خاپا قىلىۋالىدىغىنىنى بىلگەن بولسا بۇ يەرگە ھەرگىز چىقمايتتى.

چىملىق ئۈستىگە ناھايىتى كەڭرى چۆرگىلىتىپ سورۇن

تـﯙزﯙلدى . ھارۋىلارغا بىسىپ كىلىنگەن يوغان داش قازانلار-
دىكى دﯙملەنگەن پولۇ ، پﯙتﯙن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنى بۆ-
كەللەر [1]تەرەپ ـ تەرەپتىكى سورۇنلارغا تەخسىملەپ تۇردى .
تونۇرلار ھارۋىدىن چﯙشﯙرﯙلﯙپ سامساپەزلەر گۆش گىردە ،
سامسا ، تونۇر كاۋىپى قىلىشقا تۇتۇندى . يەرگە داش قايناق
ئۇچىقى كولىنىپ ، ھەمساتتا ئىسسىق شورپا قايىنىتىلىپ ، تەيـ
يارلانغان قۇچقاچ تىلى چۆپلەر پىشۇرۇلدى .

سورۇننىڭ تۆرىدىكى تەگلىمات ئﯙستىگە سىلىنغان
دۇخاۋا ، تاۋار كۆرپىلەردە ئاۋات بىلەن يانتاقنىڭ يۇرت مۆتىـ
ۋەرلىرى ئورۇن ئالغانىدى . ئۇلار قىزغىن سۆھبەتكە پاتتى .
ئەيسا بەگنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئاۋاتنىڭ ئۇزۇنتۇرا ، چار
ساقال ، قارا بەدرەڭ كەلگەن يىگىتۋېشى مەمەت پاخلان ئۆزىگە
ماس كەلمىگەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن چىلان رەڭ ياغاچ لىـ
گەندە بىر جام تۇز سﯘيى كۆتﯙرۈپ ئوتتۇرىغا چﯙشتى . ئۇ
سۇررەڭ ئۇزۇن قايتۇرما جۇۋا [2]ئﯙستىدىن كۆك بەلۋاغ باغلىـ
غان ، بوي تاسمىسى تىزىغا چﯙشكەن ، نەقىشلىق قارا ساپلىق
سىرىق بويا خەنجىرى ئاسقانىدى . يىگىسارلىقنىڭكىگە تارتىپ
كەتكەن قارا كۆرپە تۇمىقى سالاپىتىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ
بېشىدىن تۇمىقىنى ئېلىپ پېشانە تەرىپىنى يېرىم ئۆرﯙپ قىستۇ-
رۇپ كىيدى . تۇماقنىڭ ئەستەر تېرىسىنىڭ ئاقۇچ چۇپۇرلىرى
دىگگىيىپ چىقىپ ، ئۇنى ھېلى بىرسىنىڭ بىقىنىدىن تﯘگلﯘك
ئاچىدىغان نوچى قىياپىتىگە كىرگﯙزﯙپ قويدى . ئۇ خەقنى
دىققەت قىلماي قالمىسۇن دەپ بىر نەچچە كالتە يۆتەل قىلىۋېتىپ
سۆز ئالدى :

---

① بۆكەل ــ مەخسۇس گۆش پارچىلايدىغان ئادەم .

② قاينۇرما جۇۋا ــ چوڭ يافىلىق جۇۋا .

— خالايىق ، بۈگۈن يۇرت ئاتىمىز ئەيسا بەگ ، قادىربەگ ، ئىسلام ھاجى ، مويدىن دورغا بەگ ، ياناق بەگلىكنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن نىياز بەگ ، قاسىمبەگ ھاجى ، كېرىم ھاجى ، تۇرانبەگ ، مىراپبەگ قاتارلىق ئىككى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ دىلى تارتىپ باش قوشۇشتى . شۇ ۋەجىدىن ئاتام زامانىدىن كېلىۋاتقان — بىر دەريانىڭ سۈيىنى تەڭ تالىشىپ ئىچىپ ، بىر جاڭگالنىڭ ئوتۇنىنى تەڭ تالىشىپ قالاپ ، جەرەن - كىيىكلىرىنى تەڭ ئوۋلاپ ، مەشرەپ - تۈنەكلەرنى تەڭ قىلىپ كەلگەن ئۇدۇممىز بويىچە ، بۈگۈن خۇدا بۇيرۇغان بۇ قۇتلۇق كۈندە چېلىشىش ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، ئىت تالاشتۇرۇش قىلماقچىمىز . چېلىشىش ، ئىت تالاشتۇرۇش باشمۇ باش قويۇلۇپ ، يەڭگۈچىلەر ئۆز يارىشىقىدا تارتۇقلىنىدۇ . قوچقار سوقۇشتۇرۇش يۇرت بېشى بويىچە قويۇلۇپ ، قايسى تەرەپنىڭ قوچقىرى يەڭسە ، شۇ يۇرت شۇ كۈندىن باشلاپ دەريانىڭ توڭ سۈيىنى ئىككى ھەپتە پۈتۈن باغلاپ ئىچكەنىنىڭ تاشايىنىدا بەش يۈز چارەك بۇغداي ، يۈز تاغار پاختا ، ئون چارەك تۆگە يۈكى بىلەن تارتۇقلىنىدۇ . بۇ ئىككى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ پۈتۈم قىلغان پىچىمى !

— پۈتۈم - پۈتۈم ! پىچىم - پىچىم ! — سېرىق مىس لېگەندە بىر جام تۇز كۆتۈرۈپ چىققان ياناقنىڭ يىگىتۋېشى مامۇت شەيخ ئاۋات يىگىتۋېشى مەممەت پاخلاننىڭ گېپىگە ئۇلانما قىلدى . ئۇ قارا تاشلىق تۈلكە تۇمىقىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن ، قارا تون ئۈستىدىن قىزىل تاۋاردىن بەلۋاغ باغلاپ ، يېشىل ساغرا غىلاپلىق جەرەن مۈڭگۈزى ساپلىق تۈز پىچاق ئاسقانىدى .

ئىككى يىگىتۋېشى جامدىكى تۇزلارنى بىر - بىرىگە

تۇتتى . شۇ زامان پۇتكۈل ۋادىنى تىترىتىپ كۈچلۈك چۇقان كۆتۈرۈلدى :

— پۇتۇم — پۇتۇم ! ...

— تۇزىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن لەۋزىمىز لەۋزە ! ...

ئىككى يىگىتۇۋېشى جامدىكى تۇز سۈيىنى ئىچتى .

— ئامىن ! ... — جامائەت دۇئا قىلدى . يىگىتۇۋېشىلىرى ئون ئىككى ياشلاردىكى ئىككى چېلىشچى بالىنى يېتىلەپ ئوتتۇرىدىكى قۇم دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى . ئاندىن ئۇلارنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ تىغلارنى ئېلىۋېتىپ ، بېلىگە بەلۋاغ سېلىپ قويدى . ئاۋاتلىق بالا تازا چۆرپىلەك قارا كۆتەك بالا ئىدى . بەل تۇتا — تۇتماي يانتاقلىق بالىنى يانپاشقا ئېلىپ ئۇردى . يانتاقلىق بالا چاققانلىق قىلىپ دۈم بولۇۋالغان بولسىمۇ ، نەم قۇم ئۇنىڭ تاغىقىغا چاپلاشقانىدى . ئاۋاتلىقلار « ئاللا ... ئاللا ... » دەپ دوست تارتتى . قېنى قىزىپ كەتكەنلەر تۇماق ، تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى . يانتاق تەرەپتىن يۇزدەك ياش ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يالىڭاچلاندى . مامۇت شەيخ ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە ئوبدان سەپسېلىپ ئالىغاي ، تەتۈر ئۇستىخان بىرسىنى تاللىۋالدى ، قالغانلار ئىزىغا ئولتۇردى . ئۇ ئاغزىدا چاندۇرماي « ھە ، ھېچقىسى يوق » دەپ تۇرسىمۇ ، بىر قارا چىرايى مىڭ بولۇپ ، چىرايلىق قارا كۆزىدىن ئەلەم يېغىپ كەتكەنىدى . ئالىغاي ئاۋاتلىق بالىدىن خېلىلا چوڭ بولغاچقا ، ئۇلار بىر ئاش پىشىم تۇتۇشتى . ھەدېگەندە قارا كۆتەك بالىغا ئالىغاينىڭ كۈچى يەتمەي قالغانىدى . ئۇ يانتاقلىق بالىغا چەمەك سالدى . قارا كۆتەك بالا دەررۇ ئۇنى ئۆرۈپ كۆتۈرۈۋالدى ... خەقنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن يىگىتۇۋېشىلىرى ئىما — ئىشارەت قىلىشىپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى . مامۇت شەيخ ئالىغاي بالىغا زەردە قىلدى :

— ئاتالىساڭ ئات ، بولمىسا سورۇننى مۇزلاتماي يىقىلىپ چىقىپ كەت . يانتاقلىقلار سۆرەم ئېلىپ كەپتۇ ، ھازىر سۆرەم سالىدىغان چاغ بولمىدى دېيىشىۋاتىدۇ ... بۇنداق گەپ بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەڭ .

ئالىغاي بالا چۈشۈپلا قارا كۆتەك بالىغا چەمەك سالدى . بالا يىقىلىشقا يۈزلەندى . ئۇ ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دېگەندە ، چەمەك بوشاپ كېتىپ ، « گۈپ » لا قىلىپ ئالىغاي بالا يىقىلدى . ئاۋاتلىقلار تېخىمۇ ئاللا سېلىشىپ ۋارقىراشتى . ئىككى يۇرت مۆتىۋەرلىرى سۈكۈت ئىچىدە پۈتۈن دىققىتى بىلەن سورۇنغا تىكىلگەنىدى . يانتاق تەرەپتىن بىر لەك[1] ئادەم تىك تۇرۇپ كەتتى . ئالىغاي بالا قۇمغا خېلى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن ئارقا تاغىقىنى قېقىشتۇرۇپ ، ئۆگسىلى ئۆچكەن ھالدا سورۇندىن چىقىپ كەتتى .

مامۇت شەيخ ئالىغايدىن جۇغى كىچىكرەك ، ئاچچىقىدىن مۇرا چىراي بولۇپ ، كۆزلىرىدىن تەلۋىلەرچە ئۇچقۇن چاچراپ تۇرغان ھەسەن قارا كۆسەي دەيدىغان بىر بالىنى تاللاپ سورۇنغا چۈشۈردى . ھەسەن كۈچتۈڭگۈر ، كۆتەكتەك بالا ئىدى . ئۇ بەل تۇتۇشۇپ ئۇزاق ئۆتە - ئۆتمەيلا ئاۋاتلىق پالۋاننى ئىچ چەمەك بىلەن ئۆرۈپ تاشلاپ قۇمغا خېلى چوڭقۇر پاتۇرۇۋەتتى . يانتاقلىقلار « ئاللا ... ئاللا ... ھەسەن ، ئۆلمە ... ياشاپ كەت ... ئىسمائىل سوپىغا رەھمەت » دېيىشىپ تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى . ئاۋاتلىقلار كىرپە تىكىنىدەك ئۆرە تۇرۇشۇپ كەتتى . بىر مۇنچىلار چاپان - چارىلىرىنى ئادەم توپىغا چۆرۈۋېتىشتى . ئىككى تەرەپنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى . تەنلىك قاراشلار ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشلەر

[1] لەك — مىڭلاپ دېگەن مەنىدە .

ئەۋج ئالدى . مەمەت پاخلان بىلەن مامۇت شەيخنىڭ چىرايى
ئىسسىپ قارىداپ ، بىر ـ بىرىگە سوغۇق ، جىددىي قارايتتى .
ئىككى يۇرت كاتتىلىرى چاندۇرماي ، بىر ـ بىرىگە كۈلۈمسىـ
رەش ، تەبەسسۇم بىلەن قاراشماق بولسىمۇ ، ئەمما بايا داستىخاندا
بىر خونچىدىن پولۇ يەپ ، زەللە گۆشلەرگە ئالسىلا ، باقسىلا دېـ
يىشىپ ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ شورپىغا سالغان ھۆپىلەك ئاش ①ئىـ
چىشكەن چاغدىكى تەبىئىي تەبەسسۇملار تولۇق قازا بولغانىدى .
جىددىيلىك ھەربىر يۈزلەردىن ، يېنىپ كەتكەن كۆزلەردىن ،
قويۇق قارشىلىق مەنىسىگە تولغان يوغان قاتما قوللار بىلەن بۇ-
رۇتـلىرىنى ئېشىشلەردىن ، تۈرۈلۈپ چوكقۇرلاپ كەتكەن پېشاـ
نىدىكى قورۇقلاردىن تېپىپ تۇراتتى . ھەممە جىددىيلىك بىلەن
سـورۇنغا جىممىدە قارىشاتتى . داستىخاندىكى چالا غاجىلانغان
سۆڭەكلەر ، يېيىلمىگەن گۆشلەرنىڭ ياغلىرى كەچ كۈز سوغۇ-
قىدا ئۇيۇپ كەتكەنىدى . يىراقتا سوۋۇتۇپ باغلاپ قويغان ئاتلار
قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ پات ـ پات كىشنەپ قويۇشاتتى . تو-
قـۇمدىن ئازاد بولمىغان ئېشەكلەر قۇرۇپ كەتكەن چىم ،
قـىژاقلارنى غاجىلىشاتتى . ئەتىگەندىكى تۈتەكلەر تاراپ كۈنـ
نىڭ زەئىپ نۇرى بوشلۇقنى سۇس ئىللىتتى .

ھەسەن ئاۋاتنىڭ تۆت پالۋىنىنى كەينى ـ كەينىدىن يىـ
قىتتى . يانتاقلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئاللا
سالدى . ئاۋاتلىقلار جىمىپ كەتتى . سورۇن ئادەم ئورمانلىقىغا
ئايلانـغاندەك كۆرۈنەتتى . ھەسەن يانتاقلىقلارنىڭ زورلىشى بىـ
لەن قۇم ئۈستىدە پۇتلىرىنى كېرىپ دەسسەپ ئاۋاتلىقلارغا قارىـ
تىپ قۇم چاچتى . قۇمنى ئوچۇملاپ ئېلىپ مەيدىسىگە سۈر-
كىدى ، كۈچەنگەنلىكتىن قىزارغان كۆز ئالمىسى ئادەتتىكىدىن

---

① ھۆپىلەك ئاش ـــ نېپىز يېيىپ ئۈزۈپ ناشلاپ ئەتكەن چۆپ .

پارقىراپ، كۆلكىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. ئۇنىڭ پاكار، تاش مايماق دەسسەيدىغان، سېرىق ساقال ئاغىنىسى ئىمىنخان سورۇنغا يۈگۈرۈپ چۈشتى. مامۇت شەيخ ئالدىنى توستى.

— نەگە بارىسەن؟

— توختا مامۇتكا، ھەسنەمگە گېپىم بار...

ئىمىنخان ھەسنەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بولدى قىلساڭ بولامدىكى ھەسنەم، ئاۋاتلىقنىڭ چىشىغا تېگىۋەرمە. ھازىر قىلغانلىرىڭمۇ خېلى ئوشۇقلۇق قىلدى، خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ كۆپۈرلۈق بولمىسۇن.

ئاۋاتلىق پالۋاندىن بىرسى مەيدانغا چۈشتى. بۇ چوڭلا ئادەم ئىدى. ھەسنەمنىڭ سەل پېيى سىرقىرىدى.

— مۇسا كەكىر دېگىنى شۇ، ئاۋاتنىڭ داڭلىق چېلىشچىسى. سورۇن ئەمدى يوغىنايدىغان بولدى، بەك كۈچەپ كەتمە، بەك سەتمۇ يىقىلما...

ئىمىنخان چىقىپ كەتتى.

مۇسا كەكىر ھەسنەمنى چۆرگىلىتىپ تاشلاۋەردى، تۆت قېتىم تاشلىغان بولسىمۇ، ھەسنەم دۈم چۈشۈۋېلىپ تاغىقى قۇمغا تەگمىدى. مۇسا كەكىر تېرىكىپ يانپاشلاپ تاشلىغان بولسىمۇ، ھەسنەم پەقەت ئوڭدا چۈشمىدى. ئىككى تەرەپ تەڭ ئاللا — چۇقان سالدى. يانتاقلىقلار مازاق كۈلكىسىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. بۇ مۇسا كەكىرگە ھار كەلدى. ئۇ خېلىلا ھالسىزلاندى. ئىككى تەرەپ يىگىتۋېشىلىرى كېلىشىپ ھەسنەمنى يىقىلمىغانغا ھېساب قىلىپ سورۇندىن چىقاردى. يانتاقلىق بىر توپ يىگىت ھەسنەمنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋېلىپ سورۇننىڭ سىرتى بىلەن ئۈچ ئايلاندۇردى. بۇ ئىشلار ئاۋاتلىقلارنىڭ جىنىنى چىقاردى. يانتاقلىقلاردىن ئاۋۇت ئەخمەت، ئابدۇ-

مۆمىن لەڭ ، ئەيسا پالۋان ، قۇۋان داڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشتى . مۇسا كەكىر ھەممىنى پۈكلىدى . يانتاقلىقلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . مۇسا كەكىر بەشنى ئاتسا يانتاقلىقلارنىڭ شەرىپى يوقىلىپ ئاتاق ئاۋاتقا ئۆ- تۈپ كېتەتتى . ئاۋاتلىقلار تولا ئاللا سېلىپ ، يانتاقلىقلارغا قوم چېچىپ ، ئۇلارنىڭ چىشىنى تازا قېرىشتۇردى . بىرسى تېخى قوشاق قېتىپ غەزەل توۋلىدى .

مەيدانغا كاۋكازچە بۇرۇت قويغان ، ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ھەم ئېگىز ، سۈرلۈك كەلگەن ، مەكىت ، مارالبېشى تە- ۋەسىدە تاغىقى يەرگە تەگمىگەن ، يانتاقتىكى يەتتە ئۇرۇقنىڭ بىرسى ـــ ھېلىم ئۇرۇقىدىن بولغان ئابدۇكېرىم داڭ چۈشتى . سورۇن سۈرلۈك جىملىققا پاتتى . بۇ ئادەم يانتاقنىڭ پالۋىنى ، تاغدەك ئىشىنىدىغان يۆلىكى ئىدى . ھەر ئىككى تەرەپ جىمىپ كەتتى . ئادەتتە بۇ ئادەم چېلىشىشقا ئالدىراپ چۈشمەيتتى ، چۈشسە قارشى تەرەپنىڭ يېقىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى . بۇ ئىككى پالۋان بەل تۇتۇشۇپ باقمىغان ھەم ئۇلارنىڭ مۇنداق ئادەتتىكى سورۇندا تۇتۇشىدىغانلىقى ھەر ئىككى يۇرتنىڭ خىيا- لىدا يوق ئىدى . يانتاقلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئىشنى مۇسا كەكىر بۇزدى ، سورۇننى بىراقلا يوغىنىتىپ ، ئابدۇكېرىم داڭدىن قالسا يانتاقتا سانىلىدىغان تۆت پالۋاننى ئۆرۈۋەتتى . ئەسلى بۇ ئىككى پالۋان ھەر ئىككى يۇرتنىڭ مۇنارى بولۇپ تۇرىۋەرسە ، بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشمىسا بولاتتى .

ئەيسا بەگ كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان ساقىلىنى ئا- لىقانداپ ، يېنىدىكى نىياز بەگكە قاراپ قويدى . نىياز بەگ مولا- يىم تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا ، قانداق قىلساق بولار ، دېگەن مە- نىدە ئىڭكىلدى . ئەيسا بەگ سۈرلۈك كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ، بوي-

ىلا ، قىش قېلىپتىن چىقتى ، دېگەن ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى .
ئىككى پالۋان چىرايىدىن ھېچقانداق ھېسسىياتنى تاپ-قىلى بولمايدىغان تەرىزدە ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگى-لىپ سالام قىلىشتى . پۈتكۈل سورۇن مازار سىياقىدا سۈرلۈك تىمتاسلىققا چۆمدى . ئابدۇكېرىم داڭ ياش باللارنىڭ پاچىقى-دەك توم ، ئۇزۇن قوللىرىنى بۆركۆتنىڭكىدەك يېيىپ مۇسا داڭ-نىڭ ئالدىغا لۆمشۈپ دەسسەپ كەلدى :
— مۇساخان ، قېنى قانداق تۇتۇسىز ، تۇتۇڭا .
— سىزدىن كەلسۇن ، سىز تۇتۇڭ ئابدۇكېرىمخان .
مۇسا داڭمۇ سەل قىسقا ئەمما تېخىمۇ توم ، تومۇرى كۆ-پۈپ تۇرغان قارا بىلەكلىرىنى يايدى . ئىككىسى ئۇزاق تەكەللۇپ قىلىشىپ ئاخىر بىر قوللۇقتىن نۆۋەت بىلەن تەڭ تۇتۇشتى .
ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يۆلەنگەن قېرى توغراقتەك ئېگىلگەن گەۋدىلىرى ، ھەربىر ئالدىغا ـ كەينىگە تارتىشلىرى شۇنچە ئې-غىر ھەم ئاستا ، مۈڭگۈزى كىرىشىپ قالغان قېرى بۇقىلارنىڭ-كىدەك تەس ئىدى . سورۇننىڭ ھەربىر تىنىقىمۇ مۇشۇ تارتىش-لار بىلەن ئېغىر يۇرۇشمەكتە ئىدى . ئۇلار ئۈچ ئاش پىشىم توختىماي تارتىشتى ، ھېچقايىسىسى بىر ـ بىرىگە يان بەرگۈز-مىدى . دۈمبىلەردىن چىققان تەر كۆڭلەكتىن ئۆتۈپ ، بەدەن-لەردىن ھور كۆتۈرۈلدى . ھاياجاندىن قارا تەرگە چۆمگەن ما-مۇت شەيخ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ، يانتاق جامائىتى تەرەپكە يۈزلىنىپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى :
— ئامىن ، يانتاقلىقلار ، ئامىن ، ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردانىنىڭ روھى پالۋانىمىز ئابدۇكېرىمخانغا مەدەت قىلغاي ، ئا-مىن ...
— ئامىن ! ...

— ئامىن ! ... يانتاق جامائىتى ئاللا سالغاندەك ۋارقىراپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . جامائەت ئارىسىدا پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇ-ۋېتىپ هۆكرەپ يىغلىغان ، ئۆكسىگەن سادالار ئاڭلاندى .

— ئامىن ، ئەيسا ئاتىمىزنىڭ سايىسىدىكى ئاۋاتلىقلار ، ئامىن ، هەزرىتى ئەلى شاهى مەردانىنىڭ روهى پالۋىنىمىز مۇسا-خانغا مەدەت قىلغاي ، ئامىن ! ...

ئۇلارغا ئوقۇلغان دۇئا ، مەدەتلەر ئۇزۇلمەيتتى .

ئىككى پالۋان جىددىي قوزغىلىش قىلىپ تېز - تېز بەل قورۇشقىلى تۇردى . تارتىلىشتىن بەلۋاغلار يوغان بەللەرگە چوڭقۇر پاتتى ، نەمساق قۇملار چېچىلىپ ، تۇرتۇشلەردىن يەر ئويۇلدى . مۇسا كەكىر ئابدۇكېرىمخانغا ئىچ چاماق سالدى . ئابدۇكېرىمخان تېخىمۇ ئېگىشىپ پۇتىنى يىراقلىتىپ قاچۇردى ، سىرتتا تۇرغان ئادەملەر جىددىيلەشكىنىدىن خۇدىنى بىلمەي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى . ئابدۇكېرىمخان كۈچەپ بىر ئىنجىقلاپ چاماقتىن ئاجرىدى ، ئەمما قۇمغا چوڭقۇر پېتىپ تىز-لىنىپ قالدى . « ئاللا ... » دېگەن ئومۇمىي سادا بىردىنلا پارتلاپ ، ئادەملەر ئالدىغا بىر دەۋرەپ يەنە چوڭقۇر سۈكۈتكە پاتتى . مۇسا كەكىر پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرتۈپ ئابدۇكېرىم-خاننى كەينىگە قاتلىغىلى تۇردى . ئاۋاتلىقلار مۇساخاننىڭ شەكلىگە كىرىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ كۈچەندى . ئۇلار تىرە-جەپ ، جىددىيلەشكىنىدىن ئىر - بىرىنى كۈچەپ ئىتتىرىشەت-تى . يۈزلەر ، چېكىلەردىن تەر قۇيۇلدى . مۇساخان « هە ... هىم ... ئاللا ... » دەپ ئىنجىقلاپ ، ئابدۇكېرىمخاننى ئارقىغا خېلىلا قاتلىدى ، ئابدۇكېرىمخاننىڭ غولى بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى يوغان غېرىچتا بىر يېرىم غېرىچ ئارىلىقلا قالدى . يانتاقلىقلار خۇدىنى يوقىتىپ قېتىپ قېلىشتى .

ئەيسا بەگنىڭ قېتىپ قالغان ھېسسىياتسىز چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، قارچىغىنىڭكىدەك يېنىپ تۇرـدىغان كۆزلىرى ھەربىر ھەرىكەتكە سىنچىلىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئارىلاپ ئوتتۇرىدا تۇرغان زىلۋا بوي، كەڭ مۈرـلىك چىرايلىق مامۇت شەيخكە گۇمان بىلەن تىكىلىپ قاراپ قوـياتتى. ئەيسا بەگ بىلەن تولا كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ قېلىشىۋاتقان ماـمۇت شەيخ ھەر مەرتەم تىكىلىپ قالغاندا، ئەيسا بەگنىڭ سۇـرىدىن پەيلىرى سىرقىراپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك بوـلۇپ كېتەتتى. كۆزلۈم ئاشۇ ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن ئىككىنچىلەپ ئۇچرىشىپ قالمىسۇن، دەپ قارىماسلىققا ۋەدە بەرسىمۇ، ئەمما قارىماي چىدىيالمايتتى. « يەر تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن، چوقۇم نىيىتىمنى بىلىۋالدى » دەپ يۈرىكى پوكۇلدايتتى.

بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئەيسا بەگ بىلەن يان بېـغىر ئولتۇرغان، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆكسىمەيدىغان نىياز بەگنىڭ ئەقىللىق كۆزلىرىگە ئىلىنىپ تۇردى. ئۇ سۇرلۇك ئولـتۇرغان ئەيسا بەگكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى. نىياز بەگنىڭ چېھرىدىن مۇلايىم تەبەسسۇم ئۆچمىدى، ئەمما ھازىرقى جىددىيچىلىكتە سۇزۇك ئۇزۇن بۇرۇنلىرى ئۈستىدە يىڭنە ئۇـچىدەك تەر پەيدا بولدى، ۋىلىلداپ قان تېمىپ تۇرغان مەڭزى خېلىلا ئاقىرىپ كەتتى.

ئابدۇكېرىمخان ياچاقتەك ئېگىلدى، ئۇنىڭ بىلەك، بوـيۇنلىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆك كەسمىدەك ئېسىلدى. مۇساخاننىڭ يوغان سارغۇچ ئاق چىشلىرى كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەپ، كـۈچەنگەنلىكتىن چىرايى دەھشەت سەت قورۇلۇپ، كۆزلىرى يـۇمۇلۇپ يوقىلىپ كەتتى. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭدىن بەتتەر

كـۈچەنگەنلىكتىن ئاق يۇزىنىڭ تېرىلىرى تارتىشىپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ، قارچىغى ھېلىلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئوقچۇپ چىقتى .

— ئاللا ...

ئابدۇكېرىمخان بىرلا بوغۇق سەت ۋارقىراپ نەرە تارتىش بىلەن مۇساخاننى يەردىن يۇلۇۋېلىپ كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى ، مۇساخاننىڭ پۇتى يەردىن ئاجرىشى بىلەن تەڭ قولىمۇ ئابدۇكېرىمخاننىڭ بېلىدىن ئاجراپ كەتتى . ئۇ باياتىن بېرى بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ بولغاچقا ، قول — پۇتلىرى جانسىز پۇلاڭلاپ قالدى . ئابدۇكېرىمخان سامان تىققان يوغان تاغارنى باشچىلاپ كۆتۈرگەندەك ئېغىر پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ سورۇننى بىر ئايلاندى . ئۇ ھەربىر قەدەم ئالغاندا ، پاچاقلىرى تىترەپ ئېگىلەتتى . ئۇ بىر ئايلانغاندىن كېيىن سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇساخاننى « گۈپ » قىلىپ ئوڭدا تاشلىدى . ئېغىر گەۋدە قۇمغا خېلىلا پاتتى . ئابدۇكېرىمخان ئۆزىمۇ شۇ زامان يۈكۈنۈپ قالدى ، ئاندىن ئېغىر ھاسىراپ يانپاشلاپ يېتىپ قالدى .

— ئاللا ... ئاللا ... ئاللا ... ياشا ... ئۆلمە ...

يانتاقلىقلار بار ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى ، تۇماقلار ئاسمانغا ئۇچتى . مۇساخان قىمىر قىلماستىن لايدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئاۋاتلىق پالۋانلاردىن بىر قانچىسى كېلىپ ئۇنى يۆلىدى ، ئەمما مۇساخان ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى .

— كـۆرەلمەيۋاتىمەن ... ئابدۇكېرىمخاننى بىر كۆرەي ...

— مۇساخان ... — ئابدۇكېرىمخان ھالسىز بوغۇق ئاۋازدا تولۇلىدى .

مۇساخاننىڭ كۆزى كۆرمەس ، پۇت — قولى باسماس

بولۇپ قالغانىدى .
— مەندىن نامەردلىك كەتتىمۇ مۇساخان ...
— ياق ، ياق ... ئابدۇكېرىمخان ، رازى بولسىلا . كۆ- چەۋاتقاندا گەدىنىمگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلىپ ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم ، پۇت - قولۇممۇ بوشاپلا كەتتى ... مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن ، رازى بولسىلا ... مەن ... مەن ئاۋاتقا ، ئەيسا ئاتامغا يۈز كېلەلمەيمەن ... — مۇساخان ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى .
— ئەسلى تۇتۇشمىساق بوپتىكەن ، مۇساخان .
— ياق ... ياق ... ئىككى يۇرتقا ئۇزاق بولغان ، ئىككىمىزنىڭ بىر تۇتۇشۇشىنى دىلى تارتىپ يۈرگىلى ... مېنى بىر قۇچاقلىسىلا ...
ئابدۇكېرىمخان ئۆملەپ قوپۇپ مۇساخاننى قۇچاقلىدى ، ئۆزىمۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى ...
يانتاقلىقلار ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىماقتا ، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يەرگە يۇملاشماقتا . قېرىلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇماقتا ئىدى .
چوڭلار تۆردە ئېغىر سۈكۈناتتا ئولتۇراتتى . نىياز بەگ ئىچىدە ھاردۇقى چىققاندەك لاسسىدە بولۇپ ، خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى . ئەيسا بەگ يەنىلا چېلىشىش بولۇۋاتقاندەك سورۇنغا تىكىلىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى . نىياز بەگ ، كېرىم ھاجى ، تۇرانبەگ ... ھەممە ئادەم يەر تېگىدىن ئەيسا بەگكە زەن سالاتتى .
ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ « چاك » قىلىپ ئالقىنىنى چاۋاكلىدى ، ئاندىن گۇرسۇلدەپ دەسسەپ سورۇنغا قاراپ ماڭدى . بىر يىگىت كۈمۈش پەتنۇستا كۈچلە كۆرپىسى ،

تۇماق ، كەشمىر دۇخاۋىسى ، بەلۋاغ ۋە بىر تون كۆتۈرۈپ ئە-گەشتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر يىگىت ئېگەر ـ جابدۇقلۇق بىر جەدە ئاتنى يېتىلەپ كىردى . ئەيسا بەگ ئابدۇكېرىمخان بىـ-لـەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . تۇماق ، تونلارنى ئۆزى كىيدۈ-رۈپ بەلۋاغ باغلاپ دۇئا بەردى .

— خۇدا ئۆمرىڭىزنى قۇت ئاتقۇزغاي ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرگەي ...

— خـۇدا سىـلىگىمۇ رەھمەت قىلغاي ، بەگ ئاتا ، — دېدى ئابدۇكېرىم داڭ قول باغلاپ تەزىم قىلىپ .

ئەيسا بەگ چىرايىغا سۇس تەبەسسۇم بېرىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئابدۇكېرىمخانغا تۇتقۇزدى .

ئاللا ساداسى تېخىمۇ ياڭرىدى .

ئابدۇكېرىمخان ئاتنى يېتىلەپ سورۇندىن چىقتى ، ئا-دەملەر ئۇنى بېشىغا ئالدى ...

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ئوغلۇم ، ئاللا شىپالىق بەرگەي ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇكەن ، خۇدا ھەممىدىن ئايرىسىمۇ ئـە-مانىمىزدىن ئايرىمىغاي ...

ئەيسا بەگ مۇساخانغا ئېگىشىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قو-يۇپ دۇئا قىلدى . مۇساخان يىغىدىن گەپ قىلالمىدى .

# بەشىنچى باب

ئىككى تۆگە سويۇلۇپ پولۇ دۈملەندى . چۈشلۈك غىزا-
دىن كېيىن قېتىق ، قوغۇن — تاۋۇز ، كۈزلۈك ئامۇت ، شاپتۇل
تارتىلدى . مامۇت شەيخ ئەقىل — هوشىنى يوقىتىشقا ئازلا قال-
دى ، يۈرىكى توختىماي سېلىپ بىسەرەمجان بولۇپ يۈردى . نە-
ياز بەگ كېرىم هاجىغا ئوغلىنى ئىشارەت قىلىپ قويدى . كېرىم
هاجى كەلتۈرۈپ بىر ئالىيۋىدى ، شەيخ قارا بېسىپ ئويغانغان-
دەك خۇدىنى تاپتى .

ئىت تالاشتۇرۇش باشلاندى ، بۇنىڭغا بىردىن ئات تى-
كىلدى . يانتاقلىق ئايۇپ كۆكچىنىڭ سېرىق نوغۇچ قۇيرۇق
ئىتى سورۇننى تاشلاپ قاچتى ، يانتاقلىق ئۇتتۇردى . يۈزدەك
يىگىت ئىتنى چالما كېسەك قىلىپ ئاتلىق قوغلاپ چىقىپ كەت-
تى . ئىت نالە — پەرياد قىلىپ قېچىپ قۇتۇلالماي ، ئۆزىنى يار-
دىن دەرياغا ئاتتى ، نېپىز ئۇيۇغان مۇز يېرىلىپ ئىت مۇز ئاستىغا
كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ غىڭشىپ ، پىلتىڭلاپ مۇزغا ئۇرۇلۇش-
لىرى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى . قوغلاپ كەلگەن يىگىتلەر يار
بېشىدا ئىتنىڭ سۈزۈك مۇز ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېچى-
نىشلىق هالىغا سۈكۈت ئىچىدە جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى . ئاق
تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ، بۇرۇتى مايسىدەك يۇمران

كەلگەن ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئوبۇلقاسىمنىڭ قارا كۆزىدىن ياش سىرغىپ چىقتى ، ئاستىدىكى بوز ئات ئەتراپقا قاراپ توختىماي پۇشقۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىدىن هور پۈركىدى .

ــ ئوبدان ئىت ئىدىڭ ، سەندىن بىرەر كۈچۈك قالغان بولسا ئوبدان بولاتتى ، ــ دېدى ئوبۇلقاسىم قامچا تۇتقان ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سىلىق مەڭزىدە توختاپ قالغان ياشنى سۈرتۈپ .

ــ يانتاقنىڭ يۈزىنى تۆككەن ئىتتىن كۈچۈك قالمىغىنى ياخشى ، ئۇمۇ ئاتىسىنى دورايدۇ ، قىيامەت كۈنى كۆزىمىز كۆره ، ــ دېدى شاپ بۇرۇتلۇق ، قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغان سەمەتخان .

ئىت مۇز ئاستىدا ئېقىپ يىراقلاپ كەتتى . ئۇلار ئارقىغا ياندى .

ــ مەن ئاۋاتلىقلار ئىتنىڭ دۈمبىسىگە ، ئېغىزمانلىرىغا كىرىسىن سۇۋاپ قويىدىغىنى دەيمەن . بىزنىڭ سىرىق تايغان تۇتقان يېرىنى قويۇۋەتمەيتتى ، بۈگۈن ئاغزى توختىمىدى ، ــ دېدى ئوبۇلقاسىم دەريا تەرەپكە هەسرەت بىلەن قاراپ .

ــ بۇ ئىتنىڭ مىجەزىنى يانتاقتا بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە هەممىسى بىلىدۇ . ئىش قىلىپ بىر گەپ بار ، شەيخ باشلىق تۆت گۇۋاهچى هەممىمىز كۆردۇق ، ئاۋاتلىقنىڭ ئىتىدا ئۇنداق ئالامەت بايقىمىدۇق ... ــ دېدى باراتخان كۇسىراق كەلگەن ئۇزۇنچاق يۈزىنى سىلاپ قويۇپ . ئۇلار هەممىسىنىڭ روهى چۈشۈك ئىدى ، ئاتلارمۇ ناهايىتى ئاستا ماڭاتتى .

ــ جاهاندا مەرد ئادەمدىن ئىككىسى بار دېسە ، بىرسى مۇشۇ ئاۋاتلىق ئاۋۇتخان تۆره دېسە بولىدۇ . ئىمانىم كامىلكى ،

باشقا ئادەملەر بۇنداق ھىيلە ـ مىكىر، پەنت[1] ئىشلەتسىمۇ، ئاۋۇتخان تۆرە بۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، بۇنىڭدىن گۇمانلانساق ئىمانىمىز سۇسلاپ قالىدۇ، ھېچبولمىسا قىيامەت كۈنى نامەردلەر قاتارىدا تۇرۇپ قالىمىز، — دېدى زەڭگەر كۆز، بۇغداي ئۆڭ، ئورۇق، ئېگىز كەلگەن ئېلىخان ئاستىنقى كالپۇكىنى يېنىك چىشلەپ يالاپ قويۇپ.

— گەپ بىزنىڭ ئىتىمىزدىدەك قىلىدۇ. ئالدىنقى چارشەنبە ئابدۇۋېلىكام تاي گۆشىدە سامسا ياقتۇرۇپ يېگۈزۈپتىكەن، ئىت يەتتە كۈنىنىڭ ياقى ئىچى كەلمەي ھاسىراپ يېتىپتۇ. ئۈچ كۈن يېتىلەپ، سۈت بېرىپ يۈرۈپ تېخى ئۆلۈشكۈنىنىڭ ياقى ئىككى قېتىم ئىچى كەپتۇ. شۇڭا ئىت كۈچىگەندە دېمى كېسىلىپ كېتىپ ئېغىزىنى توختىتالمىغان گەپ. ئات گۆشىمۇ، سامسىمۇ كارامەت ئىسسىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىت ئاتتىن بەك ئىسسىقچان ئەمەسما، ئابدۇۋېلىكام قاغا مېڭىسىنى يەپ قالغان ئوخشايدۇ ...

نىياز بەگ ئېگەر جابدۇقلۇق قارا گىمر ئاتنى يېتەكلەپ چىقىپ ئاۋۇتخانغا تۇتقۇزدى. ئايۇپ كۆكچى سورۇن تېشىدا چىم ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ چىملىق يەرنى قاساپ يىغلىماقتا ئىدى.

قوچقار سوقۇشتۇرۇش رەسمىي باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. سورۇن ئەتراپى قويۇق غۇلغۇلا، دو چىقىش بىلەن تولغانىدى:

— مەن ياناقلىقنىڭ ئۇتتۇۋېلىشى ...

— مەن ئاۋاتلىقنىڭ ...

— نېمەڭنى تىكتىڭ ؟

① پەنت — سىرلىق ھۈنەر.

— بەش قوي .
— ھېساب ، كېلە .
— سەن نېمەڭنى تىكسەن ؟
— بىر ئات
— ھېساب ، سەنچۇ ؟
— بىر زىنجىچا ئالتۇن .
— تۆت كالا ...
— تۆگە ...

دو تىكىشكەنلەر قولىغا تۇكۇرۇپ ، ئالىقىنىنى يەرگە سوۋاپ چاڭىلدىتىپ ئۇرۇشاتتى .

پۈتۈن مەيداندا باغلاشمىغان ، تىكىشمىگەن ئادەم قالمىدى ، ھەتتا بىرسى ئۇنى بىلەن دو چىقىشقانلارمۇ بار ئىدى .

ئەيسا بەگ بىلەن نىياز بەگ بەشتىن ئالتۇن يامبۇغا دو چىقىشتى ...

مامۇت شەيخ ئاۋات تەرەپ سۆرەپ كىرگەن يوغان مۈڭگۈزى كارنىيىغىچە يۆگىلىپ چۈشكەن ، قارا قىلچاقلىق ، چۇپۇرلۇق ، كەتمەن قۇيرۇق قوچقارنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ بويۇنلىرىنى تۇتۇپ تەكشۈردى . مەممەت ساقال يانتاق تەرەپ سۆرەپ چۈشكەن يۆگىمە مۈڭگۈزلۈك قارا باش ، ئاق قوچقارنى كۆتۈرۈپ سىلەپ ھەممە يېرىنى تەكشۈردى . قوچقارنىڭ تۇمشۇقلىرىنى قوتۇر بېسىپ ، تۈكى چۈشۈپ ، قىزىل ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى .

— سىلىنىڭ قوچقار ئالتە يېرىم چارەك كېلىدىكەن ، مەممەتخان ، — دېدى مامۇت شەيخ كۈلۈپ .

— سىلىنىڭمۇ بەش چارەكتىن كەم ئەمەس ، يېنىۋالامسىلە ؟ — دېدى مەممەت ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ۋە بۇرۇتىنى ئې-

شىپ قويدى .

— ئۆلۈۋالامسىلە دەپ سوراڭلار ، — دېدى ماموُت شەيخ زەردىسى قايناپ .

ھەر ئىككىسى بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— پۈتۈم بولدىمۇ ؟

— بولدى ، تەقسىر ، — ئىككى يىگىتۆپشى تەڭلا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى .

ئەيسا بەگ بىلەن نىياز بەگ بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ باشلىرىنى لىڭشىتتى .

قوچقارلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ ، تۇمشۇقىنى يالاپ بۇرقىراپ يەرنى چاپچىغىلى ، باش بېغىنى تارتقىلى تۇر- دى . ئارىلىق ئەللىك ماڭدام قىلىپ ئۆلچەنگەندىن كېيىن قوچ- قارلارنىڭ نۇقتىسى ئېلىندى .

— ھە ما ؟! .

— ھە .

— ئاللاھۇ ئەكبەر !

يىگىتۆپشلىرى تەڭلا ۋارقىراش بىلەن بىللىلا قوچقارلار قويۇپ بېرىلدى . چوماقتەك ئېتىلىپ بارغان قوچقارلار « جالاق » قىلىپ كاللا قويۇشتى ، يوغان يۆگىمە مۈڭگۈزلەردىن «يالت - يۇلت » قىلىپ ئوت چاچرىدى . قوچقارلار كاللا قويۇپ بولۇپلا ، يەنە بىر - بىرىگە سىڭايان چەكچىيىپ ، قىزىل جى- يەكلىك ئۈچ چاسا كۆزلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ھەربىر قەدەم چېكىنىشىنى ھېسابلاپ تۇرغاندەك قادىلىپ كەينىگە يانغىلى تۇردى ، توختىماي بۇرقىراپ ، ياپىلاق تىللىرىدا ھەدەپ تۇمشۇ- قىنى يالاشتى . قارا قوچقارنىڭ ئارقا پۇتى بىر ئورىچەككە تىقى-

لىپ قېلىپ ئىزىدا تاققىدا توختىدى. ناڭقاش[1] قوچقارمۇ رەقە-
بىگە قارام تىم توختىدى. ئاندىن ھەر ئىككىسى باشلىرىنى سە-
ڭايان ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىغا سەكرەپلا تەڭ ئېتىلدى. ئۇلار
يەنە ياندى، يەنە سوقۇشتى، يەنە ئېتىلدى. قوچقارلارنىڭ
ئېغىز ـ بۇرۇنلىرى قىزىل قانغا بويالدى، ئېغىزلىرىدىن قانلىق
ماغزاپلار تامچىدى. ئاۋۋال قارا قوچقارنىڭ، كېيىن ناڭقاش
قوچقارنىڭ بىردىن مۈڭگۈزى سۇندى. مۈڭگۈز ئورنىدىن قان
ئېتىلىپ چىقىپ بارا ـ بارا ھالسىزلىنىپ يىقىلىشتى، شۇنداقتىمۇ
يەنە ئورنىدىن تۇرۇشتى. تۆت ئاش پىشىمدىن كېيىن، پۈتۈن-
لەي قانغا بويالغان ئىككىلا قوچقار مۈڭگۈزلىرىدىن ئايرىلدى،
كۆكسى، بويۇنلىرى قان بىلەن بويالدى. ئۇلارنىڭ قەدەم ئې-
لىشلىرى شۇنچىلىك ئېغىر ئىدىكى، پۇتلىرى دىرىلداپ تىتى-
رەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سورۇندىن قاچماي تىركەشمەكتە
ئىدى. بۇ ئېسىل جانىۋارلار باشقا يىرتقۇچلارغا يولۇققاندا، ھا-
مان ئۆزىنىڭ قوي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ
قارشىلىقسىز جان بېرىشكە كۆنگىنى بىلەن، ئۆزئارا جەڭگە
چۈشكەندە خېلى ياۋۇز يىرتقۇچنى مەغلۇپ قىلغۇدەك ئىرادىگە
كېلەلەيتتى.

پۈتۈن سورۇن ئەھلى سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتى. ھەم-
مىلا ئادەمنىڭ كۆڭلىدە — مەيلى ئۇ بەگ ياكى چاكار بولسۇن،
لەززەت كۈچىگە ئىگە ئامەت، شۆھرەت، شان ـ شەرەپ تۇيـ
غۇسى ئۆرلۈك چوغىدەك تاۋلىنىپ يېلىنجاپ تۇراتتى. ئىككى يې-
گىنتۆيشى قوچقارلارنىڭ كاللا ئۇرۇشىنى ساناپ تۇرۇشاتتى. ھا-
زىر ئۇلار بىر يۈز ئەللىك يەتتە قېتىم كاللا ئۇرۇشتى، ئەمدى بىر
يۈز ئەللىك سەككىزىنچى قېتىمغا قاراپ ئالدىغا ماڭماقتا ئىدى.

---

① ناڭقاش — كۆزىنىڭ ئەترابى قارا كۆزەينەك تاقىغاندەك رەڭ ئالغان.

ئۇلارنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى، ئېغىر پۇشۇلداشلىرى، باسقان ئىز-
لىرىدىن ئۇستى - ئۇستىلەپ قان تامچىلىغان چىغىر يولنىڭ
ھاسىل بولۇشى، ئېغىر يارىلانغان جەڭچىنىڭ سەنتۈرۈلۈپ ئالغا
كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىگە تولىمۇ ئوخشايتتى. يانتاقلىقلارنىڭ
ناڭقاش قوچقىرى مادارسىزلىقتىن يېرىم يولغا كەلگەندە مۈدۈ-
رۈپ كېتىپ كەينىگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ رەقىبىگە قانلىق
كۆزىنى جەھلى بىلەن تىكىپ، بېشىنى يەنىلا سوقۇشۇش ئۈ-
چۈن يانتۇ تىك تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىككى مەرتەم ئۇ-
رۇندى، ئەمما ئارقا پۇتىدا بەدىنىنى كۆتۈرگۈدەك مادارى قالمى-
غاچقا، دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇنۇشىدا
ئالدى پۇتى تىزلىنىپ قېلىپ، تۇمشۇقى يەر دىيەپ قالدى.
مادارسىز، ئەمما قەھرى بىلەن كېلىۋاتقان قارا قوچقار رەقىبىنى
تىك تۇرۇۋالسۇن، دېگەن مەرد پالۋاندەك ئالدىغا شوخشىغان،
ئەمما قەدەم باسمىغان. ھالەتتە چەكچىيىپ تۇردى، ناڭقاش
قوچقار كۆچەپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇردى، ئەمما سەنتۈ-
رۈلۈپ تۆت پاچىقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىرىلداپ تىترەپ
كەتتى، لېكىن ئەسەبىي كۆزى، مۈڭگۈزىدىن ئايرىلغان چىدام-
لىق بېشى يەنىلا رەقىبىگە توغرىلاندى. قارا قوچقار رەقىبى
تىكلەنگەن ھامان جان كىرگەندەك شىددەت بىلەن ئېتىلدى.
ئىككى كاللا يەنە شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. ناڭقاش قوچقار
كەينىگە پۈكلىنىپ يىقىلدى. قارا قوچقار ئالدىغا پۈرلىشىپ
موللاقلاپ يىقىلدى. ناڭقاش قوچقار بىر قېتىم سۇس تىرتاڭلاپ
جىم بولدى، قارا قوچقار ئۈچ قېتىم ئېغىر پۇت ئېتىپ ئوڭدىسىغا
يېتىپ قالدى.

يىگىتۋېشلىرى يۈگۈرۈپ كەلگەندە قوچقارلار جان ئۈز-
گەندى، ئىككىسى شۇنچە يېقىن، تىمتاس، خاتىرجەم ياتاتتى.

ئادەملەر گۆررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ شاۋقۇن كۆتۈردى . يىگىتۋېشلىرى جىدەل چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ گېپىنى بىر قىلىپ ، كاتتىلارنىڭ ئالدىغا بېرىشتى . دەل مۇشۇ چاغدا ، قارا ئاتقا مىنگەن چىرايلىق بىر يىگىتنىڭ سورۇندىن خېلى يىراق دۆڭ ئۈستىدە سورۇنغا جىممىدە تىكىلىپ تۇرغانلىقى مامۇت شەيخنىڭ كۆزىگە ئىلىنىپ قالدى . ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى . يىگىت مامۇت شەيخكە شۇنچە تونۇشلۇق كۆرۈندى ، ئەمما ئەسلىيەلمىدى . ئۇ ئوبدانىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بۇرۇلۇپ تىكىلگەندە ، يىگىت ئۇنىڭغا چەكچىيىپ ئالايغاندەك بىلىنىپ كەتتى . شەيخ شۇئان تونۇۋالدى ، ئۇ يىگىت تونۇش ئالىيىش بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى . باياتىن بېرى تاپالمىغان ، مامۇت شەيخنىڭ روھىنى سۇغۇرۇۋېلىپ غايىب بولغان بۇ پەرىزات ئەيسا بەگنىڭ ئارزۇلۇق قىزى زۆھرە خېنىم ئىدى . شەيخ كۆلۈشكە ئۈلگۈرمەيلا زۆھرە خېنىم ئېتىنى چاپتۇرۇپ دۆڭدىن چۈشۈپ يىراقلاپ كەتتى ...

— خالايىق ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئاخىرلاشمىدى ، قوچقارلار بىر ـ بىرىدىن يېڭىلمەي جان بەردى . شۇڭا ، ھېچقايسى يۇرت ئۇتتۇرمىدى ھەم ئۇتمىدى . يۇرت كاتتىلىرىمىزنىڭ پۈتۈمى بويىچە ، كېلەر چارشەنبە كۈنى يانتاققا تەۋە ھورلۇق بىلەن بولقا ئارىلىقىدىكى ھاڭغۇتلۇق ئۆستەڭ بويىدىكى شېھىتلىك جاڭگىلىدا ، ئىككى يۇرت ئارىسىدا ئوغلاق تارتىشىش بولىدۇ. شۇڭا ، يۇرتنىڭ ھەم ھەر كىمنىڭ باغلاشقىنى ھېساب . باغلاقنى بۇزغۇچى بولماڭلار ، كىمىكى يېڭىۋالسا نامەرد ، ئۇتتۇرغانغا ھېساب ...

— تېخىچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرامسەن ئاداش ، قوپە ...
مامۇت شەيخ چۆچۈپ سىلكىندى ۋە مۇشۇ سىلكىنىشتە

ئوخرىكىگە چىمىدە ئاغرىق كىرىپ ھېلىلا سۈرگەن شېرىن خىياللىرى كېسىلدى . ئۇ بېشىدا ھەجىيىپ تۇرغان ھەمزىگە ئالايدى .

— ئاله ، مانا ئېلىپ كەلدىم ، — ھەمزە شەيخنىڭ قوچىقىغا يۇمشاق بىر بوخچىنى تاشلىدى . تونۇش پۇراق شەيخنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇش بىلەن دىلى ۋىللىدە ئېچىلىپ ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى .

— قانداق قىلىپ ؟ ...

— مۇشۇنداق يۇرسەڭ ئۇيقۇ كېلەمدۇ ماڭا ، تەۋەككۇل پېشانەم دەپ باردىم ، مانا ئەمىسە دەپ بىر بوخچا ئېلىپ كەلدىم . مەيدەڭگە باسساڭمۇ خېنىمنىڭ توغۇچىقىنى باسقاندەك بولىسەن .

شەيخ بوخچىنى قۇچاقلاپ بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى . پۇراق شۇنچە قويۇق ھەم مەززىلىك ئىدىكى ، شەيخ ئۇزاق پۇراپ مەست بولدى . بىر ئازدىن كېيىن مەستلىكىدىن يېشىلىپ ئەتىراپقا قارىدى ، ھەمزە كېتىپ قالغانىدى . مەشرىق ئاقىرىشقا باشلىغانىدى . ماۋۇت شەيخ پۇراشتىن ، باغرىغا بېسىشتىن بوخچىنى كۆرۈشكە كۆچتى . بوخچىدا ئەتلەس كۆڭلەك ، دۇخاۋا كۆڭلەك ، تاۋار تامبال ، دوپپا ، قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلىتكە ، ئىچ كۆڭلەك ، مارجان ، رومال ، مەخمەل پەرىجە ، تۈلكە تۇماق بار ئىدى . ئۇمەخمەل پەدىجە بىلەن تۈلكە تۇماقنى ھېلىقى كۈنى — ھەم بەختلىك ، ھەم شەرمەندە بولغان كۈنى زۆھرە خېنىمنىڭ ئۇچىسىدا كۆرگەنىدى . ئۇ شۇ كۈننى خاتىرىسىدىن ئۆتكۈزدى ...

× × ×

قارايغان كۆكتىن ئۇششاق قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. چىملىق، تۈزلەڭ يەر يۈزىنى نېپىز قار باسقانىدى. ئۇچقۇر ئاتلار بارغانسېرى قىزىپ كەتكەنىدى. ساناقسىز ئاتلىقلار بىردەم غۇجمەكلىشىپ تىركەشسە، ۋارقىراپ تىللاشسا، بىردەم شىددەت بىلەن ئالغا چېپىشاتتى.

يۇرت كاتتىلىرى ئوغلاق تارتىشۋاتقان ئۇچقۇرلار توپىغا ئاتلىرىنى يىراقتىن ئايلاندۇرۇپ كۆز سېلىپ تاماشا قىلىشاتتى. ھەممىنىڭ ئۈستى يوپقا قار ئۇچقۇندىسى ئاستىدا قالغانىدى. ئەيسا بەگنىڭ كۈمۈش رەڭ ئاقارغان ساقال ـ بۇرۇتىغا يېپىشقان قارلار سۈزۈك مۇز دانىچىلىرى بولۇپ ساقىلىغا ئېسىلىپ قالغان، چىرايلىق قارا كۆرپە تۇمىقىنى نېپىز بىر قەۋەت قار يۆگىۋالغانىدى. ئاتىسىنىڭ بىقىنىدىلا ئويناقلاپ ئىزىدا تۇرالمايۋاتقان قار رەڭگىدىكى نەسىللىك ئاق يۇلتۇز ئارغىمىقىغا مىنگەن زۆھرە خېنىم چىرايلىق ئاغزىدىن قويۇق ھور چىقىرىپ، ئوغلاقچىلار توغرىسىدا قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ توختىمايتتى. ئۇ بېشىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭگىدىكى مەخمەل تاشلىق تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كەمچەت كېيىپ، كەمچەت ئۈستىدىن ئاق شايى رومالنى باسۇرۇپ ئېڭەكچىلەپ بويىنىغا يۆگەپ چىگىۋالغانىدى. كۇچا كۆرپىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن قارا مەخمەل تونىنىڭ ئايىغىدىن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پارقىراق قارا ئۇزۇن ئۆتىكى، كۈمۈش ئۈزەڭگىگە مەزمۇت تىرەلگەنىدى. جىگەر رەڭ تاۋار تاشلىق قوزا تېرىسىدىن پەلەي كىيگەن قولىدا چاققانغىنا قاشتېشى ساپلىق ئۈچ قىرلىق قامچىسى بار ئىدى.

— ئاتا، ياناقلىقلار بەك ئۆمكەن، ھەممىسى غۇجمەك-

لىشىۋېلىپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئوغلاق بار يەرگە يولاتمايۋاتىدۇ. قاراڭ، يالغۇز ئاتلىق بىرمۇ يانتاقلىق يوق. بىزنىڭ ئاۋاتلىقلار قۇمدەك چېچىلىپ ھېچ قولاشمايۋاتىدۇ، يىگىتۈپشىنىڭ بېشارەتلىرى بىلەنمۇ كارى يوق...

زۆھرە خېنىم چىرايلىق تۇمشۇقىنى ئاتىسىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى. نارازى بولۇپ سۆزۆلۆپ كەتكەن قاپىقى ئۇنىڭ ھۆسنىگە يەنە بىر يېگى ھۆسن قوشتى. ئەيسا بەگنىڭ ئوماق قىزىنىڭ يېقىملىق خۇشبۇيى، ئىسسىق تىنىقى قۇلىقىغا ئۇرۇلۇش بىلەنلا، بارغانچە ئاچچىق ئۇيۇشۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىدە ئىللىق ئاتىلىق مېھرى قوزغالدى. سۈرلۈك يۈزىگە كەم كۆرۈلىدىغان ئىللىق تەبەسسۇم تېپىپ چىقىپ، قارچىغا كۆزى چاقنىدى. ئۇ مۇزلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئوڭ قولىدىكى قامچىسىنى تىزگىن تۇتۇپ تۇرغان سول قولىغا يۆتكەپ، ئوڭ قولىنى ھورداپ قوينىغا تىقىپ ئىسسىتتى، ئاندىن قىزىنىڭ كەمچەت ئاستىدىن پىلەك يېيىپ چىقىۋالغان ئىككى تال ئۇزۇن قارا ماڭلاي چېچىنى پەم بىلەن قايرىپ ياغلىقى ئىچىگە ئىتتىرىپ قويدى. ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە قار ئۇچقۇنى ئېرىشتىن پەيدا بولغان نەملىكنى باش بارمىقىدا سىلىققىنا سۈرتۈپ، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن سۈزۈك مەڭزىنى ئاۋايلاپ سىلىدى. شۇ تاپتا قەلبىدىكى ئاتىلىق غۇرۇر ۋە مېھىر نېرۋىسىنىڭ ھەربىر قىل تومۇرلىرىغا، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا كۆيدۈرگۈچ ھارارەت بولۇپ تارقالدى. قىزىنى كېچىلىرى قوينىدا پەپىلەپ باققان يىللار، ئۇنىڭ بېلىقتەك پىلتىڭلاپ سەكرەپ ئويناشلىرى، يۇمران ئاسلاندەك پىسىلداپ تىنىپ، سۈرەتتەك ئوماق قېتىپ ئۇخلاشلىرى غىل ـ پال، ئەمما شۇنچە ئېنىق كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. قاردەك ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىترەپ، كۆكرىپ

كەتكەن قىلىن ، قۇرۇغان كالپۇكلىرىدا ئەلەملىك كۈلكە پەيدا
بولدى .

— سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن بالام ، — دېدى ئۇ قىز-
نىڭ جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ھىملاپ قويۇپ .

— ئەن بولماڭ ئاتا ، ئىچىمدە جىلىتكىدىن ئىك-
كىسى بار ، — ئۇ ئاتىسىغا شوخلۇق قىلىپ تىلىنى چىقىرىپ
كۆزىنى قىسىپ قويدى . ئاتا تەبەسسۇمىنى ئۆچۈرۈپ ئالدىغا قا-
رىدى .

قىزنىڭ كۆزى بار كۈچى بىلەن تارتىشىپ شامالدەك
كېتىۋاتقان مامۇت شەيخ بىلەن ئىسمائىلبەگكە چۈشۈشى بىلەن
يۈزىگە ۋىلىلدە قىزىللىق تېپىپ ، يۈرىكىدە ياۋايى بىر ھېسسى-
يات ، ئاڭسىز سېلىشتۇرۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى . مامۇت
شەيخ قارا كۆرپە تۇمىقىنى پېشانىچىلاپ قىستۇرۇۋېلىپ ، قامچى-
سىنى چىڭ چىشلىۋالغان ، بۇغداي ئۆڭ چىرايى قارا تەرگە
چۆمۈپ ، چىرايلىق كۆزلىرى قىسىلىپ ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ
كەتكەنىدى .. ئۇنىڭ رەقىبى بولغان — قەشقەرنىڭ چىرايلىق
سەرپۇش تۇمىقىنى كىيگەن ئىسمائىل بەگنىڭ چىرايىمۇ قىز با-
لىنىڭ يۈزىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇمۇ قامچىسىنى چىش-
لىۋالغان ، چوڭ چىرايلىق بېغىر كۆزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى .
ئۇلار بىر مۇنچە ئاتلىقلار قايىنىمىغا كىرىپ كۆرۈنمەي قالدى .
مامۇت شەيخ شۇنچە كۆرۈمسىز ، ئوتتۇنچى چىراي ، ئىسمائىلبەگ
بولسا كىلىشكەن ، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ ، ئۆزى قا-
ۋۇل ... مامۇت شەيخ ئىسمائىلبەگكە يەتمەيدۇ . ئىسمائىلبەگنىڭ
مىجەزى ، گەپ قىلىشلىرى ، مېڭىش - تۇرۇشى ئۆزىنىڭ ئاتى-
سىغىلا ئوخشايدۇ . ئۇ نېمىدەپ مامۇت شەيخنى ئىسمائىلبەگكە
سېلىشتۇرىدۇ ، يەنە كېلىپ تونۇمايدىغان بىر كاززاپقا ...

غـۇژمەك ئوغلاقچىلار ئىقىنى سۈرەن – چۇقان بىلەن
كۆن پېتىش تەرەپكە قاراپ يا ئوقىدەك سوزۇلدى . ئوغلاقنى
ئىسمائىلبەگ تارتىۋېلىپ چاتراقلىغان [1]پېتى ، يىراقتا غۇۋا كۆ-
رۈنـۈپ تۇرغان ئاۋاتلىقلارنىڭ تۇغىغا ئېلىپ ماڭدى ، ئۇنىڭغا
سوڭدىشىپلا ماھۇت شەيخ يالىڭاچلىنىپ ، باش ، دۈمبىسىدىن
قويۇق ھور چىقىرىپ جەھلى بىلەن ئات سالدى . كاتتىلارنىڭ
ئېتىمۇ توپنى يانداپ ئىلگىرىلىدى . « ۋاي ئىسىت ، سوغۇق ئۇ-
رۇۋەتمىگىدى » قىز ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنىڭ قانداق چىقىپ
كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي لېۋىنى چىشلىدى ۋە ئۆزىنى سىل-
كىشلىدى . ماھۇت شەيخ يېتىشۋالسا ، ئىسمائىل بەگدىن
ئوغلاقنى تارتىۋالسا كۆڭلى ئارام تاپىدىغاندەك بىر ھېسسىيات
ئۇنىڭ يۈرىكىدە غەليان كۆتۈردى ... « ۋاي ئەستاغپۇرۇللا شەي-
تان ، مېنى شەيتان ئۇسسۇلغا سېلىۋاتامدۇ ، نېمە بولدۇم ، ماھۇت
شـەيخ ئۆلسۇن ، ھازىرلا ئېتى بىلەن موللاق ئېتىپ ئۆلسۇن ،
مېنى ئازدۇرۇۋاتقان شەيتاننىڭ خۇدا جاجىسىنى بەرسۇن » دەپ
ئىچىدە ئۆزىنى ، شەيخنى مىڭنى تىللىدى .
ماھۇت شەيخ قانچە قىلىپمۇ ئىسمائىلبەگكە يېتىشەلمىدى .
ئىسمائىلبەگ تۇغقا يېقىنلاپ بارغاندا ، ئون بەش ئاتلىق يانتاقلىق
تۇغنى قورشاپ تۇرۇۋالغانىدى . قىزنىڭ بۇلارنى كۆرۈپلا خۇ-
شاللىقى تىنىق سۇ يېنىك دولقۇنلىغاندەك پۈتۈن جىسمىغا
تارالدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى . « بۇ نېمە
ئالامەت ، مەن يانتاقلىقنىڭ يېنىنى ئېلىۋاتىمەن ، نەدىن كى-
رىۋالدى بۇ خىيال . »
ئىسمائىلبەگ ئىككى ئايلىنىپ تۇغقا يېقىنلىيالمىغاندىن
كېيىن ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالاي دەپ

[1] چاتراقلاش — نىشانغا ياسۇرۇش .

قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى بۆسۈپ ، تۇغقا
ئۆزىنى ئۇردى . توغرا تۇرۇۋالغان بىرسى ئېتى بىلەنلا پۈرلىشىپ
يۇملاپ كەتتى . ئىسمائىلبەگ ئۈزەڭگىنى دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ
ئوغلاقنى كۈچەپ تۇغقا چۆرىدى ، ئەمما بىرى تەڭ كۆتۈرۈلۈپ
جەينىكى بىلەن ئۇرۇۋەتكەنلىكتىن ، ئوغلاقنىڭ يانپېشى تۇغقا
سەل ئۇرۇلۇپلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى . قىزنىڭ ئاغزىغا تىقىلىپ
قالغان يۈرىكى لاسسىدە ئىزىغا چۈشۈپ ئۇھ دېدى ، ئۇھ بىلەن
بىللىلا يەنە ئازابلىق تولغىنىپ كەتتى .

ئوغلاق ئات تۇياقلىرىدا چەيلەندى ، ئۇنى ھېچكىم يەر-
دىن يۇلۇۋالالمىدى . يالىڭاچ شەيخ يەرگە ئېگىشىپ ئوغلاقنى
تۇتۇۋالدى ، ئەمما ئاتنىڭ ئۈستىگە ئالالماي ، ئېگىشكەن پېتى
ئاتنى دۈۋىتىپ توپ ئىچىدىن بۆسۈپ چىقتى . ئۇ ئادەملەردىن
خالىيراق يەرگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ، كۆتۈرۈلۈپ ئوغلاقنى
چاتراقلىۋالدى . قىز دەقىقە ئىچىدە شەيخنىڭ قامچا چىشلىۋالغان
ئېغىزىدىن ساقىپ چۈشكەن قانىنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىدە ئىنچىكە
سىزىق تارتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . شەيخ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈشكە ،
دۈمبە ، بىقىنلىرىدىمۇ قان سىرغىغان ، كۆكەرگەنلىكتىن قارى-
يىپ كەتكەن چاپراس قامچا ئىزلىرى كۆزىگە چېلىقتى .

شەيخ ھەمساتتا ساناقسىز ئاتلىقلار توپى ئارىسىدا كۆ-
رۈنمەي قالدى . خۇشلۇققا مايىل كەلگەن ئىللىقلىق قىزنىڭ پۈ-
تۈن جىسمىغا تارالغاندەك بولدى . ئۇ كۆزلىرىگە تېپىپ چىققان
تەبەسسۇمنى يوشۇرالمىغان ھالدا ئاتىسىغا قارىدى . ئاتىسىنىڭ
قارچىغا كۆزلىرىدە كەم كۆرۈلىدىغان تەلۋە سېرىق ئۇچقۇن يې-
نىپ ، قارا قاتما چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئۇيراپ كەت-
كەن چىشلىرى كىرىشىپ ، ئالدىغا ئۇچلىنىپ چىققان ئاق سا-
قىلى دىردىيىپ ، ئۆزى تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى .

— نىزاخۇن، ئالىقانلىرى قىچىشىۋاتىدۇ، ئويناپ قويامدۇق؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكى نىياز بەگكە قارىماي تۇرۇپ.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇرغان، — دېدى نىياز بەگ.

نىياز بەگ هازىرلاندى. ئەيسا بەگ جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئىچىدىكى كۆك تونىنىڭ پېشىنى بەلۋاغقا قىستۇرۇپ، نىياز بەگ بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئات سالدى.

ئاتىسىنىڭ چەكسىز ئەلەم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى قىزنىڭ قەلبىدە ئويغانغان ئىللىقلىقنى قاتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەزەپ، ئەلەم ئېلىپ كىردى: «نېمىدەپ يانتاقلىقتا يان تارتىپ تۇرىمەن، — دېدى قىز ئاچچىق بىلەن ئىچىدە، — ئاشۇ ئالا چوقۇرغا پايلايمەن، ماڭا سالغان دىشۋارچىلىقلىرى ئازمۇ؟ ئاتامنىڭ دىلىغىمۇ ئازار بەردى، يۇرتىنىڭ شەنىنى تاپاندىدى، كۆزگە ئىلمىدى. ئەيسانىڭ ئاۋىتىنىڭ ئەركەك زاتى تىكىلىپ باقالمايدىغان قىزنىغا هاياسىزلىق قىلدى... بىچارە ئاتامنى زەردە گۆش قىلىۋاتسا مەندە قىساس دەيدىغانىنىڭ ئۇۋۇنقى تېپىلماسمۇ؟ چۇمۇلە جېنىدا قىساسىنى ئۇنتۇمايدۇ. مەن بىر ئادەم، ئادەم قىساسىنى تەرك ئەتسە، ئاللا ئۇنى بەندەم دېمەيدۇ. ئۇ خالايىق ئارىسىدا يۈزۈمگە دەسسىگەندىكىن، يانتاق ئەرلىرىنىڭ خۇۋەينىسى بولغان ئۇنىڭ يۈزىگە مەنمۇ دەسسەي. قىساس، خورلاش دېگەنىنىڭ تەمىنى شەرمەندىلەرچە تېتىپ باقسۇن. ئاتامغا، ئەيسا ئاۋىتىنىڭ ئادەملىرىگە قىيامەتكىچە يان تاش بولغۇدەك ئىنتىقام ئالاي، رەهمەتلىك ئانامنىڭ مېنى تۇغقىنى ئۈچۈن روهى خۇش بولسۇن. ئالاقانات شەيخ ئۆمۈربويى مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، ئىچىمگە كىرىۋېلىپ، كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلغانىنىڭ جاجىسىنى يېسۇن، مېنى بىر ئازابلىغىنى ئۈچۈن مىڭ ئازاب چەك-

سۇن. كۆڭلۈمگە كىرىۋېلىپ شەيتاندەك سېھىرلىكىنى ئۈچۈن،
مېنىڭ شەيتانلىرىم ئۇنىڭ باغرىغا جۇۋالدۇرۇزدا كەشتە تىك-
سۇن. ئەيسانىڭ ئاۋىتى يانتاقلىقتا قىز بەرگەن نەدە بار. يەنە
كېلىپ ئەيسا بەگنىڭ قىزىنى... ئۇزاققا قالماي ئەرگە تېگىمەن،
بۇ ئاللانىڭ پېشانەمگە پۈتكەن قىسمىتى. تەڭشەلمىگەن جاھان،
كاشكى شەيخ ئاۋۋاتتا تۇغۇلۇپ قالغان بولسا...»

قار بارغانچە ئاۋۇپ كەتتى، ئادەملەرنىڭ ئۈستۈۋېشى
قارغا كۆمۈلدى. شەيخ يالىڭاچ پېتى تېخىچە ئوغلاقنى باسۇرۇ-
ۋېلىپ، باشقىلارنى قونچاق ئوينىتىۋاتقاندەك چاپماقتا ئىدى.
ئەيسا بەگنىڭ ئېتى شەيخنىڭ ئېتىغا يېتىشىۋالدى.

زۆھرە خېنىم شايى ياغلىقنى كەمچەت ئۈستىدىن ئار-
تىلدۇرۇپ، ئېڭەكچىلەپ ئېغىز ـ بۇرنىنى قوشۇپ تاڭدى. ئۇ-
نىڭ قايرىلما كىرپىكلىك شەھلا كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان جۇپ
يۇلتۇزدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاتنى باشقا ياققا — توپتىن
يىراق دالاغا قايرىپ شىددەت بىلەن چاپتۇردى. ئات ئۇزۇن،
ئىنچىكە پاچاقلىرىنى ئاققۇنىڭ قانىتىدەك سوزۇپ بۇلۇتتەك يې-
نىك يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ پارقىراق تاقىلىرى قار توزانلىرى ئا-
رىسىدىن يالت ـ يۇلت قىلىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق
ئايلانغاندىن كېيىن توپقا قاراپ كەلدى.

ئەيسا بەگ بىلەن شەيخ ئوغلاقنى قولدىشىپ قالغانىدى.
شەيخ تۈگۈلۈپ ئالدىغا ئېڭىشىۋالغان، بەگ بىر تەرەپكە سىڭا-
يان بولۇپ كۈچەپ تارتماقتا ئىدى. شەيخ ئوغلاقنى چاتىراق-
لىۋالغان بولۇپ، بەگ قانچە قىلىپمۇ يۇلۇۋالالمىدى. ئاتلار تەڭ
قولاق بولۇپ بىر ئېگىز دۆڭگە كۆتۈرۈلدى. دۆڭ تار ھەم تىك
ئىدى. ئۇلار دۆڭدىن ھالقىپ پەسكە چۈشۈۋاتقاندا شەيخنىڭ
ئېتى مۆدۈرۈپ كەتتى. بۇ مۆدۈرۈش تازا كۈچەۋاتقان بەگنىڭ

قـولىنى ئوغلاقتىن ئاجراتتى ـ دە ، ئۆز كۈچى بىلەن ئىتتىدىن ئۈچۈپ يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى . شەيخنىڭ ئېتى تىزلىنىپ قېلىپ يەنە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . باشقىلار يېتىپ كەلگۈچە بـەگ سەكرەپ قوپۇپ ، ئاستىلاپ توختاپ قالغان ئېتىغا مىنىۋالدى . قاردا ئۇنىڭ ئىگىس ـ ئايىغىغا توپا يۇقمىغانىدى . بۇ ئىشنى بىر نەچچە ئاتلىق يىراقتىن كۆرگەندىن باشقا ھېچكىم ئىلغا قىلالمىدى . ئاشۇ يىراقتىن كۆرگەنلەر ئىچىدە زۆھرە خېنىممۇ بار ئىدى . ئۇ شەيخكە يېقىنلاپ كەلدى . شەيخ ئىسەنكىرەپ قالدى ... تونۇش تىنىق كۆزلەر ، سۇلكەتلىك قامەت شـەيـخكە يۇرت شەربىي ، دو چىقىلغان ئوغلاقنىڭ رىشتىدىن كۈچلۈك مېھىر سالدى . قىز ناھايىتى يېقىنلاپ كەلدى . دەسلەپ ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردىن ئۇ قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئاجايىپ بىر جازىبىدار چاقناشنى كۆردى . شەيخنىڭ جـىددىيلىك ، قاراملىق ، غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن قىتتىشىپ كەتكەن يۈزلىرى يۇمشاپ قان يۈگۈردى ، كۆزلىرىدىكى رەھىمسىزلىك سېرىق قاردەك ئېرىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىللىقلىق ئىگىلىدى . ئۇ توڭغانلىقنى ، دۈمبە ، غوللىرىنىڭ كۆيۈشۈپ ئېچىشىۋاتقىنىنى سەزدى . پۇت ـ قوللىرى خېمىردەك يۇمشاپ ، ھېلى ئاتتىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بېشى قېيىپ كەتتى . قىز يانداپ كېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى . قىزىرىپ كەتكەن نازۇك قوللىرى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى تېڭىۋەتكەن ئاق شايىنى ئېڭىكىگە سۇرۇپ چۈشۈردى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ، ھاسىراشتىن ئويماقتەك ئاغزىدىن ئاق ھور چىقىپ تۇراتتى .

ـــ سىز يانـتاقـنىڭ يىگىتـۋېشى مامۇت شەيخ ئىكەنـسىز ـ ھە ؟ ـــ قىز نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى ، شۇڭا كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈپ قويـ

غاندەك ھۇدۇقۇپ كەتتى .
— ھەئە خېنىم ، قول قويدۇم جۇما سىزگە . ئەيسا بەگ-
نىڭ بىر قىزى بار ، ئېتى ئۇنىڭ زۆھرەخان ، قەلەم قاشلىق ئاي
جامال ، يىگىتلەرنى ماراتقان ، دەپ داڭقىڭىزنى ئاڭلىغان ...
— ئۇزۇن قۇلاقلىرىڭىز كايىپ كەتمىگەندۇ ؟
— بۇ بېيىتنى تېخى دادىغا يەتكۈزۈپ توقۇيالماپتۇ . مەن
شەيخ توقۇيدىغان بولسام ...
— پالۋان ئېغىزلىرىڭىز بولسا بېيىتلىرىڭىزغا كۆمۈلۈپ
قالارمەن تېخى ...
— سىزنى يالغۇز كۆمۈۋېتىپ مەن شەيخ باش ئەگمەدە
ئاقايمۇ ؟
— ۋاي ئىسىت ، ئوغلاق ئوينىدىم دەپ خۇدا بەرگەن
ئەزىز جاننى شۇنداقمۇ بى ئەتىۋا قىلغان بارمۇ ، دۈمبىڭىزدە قارا
قان قېتىپ قاپتۇ ، سوغۇقتا ئۆپكىڭىزنى ئۈششۈتۈۋالاي دەپسىز .
قىز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتراپقا قارىدى ، ئەڭ ئالدىدا
ئاتىسى باشلىق ئاتلىق بىر توپ جان — جەھلى بىلەن چېپىپ
كېلىۋاتاتتى .
ئاتلار زەيكەشنىڭ ئېگىز دامبىسىغا يامىشىپ ، يەنە پەسكە
ھالقىپ شۇڭغۇدى . شەيخ سوغۇقتىن جالاقلاپ تىترەپ ، قىزنىڭ
گەپ تېپىۋاتقان ئاغزىغا تىكىلىپلا قالغانىدى . ئۇنىڭ ئاغزىلا ئە-
مەس ، پۈتۈن سېزىمى قېتىپ ، ھاياتلىق توختاپ قالغاندەك
ئىدى . ئۇ بىر سىلكىنىشتىن ئويغىنىپ كەتتى ، ئۇنى قارا باسقا-
نىدى . ئوغلاق زۆھرە خېنىمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى .
شەيخ : ئوغلاقنى مەن بەرگەندىمەنمۇ ياكى زۆھرە خېنىم ئۆزى
تارتىۋالغاندىمۇ ؟ دەپ تېڭىرقاپ قالدى . ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي يۈ-
گەننى كۆچەپ تارتتى ، ئات قاتتىق كىشنەپ ئالدى پۇتلىرىنى

تىك كۆتۈرۈپ ، ئىزىدا بىر نەچچىنى پىرقىراپ توختىدى .
زۆھـرە خېنىم ھېززىبەگ ھاجىنىڭ چوڭ ئۆستەڭ دامبىسىغا چىـ
قىپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە :
— چىدىغانغا چىقارغان ، چىداڭ يانتاقنىڭ نوچىسى ،
يىگىتلىرىنىڭ خۇۋەيىنىسى ، — دەپ ۋارقىرىدى .
قاتتىق قىقاس – چۇقان ئىچىدە يۈزىگە تەگكەن بىر
قامچا شەيخنىڭ ئېسىگە ئالالمىغان شېرىن چۈشنى بۇزۇۋەتتى ،
يۈزىدىن ئىسسىق قان جىرغىپ چىقتى . ئاتلىقلار توپى يىراقلاپ
كەتتى . مانا شۇ كېتىشتە يانتاقنىڭ شان – شەرىپى ماموت
شەيخنىڭ قولىدىن ئاۋاتلىق قىزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . يانـ
تاق تەۋەسىدە ئۇزۇنغىچە پىتنە – پاسات ئاۋۇدى ، شەيخ بىر
مەزگىل يىگىتۋېشىلىق سالاھىيەت بىلەن مەيدانغا چىقالمىدى . بۇ
ئۇنىڭ پەرۋايىغا كەلمىدى . ماموت شەيخ قىزغا يولۇقتى ، گەپ
قىلدى ، قىزنىڭمۇ سىرىنى بىلىۋالدى ، ئەمما قىزنىڭ قولىنىڭ
ئۇچىنى تۇتالمىدى . ئاشۇ ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويغان بەختلىك
شەرمەندە مىنۇتلاردا ، يۇمشاق ، ئىسسىق بىر نازۇك قول ئۇنىڭ
دۈمبىسىنى يېنىك سىلىغانلىقى راستمۇ ياكى ئۇنىڭ خىيالى ئاـ
شۇنداق ئازدىمۇ ، بۇنى مىڭ ئويلاپمۇ راست – يالغىنىنى ئايرىـ
يالمىدى ...

# ئالتىنچى باب

پاكىز ، رەتلىك كىيىنگەن بەش چاكار كۈمۈش ھەل بېرىلگەن ئاپتۇۋا ، چىلاپچىلاردا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تۇتماققا ھازىرلاندى . مېھمانلار يانتاق تەۋەسىدىن كەلگەن قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ ، مەكتەپ تەۋەسىدىكى كاتتىۋا مۆتىۋەرلەر ئىدى . ئەيسا بەگنىڭ چوڭ ئايۋىنىدا ئاۋات تەرەپ كاتتىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۈزدەك ئادەم گىلەم ئۈستىگە تام بويلىتىپ سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەردە چازا قۇرۇپ ئازادە ئولتۇرۇشقانىدى . ئايۋاننىڭ ئىككى يېرىگە ئورۇس چوغدىنى توختىتىلغان بولۇپ ، چوغداندىن تاۋلىق ئاچچىق ئۆرۈك چوغى يېلىنجاپ تۇراتتى .

سورۇننىڭ ئەڭ تۆرىگە ئەتلەس ، ئۈنىڭ ئۈستىدە زەر-لىك پەرەڭ تەيتىللاسى ، ئۈنىڭ ئۈستىدە تاۋار ، ئۈنىڭ ئۈستىدە يېشىل دۇخاۋا كۆرپە سېلىنغان تۆت قات كۆرپىدە ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ، قارا مەخمەل تۆپىلىك تۈلكە تۇمىقىنى قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن ئاق بومبۇر ساقاللىق ھېزىزبەگ ھاجى [1] ئولتۇرغانىدى . قاپاق توغراق كۆتىكىدەك قوپال ، تەتۈر

---

[1] ھېزىزبەگ ھاجى — ئېغىر قۇرغاقچىلىقتىن يۇرت خاراب بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا خەلقنى باشلاپ يۇرتنى قۇتقۇزغان ۋەتەنپەرۋەر زات . شۇ چاغدا قازغان ئۆستەڭدىن بانتاق خەلقى ھازىرغىچە سۇ ئىچىپ كېلىۋاتىدۇ ھەم بۇ ئۆستەڭ « ھېزىزبەگ ھاجىنىڭ ئۆستىڭى » دەپ ئاتىلىپ خەلق ئۇ زاتنى ھازىرغىچە ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ .

ئۈستىخان بۇ ئادەم سورۇندىكى ھەممە ئادەمدىن يوغان ئىدى. قارا يىپەك تونىنى سۆرەپ چۈشكەن يوغان قورسىقى كۆن تاسمىدا تارتىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ سۈر - سالاپەتلىك كۆرسەتتى. تونىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرۇق ئاتنىڭ باغرىدەك مەيدىسىدىكى چىگىشلىنىپ كەتكەن قويۇق تۈكلەر ئارىسىدىن قويۇن سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ يېقىنىدا مەكىت بازار بېگى نادىربەگ، ياقۇپبەگ، غاز كۆللۈك باي تۇردى ھاجى، تۈمەنتاللىق توختاش باي، ھېلاخۇنبەگ، نىياز بەگ، قاسىمبەگ ھاجى، كېرىم ھاجى، خاتىپ مىراپ، تۇرانبەگ، ھاڭغۇتلۇق مەمەتبەگلەر قاتارى ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ئاۋات، سېرىق بۇيا، ئاق دۆڭ، شامال، ئالاغىرنىڭ يۇرت كاتتىلىرى نام - ئەمەللىرىگە يارىشا ئورۇن ئېلىشقانىدى. چاكارلار ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئېلىپ كىرگەندە، ئەيسا بەگ ئېغىر ئۈستىخانلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر مويسىپىت كىشى بىلەن قىلىشىۋاتقان پارىڭىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، كانىيىنى قىرىپ قىسقا يۆتىلىپ قويدى. سورۇندىكى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر شۇ زامان بېسىقتى.

— خۇدا بۇيرۇغان بۇگۈنكى ئۇلۇغ ئازنا كۈنلۈكتە، بىر دەريانىڭ سۈيىنى تەڭ تالىشىپ ئىچىدىغان ئون ئۆستەڭ مەكىتىنىڭ ھېزىزبەگ ھاجى، نىياز بەگ قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى دەريا ئاتلاپ، پېقىرنى ئادەم ئېتىپ، يۇرتنى يۇرت ئېتىپ ئۇسساپ، چاڭقاپ كېلىشىپتۇ. ھاردۇق چېيى قايىنىغان ئوخشايدۇ. جانابى ھېزىزبەگ ھاجىنىڭ پېقىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشى تۇنجى قېتىم، بۇ مەن كۈتمىگەن، ئويلىمىغان خاسىيەتلىك ئىش بولدى، بېشىم كۆككە يەتكەندەك خۇشال بولۇم. شۇڭا، خۇدانىڭ نەزىرى چۈشۈپ يۇرت كۆكلەتكەن خىزىر سۈپەت

مېھمىنىمغا دىل ئىزھارىمنى ئەيلەپ ئۆز قولۇم بىلەن تۇنجى سۇنى مەن بېرىۋالسام ...
ئەيسا بەگ شۇنداق دەپ چاكارنىڭ قولىدىن ئاپتۇۋا ، چىلاپچىنى ئالدى . چاكار يىگىت ئۆزىنىڭ مۇرىسىدىكى ئىپار پۇراپ تۇرىدىغان بەش گەزلىك ماتانى ئاۋايلاپ ئەيسا بەگنىڭ مۇرىسىگە سالدى . نىياز بەگ يېنىك تەبەسسۇم بىلەن كېرىم ھاجىغا چاندۇرماي قاراپ قويدى . كېرىم ھاجىنىڭ كۆزلىرى بىر يۇمۇلۇپ ، ئېچىلىپ چاقناپ كەتتى .
— بارىكاللا ... بارىكاللا .
— بەرھەق .
— قول قولنى يۇيسا ، قول قوپۇپ يۈزنى ، دېگەن گەپ بار ...
— بىر - بىرىگە پار كېلىدۇ .
— بىرسى يۇرت قۇرغۇچىسى ، بىرسى يۇرت قۇتقۇزغۇچىسى . ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا ئۇلۇغ يۇرت ئاتىسى ، يۇرت كاتتىسى ...
— تالىشىدىغان ھېچ ئىش يوق . بىر - بىرىمىزنى ياراتماي نېمە كەپتۇ ، بىر - بىرىمىزنىڭ قەدرىنى قىلىشمىساق ، بۇنى خۇدا راۋا كۆرمەمدۇ ، خەق بىزنى قەدىرلەمدۇ . ئوبدان ئۆتسەكمۇ ئۆتىمىز ، يامان ئۆتسەكمۇ ئۆتىمىز ، بىر - بىرىمىزنى يوقىتىۋېتەلمەيمىز ، چۈنكى خۇدا بىزنى بىر تۇپراقتا بىر قاندىن تۆرەلدۈرگەن ...
— ئىچى دەريا ئادەملەر - دە ...
پۈتۈن سورۇن سىپايە ، ئېغىر سۈكۈناتتىن قىزغىن ماختاشلارغا چۆكتى .
خىيالچان ئولتۇرغان ھېززىبەگ ھاجى ناھايىتى تاسادى-

پىيلىق ئىچىدە مەڭدىگەندەك سورۇن ئەھلىگە، بىر ئەيسا بەگكە قاراپ قالدى. ئەيسا بەگنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان ساقال ــ بۇ-رۇتلىرى ئارىسىدىن كەم ئۇچرايدىغان تەبەسسۇم كۆرۈندى. ھېززىبەگ ھاجى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئالدىدا ئىللىق تىكىلىپ تۇرغان ئەيسا بەگكە چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

ــ ھۆرمەتلىك يۇرت ئاتىسى، ئاتام زامانىسىدىن سالام ئەتكەنگە تەزىم ئەت، دېگەن گەپ بار. كەمىنىلىرى مۇبارەك داستىخانلىرىغا نائىل بولۇپ، جانابلىرىنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ ئولتۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە، بۇ بەختكە مۇشەررەپ قىلغان ئۇلۇغ ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئۆزلە-رىنىڭ پېقىرنى بۇنچىۋالا ئادەم ئەتكەنلىرىگە كۆپ رەھمەت. مېنى خىجىل قىلمىسىلا. ئاق دىللىرى ماڭا يەتتى. كەمىنە پې-قىرلىرىنىڭ سىلىگە قول تەگلەپ بى ئەدەبلىك قىلىش ھەددىم ئەمەس. ئاق نىيەتلىرى ئۈچۈن خۇدا سىلىنى مەڭگۈ ئەزىز قىل-غاي، بىنا قىلغان يۇرتلىرى نەۋرە ــ چەۋرىلەرنىڭ جەننىتى بولغاي...

ــ خۇدا قۇرغۇچىدىن قۇتقۇزغۇچىغا يېقىن... ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرى بىلەن توپان بالا-سىدىن ئامان قالغان گۈلدەك، مەكىت دىيارى توزۇپ كېتىشتىن ئامان قالدى. ئاشۇ مۇدھىش كۈنلەردە، جانابلىرىدەك دانا ئەر-كەك ئوتتۇرىغا چىقىپ جاندىن كەچمىگەن بولسا، بۇ كۈندە مەكىت قەيەردە، ئادەملىرى قەيەردە، ھازىرقىدەك مۇبارەك دىدارلىششلار قەيەردە قالاتتى؟! ئەل ئۆمرۈمدە يىراقتىن ئەقىد-دە، ھۆرمەت قىلغان ئادىمىمنىڭ قولىغا بىر قېتىم سۇ بېرىش بەختىنى خۇدا ماڭا نېسىپ قىپتۇ. شۇ خاسىيەتلىك قوللارغا سۇ

بىرىش بىلەن خالىس نىيىتىمنىڭ ھەق دادى ئاللاغا يېتىپ قۇت
ئېتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.
— بەرھەق.
— دۇرۇس.
— خۇدا يۇرت ئامان، خەلق بالاسىز قۇت ئاتقىلى نېسىپ
قىلسۇن.
— يۇرت ئاتىلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىسلەتلىرى، بىرىنەنچە-
دىن ياخشىلىقنىڭ، ئىككىنەنچىدىن يۇرتقا كەلگەن ئامەتنىڭ
بېشارىتى.
سورۇن ئەھلى ھاياجان بىلەن گۇگۇرلاپ كېتىشتى.
ھېززىبەگ ھاجىمنىڭ قان تېمىپ تۇرغان گۆشلۈك يۈز-
لىرى ھاياجاندىن تېخىمۇ ئېسىلىپ، ئاپئاق ئاقارغان كۆركە سا-
قاللىرى سۇس تىترەپ، ئۇزۇن تاۋۇز پىچىقىنىڭ تىغىدەك قىر-
لىق بۇرنىدا سۇس تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ قاتقان قارا،
ئېيىق تاپىنىدەك قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىپ تۇمقىنى سەل
ئۈستۈن قىلدى. چارداپ كەتكەن توم ئۆسۈك قاشلىرى تەردىن
ئىزىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چوڭ، ئولتۇرۇشاڭغۇ بې-
غىر كۆزى ئەيسا بەگنىڭ كۆزىگە چەكسىز خىجىللىق بىلەن
تىكىلدى. ئەيسا بەگنىڭ سېرىق كۆزىدىنمۇ سەمىمىي، قەتئىي-
لىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارا قاتما سۈرلۈك يۈزىدە باللار-
نىڭكىدەك يېقىملىق بىر سەبىي تەبەسسۇم بار ئىدى. ھېززىبەگ
ھاجىمنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى ناھايىتى ئوڭايسىز تارتىشىپ ئې-
چىلىپ، خالايىق ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ قالغاندەك خىجىللىق بى-
لەن كۈلۈمسىرىدى. مەكتىلىكلەر ھەيران قالدى. ئۇلار ئاغزىلى-
رىغا چىش چىقىپ ھېززىبەگ ھاجىنىڭ مۇنداق كۈلگىنىنى كۆ-
رۈپ باقمىغانىدى.

— ئەس ... ئەستاغپۇرۇللا ... مەن ... مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق قىيىن كۈنگە قالمىغان ...

بومبىدەك پارتلاپ، چاقماقتەك سۆز تۆكۈلىدىغان بۇ ئۆتكۈر ئادەمنىڭ سەبىي، تارتىنچاق بالىدەك كىبكەچلەپ قىلىـ
شىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ساقاللىرىنى تۇتاملاپ مەدەت تىـ
لىگەندەك ئەتراپقا قارىدى.

— ئۆستەڭگە دو چىققاندىمۇ مۇنداق كۈنگە قالمىـ
غانمۇ؟ — ئەيسا بەگ ئۇپراپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ كۈلدى، ھېزىزبەگ ھاجىمۇ كۈلۈپ سالدى.

سورۇن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن ... مەن ھازىر يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋا-
تىمەن، گەپ خالتامنى شەيتان ئەپقاچتى، گەپ تاپالمىدىم. بوپتۇ، سىلىگە قول ئۇزاتقان ئەدەبسىزلىكىمگە رازى بولالا، كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتەلا.

— قوللىرىغا سۇ بەرگىنىمگە ئىككى ئالەم رازىمەن.

— خۇدا سىلىدىن رەھمىتىنى ئايىمىغاي.

— رەھمەت.

— قۇتلۇق بولسۇن.

— يۇرتلىرىمىز قۇت ئاتقاي.

ھېزىزبەگ ھاجى ئەدەب كۆرسىتىپ، تەزىم قىلغاندەك ئورنىدىن يېرىم تۇرۇپ ئەيسا بەگ قۇيغان سۇدا قولىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى. ئۈچ قېتىم قۇيۇلغان سۇ ھاجىغا ئۈچ يىل سۇغا چۆكۈپ تۇنجۇقۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەزايى بەدىنى تەرگە چۆمدى. سۇ ئۈچۈن كاللىسىنى دو تىكىپ ھاكىم بىلەن پۈتۈم قىلىپ، پۈنۈمگە قول قويغاندىمۇ ئۇ بۇنداق تەرلىمىگە-

ندى . هودۇقۇش ئۇنى ئەيسا بەگنىڭ مۇرىسىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى سۇرتۇشىنىمۇ ئۇنتۇلتۇردى . ئەيسا بەگ ئىككى كۆز يۇمۇم ۋاقىت ئۇلۇڭ مۇرىسىنى دەڭلەپ تۇرۇپ قالدى . نادىر بەگ چاندۇرماي ھېزىزبەگ ھاجىنى بىقىنىداپ بىشارەت بەرگەندىلا ، بەگ ھاجى ئېسىنى يىغىپ ، ھولۇقۇش بىلەن ماتانى ئالدى ـ دە ، تېخىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى .

—ھېچقىسى يوق ، — دېدى ئەيسا بەگ رازىمەنلىك بىلەن .

ھېزىزبەگ ھاجى خىيالغا چۆمدى : « ئەجەب سۇرى يامان ئادەمكىنا ، ئەيسا بەگ ، ئەيسا بەگ دېسە قانچىلىك ئادەمدۇ ، دەپ پىسەنتىمگە ئالماپتىكەنمەن . ھاكىم ، دوتەي ئالدىدىمۇ بۇنداق بولمىغانىدىم ... راست ، كاللامنى دو تىككەندىمۇ بۇنداق بولمىغان ...

× × ×

ھاكىمنىڭ قان تېمىپ تۇرىدىغان مايلىشاڭغۇ ، پارقىراق يۇزى چالا پىشقان ساپال كۆزىدەك ئېسىلىپ بۇزىرىپ كەتتى . قاپىقى سېلىنىپ كىرپىكسىز تۆشۇكتەك كۆزلىرى قىسىلىپ ، ئايال خەقنىڭكىدەك تۈكسىز ، سىلىق يۇزى تارتىشىپ قورۇلدى . ئۇ كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ ماراپ تۇرىدىغان ئاپئاق ئات چىشىنى كۆرسىتىپ ، ئىنچىكە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ قايناپ كەتتى :

— سىلەر بىلمەس بولۇۋالدىڭلارمۇ ، جاڭجۇن ئالىيلىرىغا ئىككى يىل ئەرز ـ داد قىلىپ يۈرۈپ ، مىڭ بىر بالالىقتا

ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئالىملارنى ئەكېلىپ تۆت ئاي پىلانلاپ ، يەتتە يېرىم ئاي ھاشار قىلىپ ، ئۈچ يۈز يىگىرمە ئۈچ ئات ـ كالا ئۆلتۈرۈپ ، بىر يىل ئوتتۇز ئالتە كۈندە پۈتكەن ئۆستەڭدىن سۇ ئاقتىمۇ ؟ سىلەر يۇرتۇڭلارنى بىلىسىلەر ، بىلىپ تۇرۇپ ئويۇن ـ چاقچاق قىلىۋاتىسىلەر . مەخپۇس ئوقۇغان ئالىم ئادەم چاپ دەپ قوزۇق قاققان يەردىن سۇ ئاقمىغان يەردە ...

ھاكىم مازاق قىلىغاندەك خىرىلداپ كۈلۈپ دىمىغىنى قاقتى . ئۇنىڭ تولۇمدەك گەۋدىسىنىڭ سىلكىنىشىدىن ، مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان يانچۇق سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرى گىلدىڭلاپ جۇلالاندى . ئۇ ھېززىبەگ ھاجىغا سىڭايان تىكىلدى :

— جانابلىرى قانچىلىك ئوقۇغان ؟

ھاجىمنىڭ سۈرلۈك ، سالاپەتلىك چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى .

— خەلپىتىمدە ھەپتىيەكنى تۈگەتكۈچە ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا .

ھاكىم تىزىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا كۈلكە يېشى پەيدا بولدى . سورۇندا ئولتۇرغان ھېززىبەگ ھاجىدىن باشقا يۇرت كاتتىلىرى سۈكۈتتە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى . خاتىپ مىراپنىڭ قارا ئۆچكە ساقىلى تىترەپ ، ئات يۈزى چويۇندەك قارىداپ كەتكەنىدى . نىياز بەگ يەر تېگىدىن قاپىقىنى تۈرۈپ قاراپ ئۇنى شۈكلىدى . ھاكىم كۈلكىسىنى توختاتماي گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— مانا ... مانا ، سىز چالا ساۋات ئادەم ، بىر ئالىم سۇ ئاقتۇرالمىغان يۇرتقا سىز ئالدۇرغان ئۆستەڭدىن سۇ ئاقامدۇ ؟

يەنە خەلقنى قان قاقشىتىپ، سىزنى سۇ ئاقتۇرالايدۇ، دەپ ئالۋان سېلىپ تۆت يۈز مىڭ سەر يىغىمىزمۇ؟ بىر يىل قاتتىق سوغۇق، پىژغىرىم ئىسسىقتا ھاشارغا سالىمىزمۇ؟ سىلەر يۇرت كاتتىلىرى خەلقنى ئالداپ ئۆزۈڭلارغا ئىشەندۈرگەن بىلەن مېنى ئالدىيالمايسىلەر، ئىشەندۈرەلمەيسىلەر. مەن كۆپ ئوقۇغان، دۆلەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەمەلدار بولغان ئادەممەن. باللارچە خام خىيالىڭلاردىن ۋاز كېچىڭلار.

— دېمەك، يانتاق تەرەپتىكى قىرىق يەتتە يۇرت تۆگەيدۇ، خەق كۆچىدۇ.

— ئامال يوق.

— ھاكىم جانابلىرى ئاگاھ بولغايكى، ئاتام زامانىسىدىن مۇشۇ قۇملۇقتا يۇرت بىنا قىلغان خەقلەر، دەل ھازىر مۇشۇ سۇ چىقىرالمىغان يۇرتتا ئاشۇ سۇ چىقمىغان دەريادىن سۇ ئاقتۇرۇپ يۇرت قۇرغان، باغۇ بوستان بىنا قىلغان. بىزنى مۇشۇ يەردە پۇشتىدىن تامدۇرۇپ، كىندىك قېنىمىزنى تۆكتۈرۈپ، بىزدىن كېيىن چىرىغىمىزنى ئۆچۈرمەڭلار، ئىزىمىزنى، يۇرتىمىزنى كۆچۈرمەڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ئۇلار سۇ ئاقتۇرۇپ يۇرت بىنا قىلغاندا، بۇخارادا، يەنە باشقا يەردە ئوقۇپ كېلىپ كىتابقا بېقىپ ئەمەس، خۇدا بەرگەن ئەقىلگە، كۈچكە تايىنىپ سۇ ئاقتۇرغان، يۇرت بىنا قىلغان...

ھېزىزبەگ ھاجى پەس، ئالدىرىماي سۆزلىسىمۇ بوم ئاۋازى يەنىلا ۋارقىراۋاتقان، تىللاۋاتقاندەك قوپال، جىددىي ئاڭلىناتتى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا قاپىقى تۈرۈلۈپ، نېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆزلىرى ئوت يېنىۋاتقاندەك پارقىراپ كەتتى.

— ھاكىم جانابلىرى، سىلى بىز دولان خەلقىنى بەك

بىلىپ كەتمىسىلىمۇ ئازراق بىلگەنلا، بىز قىلىمىز دېگەن ئىشنى بېشىمىزغا قىلىچ كەلسىمۇ قىلىمىز. قىلمايمىز دېگەن ئىشنى بوينىمىزنى ئۈزۈۋەتسىمۇ قىلمايمىز. قارا توغراق ئادەممىز. بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان يامان بولسۇن، ئوبدان بولسۇن، سەت بولسۇن، چىرايلىق بولسۇن ھېچنېمىنى تاشلىۋەتمەيمىز، خار قىلمايمىز. ئاتا - بوۋىمىزنىڭ تۇپرىقى مەشەدە، يۇرت قاغچىراپ قۇرۇپ قۇم بېسىپ كەتسۇن، بىر ئۇلۇم[1] نان، بىر تېمىم سۇغا زار بولساقمۇ، مەشەدە قۇرۇپ ئۆلۈپ، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ئايىغىدا جان بېرىپ ئايىغىدا ياتىمىزكى، يۇرتنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ مۇساپىر، خارۇ زار، ۋەتەنسىز، سەرسان بولۇپ كەتمەيمىز. ھازىرغۇ دەريا پەس، يۇرت ئېگىز، سۇ چىقىرالماي قۇرۇپ كەتتۇق. توپان بالاسىدىمۇ بۇ يەرنى تاشلىمىغان دولانلىق ئەۋلادى بىز شۇ.

— بۇ جانابلىرىنىڭ چىرايلىق، تەسىرلىك گېپى. ئەگەر يەنە ئۆستەڭ ئالىمىز، ئالۋان بەر، سېلىق بەر، ھاشارغا ماڭ دەيدىغان بولساق، مەشەدە ئولتۇرغانلارنى خەق تىرىك تۇرغۇزۇپ سويىدۇ. خەق مال - مۈلكىدىن، جېنىدىن ئايرىلىپ جېنى تۇمشۇققا كەلدى. ئاران چاپقان ئۆستەڭدە سۇ ئاقماي، دەردىنى ئالىدىغان يەر تاپالماي ئاران تۇرغاندا بۇ نېمە دېگەن گەپ! دوتەي، جاڭجۈننىڭ تەستىقى پەرمانى شۇكى، يۇرت كۆچۈشى كېرەك.

ھاكىم قوللىرىنى سىلكىشلەپ قايناپ كەتتى.

— گېپىمنىڭ بېلىگە تەپمەي تۇرسىلا جانابلىرى، مېنىڭ گېپىم تۈگىمىدى. سىلى دەۋاتقان بۇ گەپ كوچىدىكى غەيۋەتچى، ھازازۇل خوتۇنلارنىڭ، بىكار تەلەپ نان قېپلارنىڭ

---

[1] بىر ئۇلۇم — بىر بوردا.

گىپى ، جامائەتنىڭ گىپى ئەمەس . بىز ئۆستەڭ ئالىمىز ، سۇ ئاقتۇرىمىز ، يۇرت يۆتكىمەيمىز . پۇلى بارلار پۇل ، كۈچى بارلار كۈچ ، مېلى بارلار مال چىقىرىدۇ ، چىقارمىغانلارنى مەجبۇرلايمىز . يۇرت ، ئەل — جامائەتنىڭ هايات — ماماتىغا كۆڭۈل بەرمىگەن ئادەملەرگە بۇ يۇرتنىڭ نېنى هارام . ئۇلار ئەل ئارىسىغا كىرەلمەيدۇ ، توي قىلسا ئۆزى قىلىدۇ ، ئۆلسە جىنازىسىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ باشقا تۇپراققا كېتىدۇ ، بۇ تۇپراق ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ قوينىغا ئالمايدۇ . ئىش قىلىپ ئۇلارنى مەن ياكى بىرەر بەگ ، قازى ، خاتىپ ،مىراپ ، ئىمام كەت دېمەيدۇ ، ئۆزى ئۆزلۈكىدىن يا بالدۇر ، يا كېيىن كېتىدۇ . ئۇلار خۇشال ، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئەمەس ، پۇشايمان بىلەن كېتىدۇ .

— جانابىي هېزىزبەگ هاجى ، سىز ئۆستەڭ ئالدىڭىز ؟— هاكىم مەسخىرە بىلەن دېدى .

— هەئە .

— سۇ ئاقامدۇ ؟

— ئاۋۋال خۇدا ...

— ئەگەر ئاقماي قالسىچۇ ؟

هېزىزبەگ هاجىنىڭ كۆزىدىن يەنە ئوت چاچرىغاندەك بولدى .

— كاللامنى دو قويدۇم . خەق دارغا ئاسامدۇ ، چالما كېسەك قىلامدۇ ، مانا مەن ئەلهەكمۇلىللا دەيمەن ، — هېزىزبەگ هاجى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى ئەگدى .

هاكىم بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . مەڭزى تارتىشىپ ، كالپۇكلىرى لىپىلداپ كەتتى .

— هاجىم ، سىلى ئەقىللىق ئادەم ، ئۆز جانلىرى بىلەن ،

يۇرت بىلەن ، خەلقنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتىدىلا ...

ھاكىمنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى .

ھېزىزبەگ ھاجى قوينىدىن كەشمىرنىڭ چۇچىلىق يىپەك ياغلىقىغا ئورالغان ئون دانە ئالتۇن يامبۇنى چىقىرىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويدى .

— بۇ ... بۇ ... — ھاكىمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى .

— مېنىڭ گېپىم تۈگىدى .

— سىلەر ؟ ! ...

ھاكىم يۇرت كاتتىلىرىغا قارىدى . ھەممە ئىنجىقلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى :

— بىز تىلىۋالايلى .

— رۇخسەت قىلسىلا .

— بىزگە مەدەت بەرسىلە .

ھاكىم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ئارقىسىغا قارىدى . مۇلازىم يامبۇلانى يىغىپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— ئەمىسە توختام قىلايلى .

ئۇ ھېزىزبەگ ھاجىمغا يېپىشلاپ قاراپ قالدى . پۈتۈم ئۈچ نۇسخىغا يېزىلىپ بىر نۇسخىسى دوتەيگە يوللىنىدىغان ، بىرى ھاكىمدا ، بىرى ھېزىزبەگ ھاجىمدا ساقلىنىدىغان بولدى . خوتەن قەغىزى ئۈستىدە قەلەم شىتىرلىغان ۋاقىتىدا سورۇن ئەھلى تىنىقى توختاپ قالغاندەك جىملىققا چۆكتى . دۈمچەك كاتىپ توختامنى ، قىزىل سۇرۇخ قۇتىسىنى ھېزىزبەگ ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تىترەپ تۇرغان بىگىز بارمىقىدا ھاجىمنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتتى . ھاجىم يانچۇقىدىكى ساغرا غىلاپتىن مۇڭگۈز دەستىلىك يوغان پىچىقىنى چىقىرىپ ، پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن بىگىز بارمىقىنى چوڭقۇر تىلدى ، قان پىچاق بى-

سىدىن سىرغىپ ئاقتى .
— بوشراق تىلغان بولسىلىمۇ ... — كاتىپ ھەيرانلىق ۋە ئەنسىزلىك بىلەن ھاجىمغا قاراپ قويىدى .
بىر مۇلازىم ھاجىمنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ :
— ھاكىم غوجامنىڭ سىلىگە ئايرىم گېپى بار ئىكەن ، — دېدى پەس ئاۋازدا .
يۇرت كاتتىلىرىنى نادىربەگ ئۆيىگە چىللىغانىدى ، ئۇلارنى يامۇل ئالدىدا نادىربەگ ئەۋەتكەن مەپىلەر ساقلاپ تۇراتتى . ھېزىزبەگ ھاجىم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىشقا ۋەدە بېرىپ كەينىگە ياندى .
ھاكىم ئىنتايىن خۇشال ئىدى . ئۇ ئۆزى توغرىسىدا ئۇزاق ئەگىتمە گەپ قىلغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئېيتتى :
— يانتاقنىڭ ئادەملىرى ئادەمگەرچىلىكى بار ، مېھمان دوست ، خوتۇن - قىزلىرى پاكىز كېلىدىكەن . يۇرتلىرىدىن بىر كىچىك خوتۇنلۇق بولۇپ قېلىش خىيالىم بار ، سىلى يۇرت ئاتىسى ، مېنى كۈيئوغۇل قىلىشۋالارلىمۇ ؟
ھېزىزبەگ ھاجى ئاستا ئورنىدىن تۇردى . ھاكىمنىڭ يۈرىكى « جۇغ » قىلىپ بىر تىترەپ كىرىپ تاتىرىپ كەتتى .
— جانابلىرى ، بۇ خىياللىرىنى تەرك ئەتسىلە . ناۋادا بۇ خىياللىرىنى تەرك ئەتمەي قالسىلا ، مەقسەتلىرىگە يېتىشلىرى بەرھەق . ئەمما ، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولماي بىئەجەل كېتىپ قېلىشلىرىمۇ ھەم بەرھەق . بۇ خەلقىنىڭ ئالتە شەھەردە يارمىچى ، پىچاقچى ، بەدەۋى ، تەلۋە ، ياۋايى ، قارلىم ، ھەممىسى يىغىلىپ كېلىپ بالادىن قورقمايدىغان ، قوڭغۇز يېگەن سارالڭ دولان ، دەيدىغان نامى بار ...
ھاجىم گېپىنى دەپ بولۇپ گۇرسۇلدەپ دەسسەپ چىقىپ

كەتتى . هاكىم دۇرۇت ئوقۇغاندەك ئاغزىنى قىمىرلىتىپ ، هاڭ-
قايغان پېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .
خاسىيەتلىك بىر كۈنى ، هېزىزبەگ هاجى يۈز يىگىتنى
ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق يولغا چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۈچ ئات-
نىڭ بېلى ئېگىلىپ قىل خۇرجۇندىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭ-
گىلەرنى كۆتۈرەلمەي ئاران ماڭاتتى . ئۇ دۆڭلەرگە ، ساز-
لىقلارغا ، باغلارغا ، تېرىلغۇ يەرلەرگە ئات سالاتتى . قولتۇقىغا
چىرايلىق ياسالغان يۇلغۇن زىخلىرىنى قىسىۋالغان بولۇپ ، خى-
يالى تۇتقان يەرگە زىخنى سانجىپ قوياتتى . ئارقىسىدىن ماڭغان
يىگىتلەر يۇلغۇن زىخ سانجىلغان يەرگە قوزۇق قاقاتتى . ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن هېسابچى يىگىتلەر يەر ئىگىلىرى بىلەن سودىلى-
شىپ ، يەر ئۈچۈن ئالتۇن ، كۈمۈش تەڭگىلەرنى بېرىپ رازىلى-
شىپ ، هۆججەتلىشىپ ماڭاتتى . هاجىم ئوندەك ئۆينىڭ ئۆگزى-
سىگە زىخ سانجىدى . ئۆيلەر سېتىۋېلىندى ، قوزۇق قېقىلدى .
نارازى بولىدىغان ئادەم چىقمىدىمۇ ، چىقسىمۇ ئۈندىمىدىمۇ ،
يۇرت سۈكۈناتتا ، خەلق سۈكۈناتتا ئىدى . قوزۇق قېقىش ئاخىر
دەريا قىنىغا بېرىپ توختىدى .
هاشار قوزغالدى . پۈتۈن مەكىت قوزغالدى . ئاۋۋال بىر
يۈز يەتمىش كالا ، ئۈچ يۈز قوي ، ئون ئۈچ تۆگە ئۆلتۈرۈلۈپ ،
ئۆستەڭ ئۆتىدىغان يۇرت ، خەلق ، هاشارچىلارغا قان قىلىنىپ
نەزىر بېرىلدى . يۇرت ، ئەل قوزغالدى . ئۇلاغلار ئۇياق ـ بۇياق
مېڭىپ ئۆلدى ، ئادەملەر هالسىزلىنىپ يىقىلدى ، ئۆلدى ...
يېرىم چارەكلىك سان ـ ساناقسىز كەتمەنلەر قاڭقىپ
توپىلار ئېتىلدى ، ئادەملەر چانالدى ، ئۆستەڭ ئىزى قان بىلەن
بويالدى ، يىغا ـ زارە پەلەككە يەتتى ... ئۆستەڭ ئاخىر دەريا قى-
نىغا تاقالدى . مانا شۇ چاغدا بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قال-

غان ھېزىبەگ ھاجى ئىچىق بېشىغا چىقىپ كىشىلەرگە ۋارقى-
رىدى. ئادەملەر ئۇنى تونۇماي قېلىشتى. ئۇ قارىداپ، قورۇلۇپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا قاندىن قارىداپ كەتكەن قامچىسى بار
ئىدى:

— جامائەت، ئىش پۈتتى، ھاشار تۈگىدى. بۇ دەرگا-
لىقتا مانا بۇ قامچام قانچىڭلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن قان ئالدى، بىل-
مەيمەن. پىساتلىقتا تومۇر ئىچىلىدۇ، ئەگەر چەندە ئۆستەڭدە سۇ
ئاقماي قالسا مېنى دەردىڭلار چىققۇچە قىيناپ ئۆلتۈرۈڭلار.
مۇشۇ قامچىدا ھەربىرىڭلار ئىككىدىن ئۇرۇڭلار، چۈنكى مەن
ھەر قاندىقىڭلارغا ئىككىدىن ئارتۇق قامچا سالمىدىم، دەردىمىز
چىقمايدۇ، دېسەڭلار جىق ئۇرۇۋالساڭلارمۇ مەيلى. ئۇرغان
چاغدا باغلىماي ئۇرۇڭلار، بىر تىنىقىم قالغۇچە، ئۆرە بولالمى-
غۇدەك ماجالىم قالغۇچە ئالدىڭلاردا «ئەلھۆكمۇلىللا» دەپ قول
باغلاپ بېشىمنى ئىگىپ تۇرۇپ بېرىمەن. بالىلىرىم، قېرىنداش-
لىرىم، تۇغقانلىرىم، دوستلىرىمدىن تارتىپ مەن خۇش قىل-
غانلارمۇ ئەلدىن ئايرىلىپ مېنى ئاياپ قويماڭلار، ئۇنداق قىلماي-
دىكەنسىلەر مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا، ئىللا - بىللا رازى بولماي-
مەن. چۈنكى، بۇ ھاشاردا مەن ھېچكىمنى، ھېچنېمىنى ئايىماي
ئوخشاش سېلىق سالدىم، باراۋەر ھاشارغا سالدىم. مەندە قەرز
ئارتىپ قويماي، دەرد - ئەلىمىڭلارنى ئىلىۋېلىڭلار، ھېچ بىر
مۇسۇلماننىڭ مەندە ھەققى، غۇمى قالمىسۇن، ھەر - بىرىڭلارنى
ئاغزىمدىن پوق ئىقتىپ تىللىدىم، ئۇرغاندىن باشقا، مەن نې-
مىدەپ ئاغزىمنى بۇزغان بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق دەپ تىللى-
ۋېلىڭلار!...

لايىغا مىلەنگەن، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، ئۆرە
تۇرغۇدەك مادارى قالماي، كەتمەنگە تايىنىپ ئىگىز - پەس

تۇرغان يېرىم يالىڭاچ ئادەملەر توپى تىلسىمدەك ئۈنسىز قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ لاي ـ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن يۈزلىرى ھارغىن، پۈلتىيىپ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى مست قىلمايتتى. توختاۋسىز ھۇۋلاپ ئېقىۋاتقان لاي ـ لاتقا دەريا يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆيدۈرگۈچ ئىسسىق كىشىلەرنىڭ پېشانىسىنى ئېچىشتۇراتتى.

ھېيزىبەگ ھاجى ھاشارچىلارغا ئۇزاق ئۈنسىز قارىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىگىچە چۈشكەن ئاق ساقىلىغا لاي يېپىشىپ، ئالا ـ پاساق بولۇپ چىگىشلىشىپ لۆجىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ لايدىن تۇرۇلۇپ رەڭگىنى يوقاتقان ئاق يەكتىكىنى سېلىپ تاشلاپ، چاكار تۇتۇپ تۇرغان قارا تۇرۇق ئاتقا مىنىپ، ئادەملەر توپىنى ئاتلىق ئايلىنىپ يەنە بايىقى جايىغا ـــ توپنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى. ئاتنىڭ قۇلاقلىرى سالپىيىپ، كۆكسىگە چۈشكەن چىرايلىق يالى، پۈپۈك ئاسقان قۇيرۇقلىرىغا لاي يېپىشىپ كەتكەنىدى. ئات بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىپ تىنىقاتتى، پاچاقلىرى لايغا مىلەنگەنىدى.

ـــ گېپىمنىڭ ئاخىرى شۇكى، ئەگەرچەندە سۇ ئاقماي قالسا، ـــ دېدى ھېيزىبەگ ھاجى يەنە ۋارقىراپ، ـــ مېنى قامچىلاپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىمنى كېسىۋېلىپ ھاكىمغا ئاپىرىپ بېرىڭلار. ئۆلۈكۈمنى مۇشۇ ئۆستەڭ بېشىغا نامىزىمنى چۈشۈرمەستىن كۆمۈۋېتىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۇرت ئىشىنى ئۆزۈڭلار بىلىپ بىر ئىش قىلارسىلەر...

ھېيزىبەگ ھاجى تىرەجەپ ئاران تۇرغان ئاتنى بىر قامچا سېلىپ دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ چاپتۇردى. ئات ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەن ھالدا كۈچىنىپ سوزۇلۇپ چاپاتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ

قالدى . ئات بىر پاكار دۆڭگە چىقىۋېتىپ ، تىزلىنىپ قېلىپ دۈم يىقىلدى . ھېززىبەگ ھاجى ئالدىدىكى كۆك يانتاق ئۈستىگە ئۈچۈپ چۈشتى . بۇجۇق توپا توزۇپ كەتتى ، يانتاق ھاجىمنىڭ يۈزىنى تىتىۋەتكەندى . ئاچچىق توپا يۈزىدىكى قانلارغا چاپلىشىپ قىزىل لاي ھاسىل قىلدى .

— ئىسىت بىچارە جانىۋار ... ساڭا ئۇۋال قىلدىم ، رازى بول ...

ئات جىممىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ تۇمشۇقى يۇمشاق شورغا چوڭقۇر پاتقان بولۇپ ، ئوچۇق كۆزلىرى سۇس قارا بولۇپ پارقىرايتتى . ھاجىم ئاتنىڭ ماڭلىيىنى ئاستا سىلاپ :

— رازى بول ، مەندىن رازى بول ، — دەپ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇدى .

ئۈچ تۆگە ، يەتمىش كالا ، سەكسەن قوي ئۆستەڭ بېشىدا قان قىلىنىپ ، يۇرت - يۇرت بويىچە ھاشار بېشىدا چوڭ نەزىر بېرىلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېززىبەگ ھاجى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ ، ئۆز نامى بىلەن ئۆزىنىڭ نەزىرىسى ھەم ئۆستەڭ نەزىرىسى قىلدى .

پېشىندە ھەممە يۇرت — يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەركەك زاتى دەريادا يۇيۇنۇپ ، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ پېشىن نامىزىنى ئۆستەڭ بېشىدا ئوقۇدى . « بىسمىللا » بىلەن يۇرت نەزىرىگە ئېرىشكەن ئەللىك مۆتىۋەر تومۇرغا كەتمەن چاپتى .

دەسلەپ سۇ يېڭى ئېقىنغا ئېتىلىپ كىردى ، كىرىپ بولۇپ پۇشايمان قىلغاندەك قېيىپ تۇرۇپ قالدى . مىليون كۆز مومىيادەك تىكىلىپ تىنىقسىز تۇراتتى . ھېززىبەگ ھاجى ھەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن چىرايلىق تون ۋە بادام دوپپىسىنى كى-

يىپ ، تاۋار بەلۋاغ باغلاپ ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق يا-
سىغان هالدا تومۇر بېشىدا كۆزلىرى قىسىلغان ، يۈزلىرى تار-
تىشقان هالدا تۇراتتى .

ـــ ئاللا ... ئاقتى ...

سۇ يېڭى ئېقىننى ئەمدى چۈشەنگەندى . دەسلەپ ئې-
غىر ، ئاستا ـ ئاستا ، ئاندىن تېز ـ تېز كۆپۈكلىنىپ يۇملاپ
ئېقىشقا باشلىدى . دەريا سۈيى ئەسلىدىن تارتىلىپ قېيىپ ئۆس-
تەڭگە ئۆزىنى ئۇردى . هېزىزبەگ هاجى ئۆستەڭگە سەكرىدى ،
لاي ـ لاتقا سۇدا بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۆمدى . ئادەملەر كەينى ـ
كەينىدىن ئۆستەڭگە سەكرىدى . قاشتا تۇرغان ساناقسىز ها-
شارچىلار ئارىسىدىن بىردىنلا يىغا كۆتۈرۈلدى . خەق
مۇشتلاشتى ، چېلىشتى ، پومىداقلاپ ، يۇملىنىپ بىر ـ بىرىنى
بېسىشتى . قېرىلار شۈكۈر نامىزى ئوقۇشتى . سۇ ئىچىدە بىر
توپ ئادەم هېزىزبەگ هاجىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى ...

× × ×

داستىخان تارتىلدى . ئۈجمە ، ئۆرۈك ياغىچىدا قىرىپ
ياسالغان خونچىلاردا يىلىك بىلەن پىيازى قىرمىسىدا قىلىنغان
قاتلىما ، يۇلغۇن ياغىچىدا ئويۇلغان چۆچەك ـ ئاياقلاردا هەسەل ،
مۇرابىا ، قەنت ، ناۋات ، قارا شېكەردە قىلىنغان جىگدە شەربىتى ،
ياڭاق هالۋىسى ، ئاۋات ، غورۇ چۆل ، قارا تال ، ئاي كۆللەردىن
سوۋغا ـ سالامغا ئەۋەتىلگەن مۇسەللەس كۈپ ، كومزەك ، خۇمرا
بىلەن ئەكىرىلدى . جىگدە ياغىچىدا ياسالغان كاساڭلاردا گۈل-
قەنت ، پىننە ، مىس لېگەندە كاسىلانغان قوغۇن ، يۇلغۇن ياغى-

چىدا ياسالغان تاۋاقلاردا سۇيى تېمىپ تۇرغان سامسا، گىرمان چىنىسىدە شورپا، تونۇر كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى دېگەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلدى.

— ئالدىراشچىلىقتا ھازىرەنلىككە ھاردۇق چىقىمىز كەمدە ـ كىرەندە بولۇپ قالدى. ئەيىب ئەتمەي كۆپكە تاۋاپ قىلىپ باقىلى، — دېدى ئەيسا بەگ مېھمانلارغا تەزىم قىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا.

— قېنى، ئۆزلىرى قول تەگكۈزۈپ بەرسىلە.

— ئۆزلىرى ...

— ئۆزلىرىدىن كەلسۇن.

— ئالسىلا.

مېھمانلار بىر ـ بىرىنى تەكلىپ ئېتىپ، ھېزىزبەگ ھاجى داستىخانغا قول سوزمىغۇچە ھېچكىم قول ئۇزاتقىلى ئۇنىمىدى.

مۇقامچىلار ئىشتەي نەغمىسىنى باشلىۋەتتى. ساتار بىلەن قىل غىجەكنىڭ مۇڭگى خۇشاللىق ئىچىدە بىر نازۇك تۇيغۇنى تارقىتىپ تۇراتتى. مەكىتتىن داڭلىق مۇقامچىلاردىن ماڭسۇر شەيخ، مەتيا داپچى، ئەما ئىسمائىل دۇتار، بەختى قارىم غىجەكچى، ئەخمەت قالۇن، لېتىپ ساتارچى، قىزىقچى تۇرسۇن راۋاب، رېھىم پاكار، تۇرەك ئاۋۇت، يەھيا، مۇھەممەد راۋاب، ئابدۇجېلىل راۋابلار كەلگەنىدى. ئاۋات تەرەپتىن ھەمە بەگ، ئېلى مەمەت بەگ، نورۇز ناغرا، يۇنۇس دارۋاز، نۇربەگگە، سېلىم نەيچى، غازى بالىمان، قۇۋان دورغىلار بار ئىدى. سازەندىلەر ئۇزاق مۇڭلۇق مۇقامدىن كېيىن، ئۇشاق ئۇسسۇل پەدىلىرىگە تووۋلاشتى. يەتتە ياشلىق ئىشتانسىز باللار، لېچەك سالغان مومايلار، ھاسا تايىنىپ يۇرىدىغان بوۋايلار ئۆز لايىقى، تەڭتۇشى، جۇپتى بىلەن ئۇسسۇلغا چۇشتى. كېيىن ئەيسا

بەگ ، ھېززبەگ ھاجىلارمۇ مۇسەللەسىنىڭ قىزىتىشى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئويناپ تەر-لەپ ــ پىشىپ كېتىشتى .

بەش دۆرە مەشرەپ ، ئۇسسۇلدىن كېيىن ، مەشرەپ توختاپ ، بىرىنچى داستىخان يىغىلىپ ، مېھمانلار قايتىدىن قول چايقاپ قايتا داستىخانغا ئولتۇرۇشتى . ئەمدى رەسمىي چوڭ داستىخان تارتىلدى . ھورى چىقىپ تۇرغان بوتىلاق گۆشى ئالدى بىلەن تۇردىكى ھېززبەگ ھاجىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى ، كەينىدىن كىرگەنلەر قاپاق تالنىڭ كاسىسىغا ئۇسۇلغان پاخلان گۆشلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا داستىخانغا تاكى پەگادىكى مۇقام-چىلارنىڭ ئالدىغىچە تىزدى . كاساگلاردىن تارقالغان مەززىلىك زىرە ، چامغۇر ، سەۋزە ، پىننە ، قارامۇچ بىلەن ئارىلىشىپ كەت-كەن پىششىق گۆش پۇرىقى ھەممىنىڭ ئاغزىغا سۇ يىغدى . ئەيسا بەگ ئوتتۇرىغا كېلىپ قول باغلاپ ئۆرە تۇردى . جۇرۇقچى ۋە-جىلك كەلگەن تۇرادىن بىدىك ئوتتۇرىغا چىقتى ، مەسە كالىچى گىلەمنىڭ قىرىغا يۇتلىشىپ دۇم چۈشكىلى تاس قالدى . ھەم-مىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . ئەيسا بەگنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، ساقال بۇرۇتى تىكەنلەشتى . تۇرادىن بىدىك ئەيسا بەگنىڭ تە-لەتىنى كۆرۈش بىلەن قىزىرىپ ، تاتىرىپ ، تىترەپ كېتىپ گەپلىرى قولاشماي قالدى .

ــــ ھە ... ئە ... مۇشۇ مەسە كالىچىمزە ... كولدۇرلاپ ... تاشلىۋېتەي دېسە تېخى ...

ھېچكىم چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتمىدى ، سورۇننى سۈرلۈك جىملىق باستى . تۇرادىن بىدىك تولا سورۇن كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، كەكە ساقىلى ئۇچلىنىپ ، ھۇدۇققىد-نىدىن پېشانىسى قورۇلۇپ تەرلەپ كەتتى . ئەيسا بەگ يېنىك

يۆتىلىپ كانىيىنى قىرىپ قويدى . تۇرادىن بىدىك ئەندىكىپ ھوشىنى يىغىپ گېپىنى تېپىۋالدى .

— ئە ... ھە ... بۈگۈن ھېزىزبەگ ھاجىم يۇرت ئاتىسى باشلىق ئون ئۆستەڭ مەكتىنىڭ يۇرت كاتتىلىرى يۇرتىمىزنى باياۋان كۆرمەي يۇرت ئىتىپ ، دەريا كېچىپ ، يۇرت ئاتىمىز ئەيسا بەگ ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا خاسىيەتلىك قەدەملىرىنى بېسىشتى . يۇرت ئاتىمىز ئەيسا بەگ ھەزرەتلىرى باشلىق پۈتۈن ئات چاپار ئاۋات جامائەتى خۇشلۇقتىن بېشىمىز كۆككە يەتتى . شۇ خۇشلۇقتا ئەقلى ـ پەمىمىز كالتىلىشىپ لايىقلىرىنى قىلالمىغان بولساقمۇ ، ئەيسا بەگ ھەزرىتىمىنىڭ كۆڭلىنى ، يۇرتىنىڭ كۆڭلىنى كۆپكە تاۋاپ ئىتىپ داستىخىنىمىزنى قوبۇل كۆرۈشكەيلا .

— رەھمەت ، ھەشقاللا ، يۇرت ئاتىسىنى كايىتىپ ئۆرە ـ تۆپە قىلىشۇەتتۇق ، خىجىلمىز ...

ھېزىزبەگ ھاجى باشلىق سورۇن ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تەزىم ئەتتى .

— قوزغىلىشمىسىلا ، قوزغىلىشمىسىلا ، ھېچقىسى يوق ، ئانچىلا ئەمەس ...

ئەيسا بەگ باشلىق ساھىبخان يۇرت كاتتىلىرىمۇ ئورنىدا قول باغلاپ تەزىم ئىتىپ مېھمانلارنى قايتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . جۇرۇقچى تۇرادىن بىدىك ئەمدى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندى . ئۇ ئىنچىكە ، خىقىراق ئاۋازىنى بوم چىقىرىش ئۈچۈن بىر نەچچىنى قۇرۇق يۆتىلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى :

— ھېزىزبەگ ھاجى باشلىق ئون ئۆستەڭ مەكتى مۆتىۋەرلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن لايىقىدا بولمىسىمۇ ، ئەيسا بېگىم باشلىق ئات چاپار ئاۋات يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھازىرەنلىك ھار-

دۇق چىپىي ئۇچۇن بىر تۆگە ، ئوتتۇز پاخلان ، ئىككى توققۇز نېنى بار ئىكەن ، كەمدە ـ كېرەندە بولۇپ قالسمۇ تەڭ تالىشىپ يېسەك ، بۇ بىر ياپراق چاينى تەڭ تالىشىپ ئىچىشسەك .

— ھەشقاللا .

مېھمانلار يەنە قايتا قوزغىلىپ قول باغلاپ ئاندىن جايىغا ئولتۇرۇشتى .

— قېنى ، بوتىلاق گۆشنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىچە تەڭ تالىشىپ يېسەك ، — دەپ تەكلىپ ئەتتى ئەيسا بەگ ھېززىبەگ ھاجىغا جەرەن مۈڭگۈزى ساپلىق چوڭ قاسساپ خەنجىرىنى دەستىچىلەپ ئىككى قوللاپ تەزىم بىلەن تەگلەپ . ھېززىبەگ ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ خەنجەرنى ئىككى قوللاپ « ھەشقاللا » دەپ ئالدى .

— مېنىڭ قولۇمغا تاۋاپ بولسۇن ، — دېدى ھېززىبەگ ھاجى خەنجەرنى دەستىچىلەپ ئىككى قوللاپ بۆكەلگە سۇنۇپ . قائىدە بويىچە ئاۋات يۇرت كاتتىلىرى ئۆز نۆۋىتى بويىچە مەكىت يۇرت كاتتىلىرىغا بىردىن پىچاق سۇندى ، يۇرت كاتتىلىرى ئېلىپ بۆكەللەرگە سۇندى . بۆكەللەر ئۇچلارنى پارچىلاشقا باشلىدى . چاكارلار گىرمان چىنىسى ، ياغاچ ئاياق ، ھىجىر تاۋاقلاردا چامغۇر ، سەۋزە ، يۇمغاقسۇت ، پىننە سېلىپ ، ئۇچنىڭ شورپىسىغا سېلىنغان يارما ئەكىرىپ مېھمانلارغا تىزدى . باداڭدا ساقلانغان ئات چىشى قوناق يارمىسىدىن يېڭى قوناقنىڭكىدەك مەززىلىك سۈت پۇرىقى كېلەتتى . يارما ئېچىلىپ گۆش يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ، باستۇرمىسىغا قېتىق ، ئايران ۋە يېڭى پېتى ساقلانغان ئۈزۈم ، ئالما ، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر ئەكىرىلدى . شۇ چاغدا ھېززىبەگ ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ ، قول باغلاپ رەسمىي گەپكە ئۆتتى . ئۆيدىكى ئىككى يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن

باشقا مۇقامچى، بۆكەل، داستىخانچى، چاكارلار ئەيسا بەگنىڭ بېشارىتى بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

— ئالەم خۇدانىڭ ئالمى، سەۋەبنىڭ ئالمى، ئاللادىن بىـ بۇيرۇق قىل تەۋرىمەس. ئاللا پېشانىگە پۈتكەن تەقدىر — قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس...

سـورۇنـدىكى كالتە — كۇسۇر پاراڭلار، چايناشلار توختاپ تىمتاس بولدى. ھەممە بېشىنى ئېگىپ تۇردى. ھېزىربەگ ھاجى ئالدىرىماستىن توختاپ — توختاپ سوزۇپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ بوم ئاۋازى چوڭ مېھمانخانىدا تېخىمۇ تورلۇق ئاڭلىناتتى:

— ئاقىللارنىڭ تەلەپ قىل، سەۋەب قىل، ھەرىكەت — بەرىكەت دەيدىغان دانا سۆزى بار. ھەر بەندە ئۇنداق سەۋەب، ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان قاتراپ ئاللا پۈتكەن قىسمەت بىلەن رىزقى كەم بىلەن نەدە بولسا شۇ يەردە رىزقىنى تېپىپ يەيدۇ. كىشىنىڭ رىزقىنى كىشى يەۋالالمايدۇ، يەۋالسىمۇ سىڭـ دۈرەلمەيدۇ. ھامان ئۆزىنىڭكىدىن ئارتۇقى ھارام، مەكرۇ بولىدۇ. جاھاندا ئىنسان تۆرىلىپ بىر ئىنساننىڭ يەنە بىرسىدە، بىر جانىۋارنىڭ يەنە بىرسىدە ھەققى قالغىنى يوق. قىساس ھامان ئالىمەن دېسەڭمۇ، ئالمايمەن دېسەڭمۇ، ۋاقتى — سائىتى كېلىپ پەيمانى توشقاندا ئۆزى كېلىپ تۇتىدۇ، سېنى ئالغۇزىدۇ، بەرگۈزىدۇ، سەن ئالمىساڭ نەۋرەڭ ئالىدۇ، بولمىسا چەۋرەڭگە قالىدۇ. پەقەت ۋاقتى — سائىتى، پەيمانى ئوخشاش بولمايدۇ...

— بەرھەق، — دېيىشتى سورۇن ئەھلى بىر ئېغىزدىن.

— ئەمدى، بىزنىڭ يۇرت كۆزى بولغان يانتاق دىيارىدا كېرىم ھاجىمنىڭ شەيخ مامۇتخان دېگەن ئەتىۋارلىق بىر تىغ ئوغلىنىڭ ئىشق — نەسۋىسى يۇرت ئاتىسى ئەيسا بەگ ھەزرەت

لىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئاجىزەسىگە چۈشكەن بولۇپ ، بۇ بالا بىر يىل مابەينىدە يېگىنى زەھەر ، كىيگىنى كېپەن بولۇپ ، سەۋدايى بولغىلى قىل قېلىۋاتىدۇ . بۇ ئىشلار ئىككى يۇرت ئارىسىدا پۇر بـولۇپ ، ئاللىقاچان ھېكايە ـ چۆچەككە ئايلىنىپ جاھاننىڭ نە- رىگە كەتتى ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك كېرىم ھا- جـىمۇ ، يانتاق يۇرتىمۇ تۇتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي ، ۋەيرانە ـ سـەرسان بولۇپ كەتتى . ئاشۇ قابىل ، ئەقىللىق ، يۇرتنىڭ نە- زىرى چۈشۈپ ئەزىزلەنگەن يىگىتۋېشى بالا مۇشۇ ئىشق ـ سەۋدا سەۋەبلىك سەرسان بولۇپ چۆلگە چىقىپ كەتسە ، كېرىم ھاجىم ئاغـزىغا چىش چىقىپ خۇدا بەرگەن بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ بۇ جاھاندا ياشىيالمايدۇ . دېمەككى ، يانتاق يۇرتىدىن بىر تۆۋرۈك يىقىلدى دېگەن گەپ . بىر ئۆي تۆۋرۈكتىن ئايرىلسا ئۇ ئۆي بېسىپ چۈشۈپ ، ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشىغا قازا قۇشى سايە تـاشلايدۇ . يانتاق ۋەيران بولمىسۇن ، يانتاقتىن يەنە بىر رېھىم ئەۋلىيا[1] چىقمىسۇن ...

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كېرىم ھاجى بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى :

ـــ ئۇ بالامدىن ئايرىلىپ بۇ دۇنيادا ماڭا نېمە بار . پۇل ، مال ـ دۇنيا تاپتىم ، دەپ دۇنيادا ياشاپ نېمە قىلىمەن ...

ـــ بولدى ، بولدى ، سەۋر قىلىسىلا ...

ـــ ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا .

كىشىلەر تەسەللى بېرىشتى ، پىچىرلاشتى .

---

① رېھىم ئەۋلىيا ـــ يانتاقتا ھازىرمۇ بار . قىشمۇ باز دالىدا بالىگاچ يۈرىدۇ . خەقلەر ئۇ- نىڭ ياتقان يېرىگە قار ، يامغۇر چۈشمەيدۇ ، ئەۋلىيا مۇقامىغا يەتكەن ئادەم دەپ ئەقىدە قىلى- شىدۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن مۇشۇنداق سەرسان بولۇپ كەتكە- سكەن ، ئەسلى ناھايىتى كېلىشكەن ، شائىر كىشىمىش ( ئاپتور ) .

— ياﺋاللا ، مۇشۇ ئادەمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىققانىنى كۆرىدىكەن كىشى .

— مەن تېخى خۇدا بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تاش ياكى تۆمۈردىن ياسىغانمىكىن ، دەيتتىم ...

— بېشىنى ئەگكەن ، كۆزىدىن ياش چىققىنىنى مۇشۇ ئاتمىش يېشىمدا ئەمدى كۆرۈپتىمەن ، — دېدى نىياز بەگ نادىر بەگكە .

— ئاللا جاھاندىكى ھەممە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىز ۋاقتىنىمۇ كۆرسەتمىگەن ئەمەس . سۇنماس ئەر ، چېقىلماس تاش بولغان ئەمەس ، — دېدى نادىر بەگ .

ھېززىبەگ ھاجى گېپىنى داۋام قىلدى :

— يانتاق ، مەكىيت يۇرت كاتتىلىرى سەۋر - تاقەت بىلەن جانابلىرىنىڭ ئالدىغا قومۇرۇلۇپ ، ئالتە قېتىم كېلىپ پاراكەندە قىلدى . بىزدە مەرتەم ئۈچتىن ئاشسا يەتتە بولۇر ، دەيدىغان ھېكمەت بار . مانا يەتتىنچى مەرتەم ئۆزۈم بولالماي ، ئاشۇ بالىنىڭ ھالىغا ئىچىم سىرىلىپ ، كېرىم ھاجىنىڭ ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تىلىنى يېرالماي ، ئاتام زامانىسىدىن كەلگەن قائىدىگە ، ئىرادەمگە ئاسىيلىق قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم . مەن ئويلايمەن ، جاھاندا بۇزۇلماس ماكان ، چۇۋۇلماس قوۋم ، يۆتكەلمەس تام بولماس . بىز دولانلىقلاردا يۇرتتىن ئۆزگىگە جان بەرسەك بېرىمىزكى ، قىز بەرمەيمىز ، قان ئالساق ئالىمىزكى ، قىز ئالمايمىز دەيدىغان ئىخلاس بار . ئەمدى ، خۇدا بۇ ئوتنى ئۇ يۇرتتىن ئەكېلىپ بۇ يۇرتقا ، بۇ يۇرتتىن ئېلىپ ئۇ يۇرتقا ساپتۇ ، قىيامەت كۈنى ئاتا - بوۋىمىز ئالدىدا تىلىمىز قىسىلىپ قالسا ، ئاللا ، بۇ مېنىڭ قىسمىتىم دەپ يۈزىمىزنى يورۇق قىلار . ئاتام زامانىدىن بىر دەريانىڭ ئىككى قىرىدا تەڭ كۈلۈپ ، تەڭ يىغلاپ ، بىر دەر-

يانىڭ سۈيىنى تەڭ تالىشىپ ئىچىشىپ ، بارنى تەڭ كۆرۈپ كەلدۇق . ئۇن ئۆستەڭ مەكىت خەلقىمۇ ، ئات چاپار ئاۋات خەلقىمۇ كۈتۈكىمىز [1]، قەبىلىمىز ، قوۋمىمىز ، دىنىمىز بىر ، ئوخشاش مۇسۇلمان ، قانداشلارمىز . بىز سىلىگە توققۇز تەزىم ئېتەيلى ، دىلىمىزنى رەنجىتىشمەي ، گەپ يېيىشىپ ، گېپىمىزنى گەپ ، بىر ـ بىرىمىزنى ئادەم ئېتىپ ياشايلى . شۇڭا ، بىر ئەتىۋارلىق ئاجىزەلىرىنى بىزدىن ئايىمىغايلا ...

— بىزدىن ئايىمىغايلا ...

ھەممە يۇرت كاتتىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تەزىم ئېتىشتى .

— قوزغىلىشمىسىلا ، قوزغىلىشمىسىلا ...

ئەيسا بەگنىڭ قارچىغا كۆزلىرى بىر خىل چاقناپ ، ئىلمەك بۇرنى ئۇزاردى :

— ئەستاغپۇرۇللا ، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ سىلىنىڭ ئارىلاشقانلىرى يامان بولدى ...

ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ ئەتراپىغا قارىدى .

ئاۋات يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بېشى چۈشۈپ ، چىرايلىرى جىددىي تۈس ئالغانىدى . ھەممىدىن قازى ھەزرەتلىرىنىڭ بېشى بەك ساڭگىلاپ كەتكەنىدى .

— مۇسۇلماندارچىلىقتىكى بۇ تۇغقانچىلىق ، قۇدا ـ باجىلىق سىلىدەك يۇرت ئاتىسىدىن باشلانسا ، ئارىمىزدىكى يۇرت ، مەھەللە ، قەبىلە ئايرىپ بۆلۈنۈپ ياشاشلار تۈگىسە ، بىزدىن قالغان ئۇممەتلەر تۇغقان بولۇپ ياشىسا ، بۇنى ئاللا ، دىنىمىز خوپ كۆرەر دېيمەن ، — دېدى نىياز بەگ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ساقىلىنى سىلاپ .

---

[1] كۈتۈكىمىز — يىلتىزىمىز .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ما گەپنى كۆر ئەمدى . گەپلەر بىر ـ بىرىدىن ياغدەك ، ناۋاتتەك يارىشىملىق . ئەمما ، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق يەتمىسۇن ، ئاجىزەم بەك ئەركە ئۆسكەن ، كۆز ئالدىمدا بولمىسا بولمايدۇ . ئۇنىڭ تاشايىنىدا ئىسمائىلبەگكە باش باغلىقى قىلىنىپ بولغان . ئەڭ ئەدناسى ئاتام زامانىدىن كېلىۋاتقان رەسمىي يوسۇن مېنىڭ دەۋرىمدە بۇزۇۋېتىلسە ، مەندە نە ئىمان ، نە ئېتىقاد ، نە ۋىجدان ، نە ئەرلىك بولسۇن . قېنىم بىر مۇسۇلمانغا دورا بولسا رازىلىق بىلەن قول باغلاپ تۇراي ، لېكىنزە ، يۇرت رەسمىيىتىنى بۇزۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، — دەپ قول باغلاپ تۇردى ئەيسا بەگ .

— خۇدا رىسقىنى بىر قىلغان بولسا بەندىنىڭ ، يۇرتنىڭ ئىرادىسى خۇددى ئاجىزەلىرىنىڭ ئانىسى رەھمەتلىك بىلەن سىلىنىڭ رىسقىلىرىنى بۇزالمىغاندەك بىر ئىشتۇر ...

خاتىپ مىراپنىڭ ئالدىراپ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەن گەپ بىلەن ھېززىبەگ ھاجىدىن تارتىپ پۈتۈن مەكتەپ مۆتىۋەرلىرى چەكسىز ئەيىبلەش نەزىرىدە ئۇنىڭغا چەكچەيدى . ئاۋات مۆتىۋەرلىرى غەزەپ ھەم خورلۇق ئىچىدە دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا خاتىپ مىراپقا تىكىلىشتى . خاتىپ مىراپ قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپلاقالدى . كۆزگە كۆرۈنمەس ساناقسىز مىخ ـ تىكەنلەر ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە ئىدى . ئەيسا بەگنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ ، تىنالماي ھاسىراپ كەتتى . تۆمۈرچىنىڭ قىزارغان تۆمۈر قىسقۇچى ئۇنىڭ ھەر بىر ئىچكى ئەزاسىنى كۆيدۈرگۈچ تىللىرى بىلەن قىسىپ تارتىپ تىلغىلى تۇردى . ئۇنىڭ ئۇپراپ بۇغدايدەك قالغان چىشلىرى كىرىشىپ ، ئىڭىكى ئالدىغا ئۈچلىنىپ ، ئاپئاق ئۇزۇن ساقاللىرى تال ـ تال دىردىرەپ تىكلىشىپ كەتتى . قارا قاتما يۈزى قاقتەك قورۇلۇپ تۆمۈر

رەڭگىگە كىردى ، بىر ئېسىلىپ ، بىر تارتىشىپ بوز تۇپراقتەك بولۇپ كەتتى . سورۇننى سۈر باستى . ھەر بىر ئادەم گېلىنى قىرىشقا ، يۆتىلىشكە ، چوڭراق تىنىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى . ئەيسا بەگنىڭ توختاۋسىز يېنىپ تۇرغان قارچىغا كۆزى خاتىپ بەگ-دىن ئۈزۈلمەي قالدى . خاتىپ مىراپ چىلىق - چىلىق تەرلەپ مىسچىلداپ كەتتى . پەقەت ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرۈك چوغى پات - پات چاراسلاپ ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . بۇ جىمجىتلىق ، بۇ تىكىلىش بىردەم داۋاملاشسا خاتىپ مىراپ ئۆ-زىنى تىنالماي ، تۇنجۇقۇپ ، جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ ، مۇشۇنداق سەتچىلىك بىلەن جېنىم چىقىپ كەتسە قانداق قىلارمەن دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قورقۇپ چىرايى سارغىيىپ كەتتى .

— ھاجىم ، مۇشۇنداق سورۇنلۇقى يوق ، پەلپەتىش تازنى ئارىمىزغا ئېلىپ كەپتۇق ، مانا ، ئىش بۇزۇلدى .

— ئۇنىڭدىن رازىمەن ، — دېدى ھېززىبەگ ھاجىم تە-بەسسۇم بىلەن . نادىر بەگنىڭ كۆزى تىكىرقاشتىن ھېززىبەگ ھاجىغا نېرۋىسى بۇزۇلمىغاندۇر ، دېگەن نەزىرىدە تىكىلدى .

— بۇ گەپنى ھامان دېمەك لازىم بولاتتى ، بۇ گەپنى شۇ دېمىسە كىم دەيدۇ . ئۇ ۋەزىپىنى ئوبدان ئېرىغدىدى ①. ھەر ئا-دەمنىڭ لايىقىدا ئولتۇرۇپ قوپۇشى ، گەپ - سۆزى ، ئورنى بو-لىدۇ ، بىرسى بولمىسا جامائەت چانىدۇ .

نادىر بەگ خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى . مۇشۇ كۆ-سۈرلىشىشلاردىن كېيىن سورۇندىكى ئېغىرچىلىق تارقىلىشقا باشلىدى . خاتىپ مىراپ ئۇھ دەپ تىنىۋالدى . لېكىن ، ئەيسا بەگنىڭ كۆزى چوغدەك ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە يۆتكەلمىدى .

---

① ئېرىغدىدى — ئورۇندىدى .

— ئۆرلىرى ... — غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتكەن قازى تىترەپ تۇرۇپ شۇ گەپنى چىقىرىشىغا، ئەيسا بەگ قۇلىنى قاتتىق سىلكىپ گەپتىن توختىتىپ قويدى.

— بولدى، گەپ كەتتى ... ئەمدى نامەردلىك بولدۇ، — ئەيسا بەگ ناھايىتى پەس، بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دەپ بېشىنى ئەگدى.

نىياز بەگ ئەقىل چاچراپ، خوشلۇق يېغىپ تۇرغان كۆزىدە ھېززىبەگ ھاجىغا بويۇن سوزۇپ پىچىرلىدى. ھېززىبەگ ھاجى باش لىڭشىتتى. نىياز بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، يىنىك يۆتىلىۋېتىپ گەپ ئالدى:

— تەڭلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىر ئاجىزە ئىككى سەۋدانىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالسا، ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ ئۇنى ئەرنىڭ، ئەلنىڭ، يۇرتنىڭ ئامىتى قىلىپ، بۇ ئامەت قايان يەڭدەپ كەتسە شۇنىڭغا تەۋە قىلغان. خۇدا بۇ قىسمىتىنى يۇرت ئىرادىسىگە رىسقى قىلىپ پۈتكەن بولسا، كاۋاپمۇ، زىقمۇ كۆيمىسۇن. ئىككى يۇرت ئوغلاق ئويناپلى، ئوغلاق بېشى بىر ئاجىزەنىڭ ئوتىدا كۆيگەن ئىككى يىگىت، شەيخ مامۇتخان بىلەن ئىسمائىلبەگ بولسۇن.

ئەيسا بەگ بېشىنى دەسسىدە كۆتۈردى. ئۇنىڭ يورۇپ كەتكەن كۆزى ھېززىبەگ ھاجىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزى بىلەن ئۇچراشتى.

— بەرھەق.

— دۇرۇس گەپ بولدى.

— ئەر كەكچىلىك.

ئىككى يۇرت كاتتىلىرى يەڭگىل تىنىشتى، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— قاچان تارتساق بولار ، — دېدى نادىر بەگ ئەيسا بەگكە .
— قېنى ، يۇرت ئاتىسىدىن ئاڭلايلى ، — دېدى كىچىك بالىدەك ھاياجانلىنىپ ، ئىشەنچكە تولغان ئەيسا بەگ ھېزىزبەگ ھاجىغا قاراپ . ھېزىزبەگ ھاجى :
— قېنى نىياز بەگ بىر نېمە دېسۇن ، — دېدى .
— مېنىڭچە ، — دېدى نىياز بەگ تەبەسسۇم بىلەن ئەيسا بەگكە تىكىلىپ ، — ئالدىمىزدا ئاللادىن بەخت ، تىنچ - ئامانلىق ، ئامەت تىلەيدىغان نۇرۇز ئېيى كېلىۋاتىدۇ . ئالدىمىزدا ئۇبدان تەييارلىق قىلىپ نۇرۇز كۈنى - كۈن ، تۈن تۇختىغان كۈنى قىلايلى . قايانىڭ تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ ، تەلىيىمىزنى سىناپ باقايلى .
— بەرھەق .
— ئىنشائاللا ، دۇرۇس .
ئىش قارار تاپتى . كېرىم ھاجى قىزىنىڭ باش بېغى ئۈچۈن ئۈچ يۈز قوي ، قىرىق كالا ، تۆت تۆگە ، بەش يۈز چارەك بۇغداي ، سەكسەن دەن پاختا ، ئوتتۇز چارەك تۆگە يۇڭى ، بەش ئالتۇن يامبۇ ئېلىپ كەلگەنىدى . ئەيسا بەگ ئالمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى . جىق تالاش ، سۆلھى - سالا ، قائىدە سۆزلىنىپ سوغا - سالاملارنىڭ يېرىمى قوبۇل قىلىندى . مېھمانلار خۇشال بولۇپ داستىخانغا دۇئا قىلىشتى . ئەيسا بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ئىت تالاشتۇرۇش قىلىپ بېرىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، خوراز سوقۇشتۇرۇش قىلىندى .
كەچتە مەشرەپ تارتىلدى ، مەشرەپ تاڭغىچە داۋام ئەتتى .
— يەنە غەمكىن كۆرۈنىدىلىغۇ ؟ — دېدى ھېزىزبەگ ھاجى كېرىم ھاجىنىڭ مىسكىن كۆزلىرىگە قاراپ .

— ھەي ، بۇ گەپنى سورىمىسلا ھاجىم ، ئاۋاتلىقلارنىڭ خوشلۇقىنى كۆرمىدىلىمۇ ، بۇ بوش خەق ئەمەس . ئوغلاقىقا كەلگەندە بۇلار بىلەن ئوينىشىدىغان ئادەملەر ئەمەس ، ئاتنى رۇمدىن تاپامدۇ ، نەدە ئوبدان ئات بولسا مۇشۇ خەقنىڭ قولىدا . ئۇنى ئاز دەپ مىنىڭ ئۇ نان قىپى بالام سەۋداچىلىقتا ئوۋغا چىقىتىم دەپ قۇشى ئۆزىنى ئالغىلى تاس قىلىپ ، تاغىقنى چىقىرىپ ، ئوخرىكىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ . بۇ يىرىمجان تەلۋە ئىسمائىلبەگ بىلەن ئوغلاق تارتىشالامدۇ ، ئەمدى . خۇدا پەيمانىمنى توشقۇزغان ئوخشايدۇ ، — كىرىم ھاجى كۆزىگە ياش ئالدى .

— كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا ، ئوتنى سالغان خۇدايىم بۇ مۇشكۈلىنىمۇ ئۆز يولى بىلەن ئاسان قىلار ، شەيخ سەئدىنىڭ :

ئامىتى كەلگەن كىشىنىڭ شىشىسى تاشنى چاقار ،
ئامىتى قاچقان كىشىنىڭ ھالۋا يەپ چىشى سۇنار .

دەيدىغان ھىكمىتى بار . خۇدا بىزگە بايلىق ، كۈچ بەرگەندىن باشقا يەنە ئەقىلمۇ بەرگەن ، ئۇنى ئىشلەتمىسەك ، ئىشلىتەلەيدىغانلارغا ئېلىپ بېرىدۇ ، قانداق دېدىم .

ھېزىزبەگ ھاجى كۈلۈپ كەتتى . كىرىم ھاجىمۇ سەل كۆڭلى كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ كۈلكىگە ئەگەشتى .

# يەتتىنچى باب

ئەتىگەندە چۈشكەن قويۇق ئاق تۇماندىن بەش قەدەم
نېرىدىكى نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . پەقەت قارا قا-
غىلارنىڭ قوپال سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ، شۇڭغۇپ كې-
تىۋاتقان ئېغىر ئۈچۈشلىرىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى . يول
بويىدىكى تېرەك ، سۆگەت ، جىگدە دەرەخلىرى بۇۋا قاپاق①
بىلەن قاپلانغانىدى . يولدىكى قۇرغاق ، بۇجۇق توپىلارنى بۇۋا
قاپاق نەمدەپ ، توپا توزغاقلىرىنى ئوبدانلا بېسىقتۇرۇپ قويغا-
نىدى . قۇچقاچ ، تورغاي ، ئاق پاختەكلەر ، يولدىكى شادا ، پە-
چان ئۆرەكلىرى ۋە كالا تېزەكلىرىنى چوقىلاپ دان ئىزلەپ پە-
تىراشماقتا ئىدى . يولغا دۈۋىلەپ قويغان قىغ دۆۋىسىدە ئورۇق
بىر قارا ئىت كالىنىڭ پاخۇن سۆڭىكىنى ئامالسىز غاجىلاپ يالا-
ماقتا ئىدى .

جەدە ئات مىنگەن سۆلەتلىك بىر ئادەم شەنبە بازارنى
كېسىپ ئۆتۈپ ، كېرىم ھاجىنىڭ قېرى ئۈجمە ئاستىدىكى
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى . ئاتنىڭ تۇمشۇ-
قىدىن ئېتىلىپ چىققان قويۇق ھوردىن يالىسىدا پەيدا بولغان ئاق
مۇز خۇددى كىرپە تىكىنىدەك بولۇپ كەتكەنىدى . ئات يۇگەننى

① بۇۋا قاپاق ـــ قاتىق سوغۇقتا سەھەردە چۈشىدىغان قىرو .

تـوختىماي غۇرۇچلىنىپ چاپىناپ ، قۇلىقىنى ھەر يان شىڭتايتىپ تۇراتتى . ئات ئىگىسى ئۇزۇن قارا كۆرپە تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن ، ئۇزۇن ئوك[1] جۇۋىسىغا قارا چېچىلما پاخلان تېرىسىدىن قايتۇرما[2] قىلغان ، بېلىنى يوغان كۆك تاۋار بەلۋاغدا باغلىغان ھەمزە تاز ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ قەددى تۈزلىنىپ ، خېلى ئادەم ئىسكەتتىگە كىرىپ قالغانىدى . چىرايلىق ياسالغان قىلچاڭ بۇرۇتلىرى تولغىما بولۇپ قوۋزىغا تارتىلىپ ئۇنىڭغا سالاپەت بېغىشلىغان ، ھەۋلە مۇنەكتەك[3] قۇرغاق يۈزلىرىگە ئەت قونۇپ ، قان يۈگۈرۈپ قورۇقلار يېتىكەنىدى . چېچەن ، يېقىمسىز كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . تۇماق ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسى ، ئايىغى ، بۇرۇتلىرىغىچە قىرو باغلاپ كەتكەنىدى . ئۇ يىراق يول بېسىپ كەلگەچكە ، دېمىنى رۇسلىيالماي دەرۋازا ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى .

ھەمزە تۇمىقىنى سەل ئۈستۈن قىلىۋىدى ، ئاق قېشى ئۈستىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلدى . ئۇ قامچىسىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ ، ئاتنىڭ تۆشۈۋېغىنى سەل بوشىتىۋەتكەندىن كېيىن ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۈجمە شېخىغا ئاسماقچىلاپ باغلاپ ، ئاتنى سوۋۇتۇپ قويۇپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى . ئۈجمە ياغىچىدىن پاشنا قويۇلغان ، نەقىشلىك كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن يېڭى ، ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكىدىن قەدەمدە غىرىسلاپ ئاۋاز چىقاتتى . ئۇ دەرۋازىنىڭ يوغان تۆمۈر ھالقىسىنى تۇتۇۋىدى ، شاپىدە چاپلىشىپ بارمىقىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى .

— يائاللا ، كاساپەت سوغۇق دەردىڭ چىققۇدەك

---

① ئوك — بوبافسىز تېرە .
② قايتۇرما — قوزا تېرىسىدىن قىلىنغان ياقا .
③ ھەۋلەمۇنەك — بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك مېۋىسى .

بوپسنا .

ئۇ قولىنى هورداپ ، كانىيىنى قىرىپ ۋارقىرىدى :

— هاي ـ هاي ، تۇرەك چەكەدى ...

هويلىدىن ئىتنىڭ بوم قاۋىشى بىلەن تەڭ بىر مۈنچە كەپتەر ئۇچۇپ پەغەزگە ، قۇرما ، ئۆگزىگە قوندى . هويلىدىن بىر ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغان ئۈنى كەلدى .

— هاي ـ هاي تۇرەك چەكەدى ، تاڭ ئاتقىلى نەۋاق ، چۈشكىچە كۆرۈك توخۇدەك ئۇخلاۋېرەمسەن ، مۇسۇلمانغا سەھەرنىڭ ئۇيقۇسى هارام .

— ئاناڭنىڭ قېشىدا چۈشكىچە ئۇخلامدۇ ، خوتۇن تالاق كىسپۇرۇچ .

— ناشتىدا ئاغزىڭنى بۇزما قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان پوق ساقال .

— ئەمدى كۆزۈم ئىلىنىشقان ، نەس بېسىپتىكەن بۇگۈن ، ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەنلەر ...

دەرۋازىنىڭ زەنجىرى شاراقلاپ ، دەرۋازا قىيا ئېچىلىپ ، ياغلىشىپ كەتكەن كۆرەك تۇمىقىنى قىستۇرۇپ كىيگەن ، چاپاق ، قىسىق كۆزلىرى كۆلۈپ تۇرغان بوۋاي كۆرۈندى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ـقېرى توپاق .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئالا كۈچۈك .

دۈمچەك بوۋاينىڭ قاتتىق قوللىرى هەمزىگە يۆلغۈن كۆتىكىنى تۇتقاندەك تۇيۇلدى .

— پىتلىق يوتقىنىڭغا قېرى موكەيدىن بىرنى سولىۋېلىپ ، چار پاقىدەك چاپلىشىپ ياتتىڭمۇيا ئوغرى ، — كۈلدى هەمزە ئۇنىڭ يالاڭ تۇكلۇك مەيدىسىگە قاراپ .

— سىنى ياراتمىغان نۆۋەي [1] جوۋانلارغا جوك يەتمە-
گەندە تاپقان گېپىنى ...

— گەپتىمۇ بولسا كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ — دە ، كاردىن چىققان لەقۋا ، — ھەمزە گەپ تاپالمىدى .

— ئاخىر بىر كون قويۇشمەن سەن قوك چالمىسى بەلەن ، شو چاغدا سەن تېقىمىڭغا كۆك شاتراق ئورۇپ پوتومغا باش قويمىغىنىڭنى كۆرەي ... — بوۋاي دىڭگوسلاپ پاكار ئۆينىڭ ئىشىكىگە ماڭدى .

— مەھەللە كوي جىم-جىت ، ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيدۇ يا .

— زومەھەللىدە ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا كېتىشتى . ئاختاما بولۇپ كەتكەن ئاشناڭ تېقىمىدا باستۇرۇۋالسا قوپالماي ئۆمىلەپ چىقىپ ، ئەمدى كېلىپ سەھەر قوپقانمىش ، سەپەرچەلەرنىڭ جابدۇقىنى قىلىپ يولغا سېلىپ بولالماي جولىقىم چەقىپ ، ئەمدى يېنىم يەرگە تەگكەن تېخى . كېرىم ھاجى يۇرتتىكى ئات بېدىكلىرىنى يۇرت — يۇرتقا ئىۋەتىپ ، ئۆزىمۇ بىر يانغا كەتتى . ئۇلار كېزىك پىتلىرىدەك ئالتە شەھەرگە ئات ئىزدەپ چىقىپ كېتىشتى . يائاللا ، شو ئەيسا بەگنىڭ قىزى ئايدىن چوشكەن پەرىزاتمۇ ، جەننەتتىن چىققان ھۆرمۇ ، ئۆمرۇم بولسا بىر كۆرەرمەن . ئون ئۆستەڭ مەكتىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى ئو چىرايلىق مەشۇق .

— ئاپلا ، — ھەمزە خىجىل بولۇپ كەتتى ، — مەن ئۆيدە يوقتۇم دېگىنە ، يېرىم كېچىدە قاپاق ئاستىدا تاۋكادا ئىدىم ، شو يەردە خەۋەر ئېلىپلا ئۇچتۇم .

تورەك چەكەدى ئۇزۇن بەخسەننى كىيىپ خوش بولۇپ

---

[1] نۆۋەي — نارا بولۇپ بېتىلگەن گورەل چوكان .

دىگگۇسلاپ كەلدى .

ـــ ھە ، ئىتتىنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن كۇرسۇك ، بۇگۇنزە قوۋۇزۇمنى تولدۇرۇپ بىر گۆش يەيدىكەنمەن ـ دە ، ئەكە ، چوتا بەر . ماڭا بەرمىسەڭ ھارام ، خېلى كەلدىمۇ ؟

ـــ ئانـاڭنىڭ سۇزگۇچىنى بېرەمدۇ قېرى كۇرسۇك ، ھېچنېمە كەلمىدى ، ئاغـزىـدىن ھاپ دەپ بولـغۇچە ، كاپ دەپ ئالىدۇ ...

بوۋاينىڭ خوشاللىقتىن كىرپىكسىز ، چاپاق كۆزلىرى ئويناپ كەتتى . ھەمزە يېنىدىن ئون سوملۇق بىر كۇمۇش تەڭگە چىقىرىپ بەردى .

ـــ مـاڭا قارا گۇينىڭ بالىسى ، بۇ يىل بىز يانتاقلىققا ئاـ مـەت بار . كۆردۇڭمۇ ، ھەپتە بولدى ، يۇرتقا توختىماي بوۋا قاـ پـاق تۆكۈلۈۋاتىدۇ ، بۇ ئامەتنىڭ بېشارىتى . يەنە ئاڭلا ، مەن تـىنىمىغان بىر گەپ ، ئالدىنقى ھەپتىدە مەن يېگى تون كىيىپ ، سەللە ئوراپ ، يېنىمدا قېلىچ ، ئوقيا ئاسقان ھالدا بىر قۇملۇقتا ناماز ئوقۇۋېتىپ چۇشەپ قالدىم . كېيىن قارىسام ئالدىم مەشرىققە قاراغلىق تۇرىدۇ ، « ئاپلا » مەن قىبلىگە قارىماي كۇنگە قاراپ ناماز ئوقۇپتىمەن دەپ ئويغىنىپ كەتتىم . بۇ بەك خاسىيەتلىك چۇش ، بۇ يۇرتقا ، ئەلگە كېلىدىغان بىر بەختنىڭ بېشارىتى ، بىلدىڭمۇ خۇمپەر .

ـــ شەيخ نەگە كەتتى ؟

ـــ خېنياغا كەتتى . ھەمزە كەلسە كەينىمدىن يەتسۇن ، مەن خىنيا سايىتىنىڭ يېنىغا كەتتىم ، ئازماي ئاچچىق قۇدۇق تەـ رەپكە بارسۇن ، دېدى .

ـــ ئۇ يەرگە نېمىشقا بارىدۇ ؟

ـــ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . ئۇ سەۋدايى ئاشىقنىڭ ئىشىغا

قەمەر شاھ، غېرىب، تاھىرلار بىكار قالسۇن، بۇنداق ئوتنى خۇدا نەزىرى چۈشكەن ئادەمگە بېرىدىغان ئوخشايدۇ. سەن ئەقلى گەجگىسىدە قايناپ قالغان خام قاپاق بىلسەڭ، مۇشۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلارغا يار ـ يۆلەك بولساڭ ساۋاپ تاپىسەن، ئاشىقلارنى قوللىغانلارنى خۇدا قوللايدۇ، ئاشىقلىق ھەممە ئادەمگە نىسىپ بولىۋەرمەيدۇ.

— ھە ... بولدى، بولدى، بىلىمەن. تولا كاسىلداپ چىشىڭدىن كەتتىڭمىكىن دېسەم، مېڭەڭدىنمۇ كېتىپسەن قېرى جوھۇت ...— دېدى ھەمزە ئاققاش تاقەتسىزلىنىپ.

بىر دېدەك كېلىپ ھەمزىگە دېدى:

— سىزنى خېنىم ماڭا كۆرۈنسۇن دەيدۇ، — دېدەك ھەمزىگە سوغۇقلا قاراپ كەينىگە ياندى.

— قايسى خېنىم؟ — ھەمزە قاپىقىنى تۈردى.

— قەمبەرنىسا خېنىم، — دېدەك بوينىنى شاپتول قېقىپ، دومسىيىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

— مەن بىلەن نېمە گېپى باردۇ ئالدىرىغاندا، — دېدى ھەمزە تىتىلداپ.

— ئىش قىلىپ بىر گېپى باردۇ، كىر ئابدال. خۇمارى تۇتتىمۇ ئۇ قىسىر بايتالنىڭ يا، — تۇرەك چەكەدى چاپاق كۆزلىرىنى قىسىپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ئاغزىڭنى يۇم تۇزكور قېرى ماز ...

ھەمزە غوتۇلداپ ماڭدى. تۇرەك چەكەدى چىگىشلىشىپ كەتكەن مەينەت ساقىلىنى تاتىلاپ خىرىلداپ كۈلگەنچە دىڭگوسلاپ پاكار كەپىسىگە كىرىپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خېنىم، ئالتۇن بويلىرى ئامان بولسۇن.

ئىسسىق ، ياسىداق ھۆجرىدىن مەززىلىك ئىپار ، ئەترە پۇرىقى كېلىپ ھەمزىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋەتتى . چىرايلىق مورىلىق ئۇچاقتا ئارچا ئوتۇنى كۆكۈلگە يېقىشلىق پۇراق چىقىرىپ كۆيۈۋاتاتتى . قەمبەرنىسا خېنىم سېرىق تاۋار يوتقانغا پۇركىنىپ ياتاتتى . ئۇ بېشىغا قوشلاپ قويۇۋالغان قۇراق تەكىيگە جەينەك تىرەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بىر خىلدا كۈلۈپ ھەمزەنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ چىقتى .

— ئۇيالدۇرۇپ بۇنداق كۈلمىسىلە خېنىم .

— باشقىچە بولۇپ كېتىپسەن ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن .

— ئادەمنى زاڭلىق قىلمىسىلا ، ھەر قايسىلىرىنىڭ سايىسىدە شۇنچىلىك كۈن ئۆتتۈۋاتىمەن . خۇداغا شۈكۈر ، ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئادەممەن ، ئەرمەن .

— سەن ئادەممۇ ، ئەرمۇ ؟

ھەمزىنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى .

— ئادەم بولماي نېمە ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ .

— سەن ماڭا ۋارقىرىما ، يەنە ئۇۋۋال قىلما . سەن بىر ئىت ، دەللال ، دەللاللىقنى ئاياللار قىلىدىغان ، لېكىن زامان ئاخىرىدا ئەرلەرمۇ دەللال بولۇپ كېتىدىكەن . سەن دەللال مامۇتخاننى ئازدۇرۇپ ، بىر ئەركە ـ نايناق جالاپقا بۇزۇپ باي بولدۇڭ ، مۇرادىڭغا يەتتىڭ ، مېنى خاراب قىلدىڭ .

— ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئاللماي خەققە ئۇتتۇرۇپ مەندىن كۆرەمسىز ، كۈنداش كەلمەي تۇرۇپ ئوتى سىزنى ساراڭ قىلدىمۇ ، نېمە مېنى تىللايسىز ؟ يەنە ئىككىنچىلەپ سېسىق توقى ـ لەنىتىڭىزنى ئاغزىڭىزغا ئالىدىغان بولسىڭىز ، ھەرقانچە ئەۋلىيا بولسىڭىزمۇ ، مەن ھەمزە ئاققاش خۇدادىن باشقىغا

قەرزىم يوق ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن ، مەن ئېرىڭىزنىڭ دوستى ، جان دوستى ، ئادەم ، ئەرمەن .

— ياق ، ئۇ سىنىڭ دوستۇڭ ئەمەس ، ئۇ سىنى دوست تۇتمايدۇ . سەن ئۇنىڭ دەللىلى ، سەندىن ئىت ئورنىدا پايدىلىنىدۇ ، سىنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدۇ .

— كۇنداشلىقتىن ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز ، كۇندىشىڭىز كەلگەندە هامان ئەلهۆكىملىللا دېمەي ئامالىڭىز يوق . ئۇ مىنى سىز دېگەندەك كۆرمەيدۇ . مەندىن ئۆچ ئېلىپ هاقارەتلەۋاتىسىز ، يەنە ئاغزىڭىزغا ئالمىدىغان بولسىڭىز ئەمدى يۈز - خاتىر قىلمايمەن ، كاللام كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يۈز - خاتىر قىلمايمەن .

— ئىت ، دەللال ، ئىت ...

هەمزە ئېتىلىپ باردى ، لېكىن توختاپ قالدى . شۇ دەقىقىدە قەمبەرنىساخان ئورنىدىن چاچراپ قوپقانىدى . ئۇ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ ، سۈت ئالمىسىدەك كۆكسى تىترەپ كەتتى . قەمبەرنىساخان هۆكۈرەپ يىغلاپ هەمزىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى .

— ياق ... ياق ... مەن ئادەم ، مەن تۈزكور ، ۋاپاسىز ، قارا نىيەت ... مۇناپىق ئەمەسمەن ...

هەمزە قەمبەرنىساخاننى ئىتتىرمەك بولدى ، ئەمما ماجالى قالمىغانىدى .

قەمبەرنىساخاننىڭ گىرە سالغان ئاق بىلەكلىرى ئۇنى شۇنداق چىڭ قىسقانىدىكى ، هەمزە ئايال كىشىدە مۇنداق كۈچنىڭ بارلىقىغا ئەقلى يەتمىدى ، بۇ قانداق كۈچ ؟ بۇنىڭغا ئۇ جاۋاب تاپالمىدى . قەمبەرنىساخاننىڭ ئىسسىق ، يۇمشاق لېۋى ئۇنىڭ يىرىك ساقاللىق يۈزلىرىنى توختىماي سۆيدى ، كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى .

— راست، سەنمۇ ئادەم ... مەنمۇ ئادەم ... مەن دۇنياغا يىغلىغىلى، ئازاب چەككىلى، باش ئېگىپ تەزىم قىلغىلى، دەردتىن ئىچىمدىن سىپسىپ تۈگىگىلى كەلگەن ئەمەس. مەنمۇ كۈلۈشنى، كۆڭلۈم خالىغاننى ئوينىغىلى، خۇشال بولغىلى، ئەل قاتارى ياشىغىلى كەلگەن. خەقنىڭ دەردىنى تارتىپ ياشاش بەك تەسكەن، سەنمۇ، مەنمۇ، مامۇت شەيخقا ئوخشاش خۇدانىڭ بەندىسى. مەن شەيخنىڭ قۇلى، دېدىكى ئەمەسمەن. كۇنداشنىڭ دەردىدە ياشىغۇچە ئۆلىمەن. ئەمما، مېنىڭ بىئەجەل، پات ئۆلگۈم يوق. ئۇ ئەۋلىيا، سەن بىلەن مەن قۇل، دېدەك ئەمەسمىز ... ئادەم تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئىت - ئېشەكى، غالچىسى بولۇپ قېلىش ئېغىر گۇناھ ... سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، ئۇمۇ ئادەم! ئۇ نېمە ئويلىسا شۇنى قىلالايدۇ، ئەمما سەن، مەن ئۇ قىلغاننى قىلالمىغاچقا ئۇنىڭ ئالدىدا ئىتقا، مۈشۈككە، توخۇغا، ئەخلەت - چاۋارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز ... بىزمۇ كۆڭلىمىزنى خۇش، توق قىلىپ، ئاشۇ قىلغاننى قىلىپ ئادەم قاتارىغا ئۆتەيلى ... ھەمزە، گېپىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟ سەن ئەقىللىق ئادەمسەن، غەرىزىمنى بىلدىڭمۇ؟ گەپ قىل، مەن ئايال كىشى، ئاجىزمەن، ئەمما سەن مەندەك ئاجىزلىق قىلما. مەن كۈتتۈم، يىغلىدىم، قاقشىدىم، سەۋر قىلدىم، يالۋۇردۇم، باش قويدۇم، نېمە دېسە شۇنى قىلدىم. تۇر دېسە مالدەك دېمىگۈچە تۇردۇم، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتىم، ئاخىر ئېرىشكىنىم ئىت، مۈشۈكلۈك ئورۇن بولدى. مەن ئۇنىڭدىن ئادەمىيلىك ئىززەت - ھۆرمەت كۈتكەنىدىم، شۇنچە ئەقىدەم كۈتكەن نەرسەمنىڭ تەتۈرىسىنى بەردى ... بىلدىڭمۇ ھەمزە، مەن ئاجىز ... ئەمما سەن مەندەك ئاجىزلىق قىلما. سەن بەربىر ئەرسەن، پايتىماڭمۇ، ھەربىر تال موييۇڭمۇ، ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭمۇ ئەر ...

ئەرلىكىڭنى ئۇنتۇما ... گەرچە سەن هازىر ئۇنىڭ چاكىرى غالچىسى بولساڭمۇ ئەرسەن ، سەندىكى ئەركەكلىك هامان ئويـ غىنىدۇ .

قەمبەرنىسا خېنىمنىڭ ئۆكسۈپ يىچىرلاشلىرى ھەمزىنىڭ قەلبىدە كۆمۈلۈپ ، سانسىز كىر ـ قاتلارغا ئايلىنىپ ، ئاستىدا بېسىلىپ قالغان بىر نەرسىنى سۇغۇرۇپ تارتماقتا ئىدى . قەمـ بەرنىسا خېنىمنىڭ ئاق بىلەكلىرى ئۇنىڭ بوينىدىن ئاستا بەلۋې غىغا ئېسىلدى . يۇمشاق ، ئىسسىق لەۋلىرى ئۇنىڭ يىرىك بۇرۇتى ئارىسىدىن ئاجرىمايتتى .

— جېنىم خېنىم ... ناۋاتتەك گەپلىرىڭىز مېنى مەست قىلدى ...

ھەمزە بىر پارتلاش ئىچىدە ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى .

× × ×

مامۇت شەيخنىڭ ئېتى ، ئۆزىمۇ ئۇسسۇزلۇق ، مادارسىزـ لىقتىن تۇمشۇقى يەر دىيەپ قالاي دېگەندە قويۇق توغراق چاتـ قاللىقىدىن ئاران چىقىۋالدى . ئالدىدا ئېگىز ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان قۇم لۇكىلىرى دولقۇنلۇق دېڭىزدەك يېيىلىپ تۇراتـ تى . قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن قەدىمىي توغراق قاقشاللىرى بىر كۆمۈلگەن ، بىر ئېچىلغان ھالدا غايەت زور مەخلۇقنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . قويۇق توغراقلىقتىن توختىماي شىلدىرلىغان غازاڭ ، قۇرۇق شىۋاقنىڭ ھۇشقىيتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . غازاڭ تاشلىماي قۇرۇپ قالغان ياپىش تاللار ، قۇمغا ئۇچىغىچە كۆمۈلۈپ مۆكچىيىپ قالغان قېرى پور

توغراقلار ، دىڭگىيىپ ئاسمانغا سوزۇلغان تىمەن قاپاق تاللار ، سۇيۇق ئۆسكەن سوكسوك ، خادا قومۇش ، يۇلغۇن ، چىغىرتماق ، ياۋا جىگدىلەر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قۇم ئۇستىدە ھەررەك ـ سەررەك كۆرۈنۈپ قالاتتى .

شەيخ ئىز بېسىپ كەلگەن توشقان ئاياغ چىغىر يول قۇمغا تاقاشقانىدى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، قۇمغا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا سوزۇلدى . قۇرغاق سوغۇق شامال يۈزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ سىپاپ ئۆتتى . ھاردۇق يېتىپ خۇنى كەتكەن كۆزلىرىنىڭ قارىسى ئارقىسىغا تارتىشىپ قالغانىدى . ئەتراپ كۆك ئاقۇش تۇمان ئىچىدە قالغان بولۇپ ، كۆن كۆرۈنمىگەچكە ، ۋاقىتنىڭ نەۋاق بولغىنىنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى . يىراق چاتقال ئارىسىدىن قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇلكە قاۋىدى .

شەيخنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ كەتتى . ئۇ سىلاشتۇرۇپ بېلىدىكى بەلۋاغقا تۇگۇلگەن قاتلىما بىلەن پىششىق گۆشنى ئالدى . نانمۇ ، گۆشمۇ غۇچچىدە توڭلاپ قېتىپ قالغانىدى . ئۇ گۆش بىلەن ناننى چىشلەپ بېقىپ يەنە بېلىگە تۇگۇۋالدى . ئات سالپىيىپ كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئېغىرلىقىنى بىردەم ئۇ پۇتىغا ، بىردەم بۇ پۇتىغا يۆتكەپ شۇككىدە تۇراتتى . يېقىنلا يەردىن بۇغا مەرىدى . « ئەستاغپۇرۇللا ، ھەمزە ئاققاش نەلەردە قاڭقىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ خېنيا سايىت دېگەن بۇ ياۋايى مالچىنى بۇگۇنمۇ تاپالمىسام ، ئۆلۈكۈم چۆلدە قالمىغىدى ، يەيدىغانمۇ ، ئىچىدىغانمۇ تۈگىدى . » ئۇ شۇ خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشىگە تەشنالىق ، ئاچلىق يەنە قاپساپ كېلىپ پۇت ـ قولىنى بوشىتىۋەتتى . ئۇ ئاتنىڭ ساغرىسىدا ساڭگىلاپ تۇرغان تولۇمنى ئالدى . تولۇمنىڭ بۇرجىكىدە مۇشتەك مۇز قالغانىدى . ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ

قاقشال چاۋىرى تېرىپ، خۇرجۇندىن كىچىك ئۈچ پۇتلۇق مىس داڭقاننى ئالدى، قۇمنى تەكشىلەپ ئاستىغا ئوتۇن دۆۋىلىدى. چاقماق تېشىدىن ئوت ياندۇرۇپ ئوتۇننى تۇتاشتۇردى. تولۇمدىن ئاستا سۇ تامچىشقا باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قۇم ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەلگەن نەم سوغۇق شامال بىلەن بىللە يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك مۇڭلۇق نەي ئاۋازى كەلگەنىدى. ئۇ دەم يېتىپ قۇلىقىنى قۇمغا چاپلىدى، ئاڭلانغان ئىزىنتقۇ ئەمەس، نەي ئاۋازى ئىدى، ئاۋاز پاشا غىڭشىغاندەك يىراقتىن كەلمەكتە ئىدى.

شەيخ خۇشاللىقتا تېپچەكلەپ داڭقاننى ئۆرۈپ، ئوتنى چېچىپ ئورنىدىن قوپتى. داڭقان يۇمۇلاپ كەتتى، تولۇم ئوتقا چۈشۈپ «پاژ – پۇژ» ئاۋاز چىقتى. ئۇ تېپچەكلەپ ئۆمىلەپ، تۇمشۇقىنى تىرەپ ئاران تەستە چوققىغا يەتتى.

— ئىلايا شۈكرى، — دەپلا كۆزىنى يۇمۇپ ھاسىراپ يېتىپ قالدى. كۆزىنى ئاچقاندا ئالدىدا چەكسىز كەتكەن ياۋا كەندىرلىك يېيىلىپ ياتاتتى. كەندىرلەر پىشىپ، ئاق، يېشىل باشاقلار، قوچقار مۈڭگۈزىدەك يۆگىمەچ بولۇپ قۇرۇپ قېتىپ قالغانىدى. قۇرۇپ كەتكەن كەندىر شادىلىرى گويا كۆز يەتمەس ئورمان ئىدى. بۇيەر جەرەن، كىيىك، ياۋا توخۇ، قىرغاۋۇل، كۈشكەل، ياۋا كۆك كەپتەر، قاپاق كۆك، بېغىر تاقلارنىڭ ماكانى ئىدى. «توۋا قىلدىم خۇدايىم، تىلسىم شەھەرگە كېپ قالمىغاندىمەن» دەپ ئەجەبلەندى شەيخ. ئۇ يىراققا كۆز تاشلىدى. يېيىلىپ مۇز قېتىپ قالغان بىر دەريا كۆرۈندى. دەريا بويىدا چۆل كېۋىزى، چىغىرتماق، ئالاقات، جىغان، ياۋا جىگدە، قۇملۇق ئارچىسى قويۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شەيخ بۇ تىلسىمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن قورقۇنۇچلۇق خىيال بىلەن ئورنى-

دىن تۇردى ۋە يۆتەلدى . بىر قانچە توشقان قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئۆرە بولۇپ ، ئۇنىڭغا بىر دەم قاراپ قويۇپ ، ئالدىرماستىن دىكىلدەپ كەندىرلىككە كىرىپ كەتتى .

— هاي ...هاي ... هاي ...

شەيخ قولىنى ئاغزىغا تۇتۇپ ۋارقىرىدى . جەرەنلەر دىڭگىدە قېتىپ بىر دەم قاراپ تۇردى ، ئاندىن ئىنچىكە پۇتلىرىنى سوزۇپ مەرىشىپ دەريا تەرەپكە قاچتى ، توخۇلار قاقاقلاپ كەندىرلىك ئىچكىرىسىگە شۇڭغۇدى ، كەپتەرلەر پاراقلاپ ئۇچتى . شەيخ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ نەي ئۇنى كېلىۋاتقان يىراقنا قارىيىپ كۆرۈنگەن توغراقلىققا قارىدى . قاراڭغۇ توغراق ئۈستىدە سۇس بىر تۇمان توختاۋسىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى .

— تۇتۇنمۇ ... ئېزىتقۇمۇ ؟ يا تەۋەككۇل خۇدا دەپ ماڭاي ...

شەيخ قۇمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ ئاتنىڭ تۆشۈپىغىنى چىڭىتتى .

— چىدىغىن جانىۋار ، خۇدايىم مەدەت بەرسۇن ، ئاز قالدۇق . خۇدا بويرۇغان بولسا چوقۇم كەلدۇق ، مۇشۇ قۇمدىن هالقىساقلا ئۇزۇنغا قالماي بارىمىز .

ئات قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ پۇشقۇردى .

ئېشەكتەك يوغانغان ئىتتىن ئۈچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭمۇت شەيخنى كۆتۈرۈپ باسقىلى قىل قالدى .

— هاي ... هاي ...

ئىتلار ئېتىلىشتىن توختاپ ئىزىدا تۇرۇپ بوم ئاۋازدا قاۋىدى . تاغىل تايغان قانجىق ، ئىككى قارا چۈپۈرلىقى ئەركەك ئىدى . قامچىسىنى مىجىقلاپ ئىتلارنىڭ ئوتتۇرىدا قالغان شەيخ

بېشىنى كۆتۈردى .

— ئاللا ، شۇكەن ، — ئۇ ، بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى . ئالدىدا ياۋداق قۇلا ئات مىنگەن دېۋىدەك بىر ئادەم يۇلغۇن ساپلىق نەيزە تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قارا كۆمۈردەك قاتما يۈزىدىكى قويۇق قارا ساقىلى ، مۆرىسىگە چۈشۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن پاخماق چاچلىرى ، تۈلكە تۇمىقى ۋە جۇۋىسىغىچە چاتقال غازاڭلىرى ، بۇدۇشقاق تىكەن ، ياننتاق ، يۇلغۇن مانانلىرى چاپلىشىپ كەتكەن تەلۋە تۇرقى بەكمۇ قۇرقۇنچلۇق ئىدى . تېرە چورۇق كىيگەن پۇتى يەرگە تېگەي ـ تېگەي دەپ قالغان بولۇپ ، يوغان قۇلا ئاتنىڭ بېلى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەنىدى .

ئۇ غالجىرلىق چىقىپ تۇرغان كۆزىنى ئۈنسىز تىكىپ ئۇزاق تۇردى . مامۇت شەيخنىڭ تېنى جۇغۇلداپ بۇژژىدا تەر باستى . ئاتلىق ئادەم مۆرىسىدە ئوقيا ، بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى ، چورۇقىنىڭ قونجىدىن خەنجەرنىڭ مۈڭگۈز سېپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، بەلۋېغىدا يېرىم گەزلىك ساغرا غىلاپلىق پىچاقتىن ئۈچى ئېسىقلىق ئىدى .

— نېمە ئادەمسەن ؟ — بوغۇق ، قوپال ئاۋازدا سورىدى خېنىيا سايىت .

— مەن ياننتاقتىكى كېرىم ھاجىنىڭ ئوغلى مامۇت شەيخ بولىمەن .

— ياننتىقىڭدا يۈرمەي بۇ يەردە بىر نېمە سوۋۇتۇپ قويدىمۇ ساڭا ...

— مەن ... مەن ... — شەيخ خېنىيا سايىتنىڭ نەيزىنى شىلتىپ غەزەپلىنىپ ھۆركىرىشىدىن ھودۇقۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى .

— مىنى ... مىنى قاسىم قارا ساي ... ئارلاڭقالىق قاسىم قارا ساي ئەۋەتتى ...

— چۈشە ئاتتىن .

شەيخ يەرگە چۈشۈپ داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى . ئىتلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تىخىمۇ قاتتىق قاۋاپ كەتتى .

— ماڭ ، كەت !

— ھە ؟ ...

ئىتلار قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ، قويرۇقىنى شىپاڭلىتىپ توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى .

— ئۆلتۈرۈپ قوياي دەپ قاپسەن بىچارە جانىۋارنى ...

شەيخ ئاتقا قارىدى ، ئاتنىڭ بېشى چۈشۈپ ، تۇمشۇقى يەرگە تېگەي دەپ قالغانىدى .

— ئاتنىڭ تۆپىدىكى لاقا - لۇقاڭنى ئېلىپ ئۆشنەڭگە سال .

شەيخ خۇرجۇنلىرىنى بويىنىغا سېلىپ قاراپ تۇردى .

— ئىگەر - يۈگەننىمۇ ...

شەيخ ئىگەرنىمۇ مۈرىسىگە ئالدى .

— ماڭە ...

شەيخنىڭ جېنى چىقىپ قالاي دېگەندە خېيىنا سايىت ئوچۇقچىلىقتىكى بىر گەمە ئالدىغا كېلىپ توختىدى . بۇ يەر بىر دۇنيا ئىدى . گەمە ئالدىدا ساناقسىز قوي ، ئۆچكە ، ئات ، كالا ، تۆگە ، توخۇ ، كەپتەرلەر ئەركىن مىغىلداپ يۈرۈشەتتى . تورپاقتەك ئىتلار قېرى توغراقلارنىڭ كاۋىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ياتاتتى . پادىلار ئارىسىدا جەرەن ، بۇغىلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى . گەمە ئالدىدىكى گۈلخاندا زىقلانغان پۈتۈن پاقلان ئۇچىسى

كاۋاپ بولۇپ پىشۋاتاتتى ، چوك بىر مىس داڭقاندا گۆش قاي-
ناپ ، شورپا ئۇتقا چاچراپ « پاژ – پۇژ » ئاۋاز چىقىراتتى .
— ئولتۇرە .
شەيخ گەمە ئالدىدىكى سۇپىغا سېلىنغان قوي ، ئۆچكە
تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، قائىدە بويىچە پەتەگە قول كۆتۈ-
رۈۋىدى ، خېنيا سايىت پەرۋاسىز ئېڭىشىپ كىرىپ كەتتى .
« تازا ياۋايىلىشىپ ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ بۇ سارالڭ ئادەم » دېدى
شەيخ ئىچىدە .
— ئىچە .
گەمىدىن چىققان خېنيا سايىت بىر خۇمرا قېتىق بىلەن ،
بىر كوزا ئايراننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى . قۇرۇپ ئۆلەي دېگەن
شەيخ ئايراننى بىر كۆتۈرۈپلا يېرىمىنى ئىچىپ توڭلاپ كەتتى .
— ماڭە ...
ئۇلار گۇلخاننىڭ ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى .
شەيخنىڭ ياياق ئېتى پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ كېلىپ ھەيرانلىق
بىلەن ھەر تەرەپكە ھارغىن قاراپ ئىزىدا جىم تۇردى . ئات ،
قوي ، كالىلار ، ئىتلار بۇ يېڭى ئاتنىڭ يېنىغا ئولىشىپ ئۇنى
پۇراپ بېقىپ يېنىدىن كېتىشتى . خېنيا سايىت چىپىلداپ تېمىپ
تۇرغان پۇتۇن كاۋاپنىڭ بوينىدىن بىر پارچە كېسىپ ماچىلدى-
تىپ يېگىلى تۇردى . شەيخ بىر بۇ ئادەمنىڭ چايناشلىرىغا ، بىر
كاۋاپقا قارىدى .
— نېمە قاراپ تۇرىسەن ؟
شەيخ بىر پارچە كېسىپ ئاغزىغا سالدى ، گۆشنىڭ قېتى
قىزىل ئىدى . ئۇ كاۋاپنى تۇتتۇپ تۇرۇپلا قالدى .
— قۇۋۋەت بولىدۇ ، پىشۇردۇم دەپ قۇۋۋىتىنى ئۆلتۈ-
رۈپ ، تاتلىقىنى كەتكۈزۈپ يەيدۇ بۇ ھاماقەتلەر ، يە .

شەيخ ھۆ تۇتۇپ چاينماي يۇتۇشقا باشلىدى .
— نېمىشقا كەلدىڭ ؟
شەيخنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن ياش كەتتى .
— چوكان مىجەز ئادەمنى كۆرسەمزە ، — خېنيا سايىتـ
نىڭ سەپراسى ئورلىدى ، ئۇ قولىدىكى پايخوننى چۆرىۋەتتى ،
توغراق تۆپىدىن بىر سېرىق تايغان سەكرەپ چۈشتى .
— دېمەك ، مېنى نامەردلىككە چىللاپ كەپسەن ـ دە ؟
شەيخ بېشىنى ئېگىپ جىم تۇردى .
— جاھان نامەردلىشىپ كەتتى ، ئالەمنى نامەردلەر قولغا
ئېلىۋالدى . شۇڭا ، مېنىڭ بۇ ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق ،
ئەمما سېنىڭ ھالىڭ ...
خېنيا سايىت ئوتقا قاراپ شۈكلەپ قالدى .
« خېنيا سايىت ساراڭ ، ئەقىللىق ئادەم ، باشقا ئىش
بولسا ئورۇپ ھەيدەيدۇ ، ئاشىقنىڭ ئىشى بولغاچ ياردەم بېرىدۇ .
چۈنكى ، ئۇمۇ ئاشىقلىق ئوتىدىن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتـ
كەن .ئاشىقنىڭ دەردىگە ئاشىق يېتىدۇ ، بېرىپ باق ، خۇدا دىـ
لىڭغا ئىنساپ بېرەر » . « ئۇ مەشۇقىغا يېتەلمىگەنمۇ ؟ »، « جاـ
ھاندا ئاشىقلار ھەققىدە قىسسەلەر ساماندىن تولا . ئاڭلاپ تۇر
كۆك موت بالا ، ئۇنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسى ئۇنى ئاشۇنداق
چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىغان ، ئۇ تارتقان كۈلپەتلەرگە مەن يولۇقـ
قان بولسام بۇ ۋاققىچە يېرىلىپ تېنىم تۇپراققا ئايلىنىپ تۈگەيتـ
تىم. بېجىرىم ، چىڭ ئادەمكەن ، ھېلىمۇ چىداپ ياشاۋاتىدۇ . » بۇ
گەپلەر قاسىم قارا سايىنىڭ خېنيا سايىت ھەققىدە دېگەنلىرى .
مامۇت شەيخ ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە بۇ سۆزلەر خىيالىدىن
قايتا كەچتى .

× × ×

تومۇز يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ دەريادا سۇ ئۇلغاي-
مىدى . قىشتا ئۇيۇپ ئېقىۋاتقان تىنىق ، سۈزۈك سۇ شۇ ئەسلى-
دىكى تارام هالىتىدە جىمىدە ئېقىپ تەكلىماكان دەشتىگە قاراپ
ئۈنسىز كىرىپ كەتمەكتە ئىدى . دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا
دەريانى پاناداپ ياشىرىپ تۇرغان كەڭرى كەتكەن يېشىل تو-
قايلىق دەريا بىلەن ئىچ باغىر بولۇپ ، خۇددى جۇۋانىنىڭ كۆز -
قاپىقىنى چىرايلىق بېزەپ تۇرغان قاش - كىرپىكىدەك هۆسن
پەيدا قىلغانىدى .

دەريا بويىدا ئۆسكەن توغراق ، تال ، يۇلغۇن ، جىغان ،
سوكسوك ، يانتاق ، ياۋا جىگدە ، كۆۋرۈك ۋە يەنە ئىسمىنى بى-
لىپ بولماس چاتقاللار بىر - بىرىگە يامىشىپ قويۇق جاڭگال
هاسىل قىلغانىدى . قويۇق چاتقال ئاراشلىرىدا كاككۇك ئوت ،
توشقان ئوتى ، ناچا ، چورا ئوتلار چىرمىشىپ ، چىرايلىق گۈل-
لىرى تۈگمىدەك ، پىستىدەك هەر خىل رەڭدە ئېچىلىپ كەتكە-
نىدى . چاتقال ئارىسىدىن كەكلىك ، قىرغاۋۇل ، ياۋا كەپتەر ،
تۇرۇلغا ، توشقان ، جەرەن ، ياۋا توڭگۇز ، بۆرە ، تۈلكە دېگەنلەر
بىر - بىرى بىلەن قىقىرىشىپ هايات كەچۈرەتتى .

خېنيا سايىت خېلى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ئۆزى
ئۇۋچىلىقنى ياخشى كۆرگەچكە هەم ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىشنى
ياخشى كۆرمەيدىغان ياۋا مىجەزى بولغاچقا ، بىر تەرەپتىن مال
بېقىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋ قىلىپ يىل بويى جاڭگالدا يا-
شايتتى . دەسلەپ ئۇ ئۆزىنىڭلا پادىسىنى ، يىلقىسىنى باقاتتى ،
كېيىن تۇغقانلار ، مەهەللە كوي ، دوستلىرى ئاخىر بېرىپ پۈ-
تۈن يۇرت ئادەملىرى قوي ، كالا ، ئات ، تۆگىلىرىنى خېنيا سا-

يىنتقا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى كۆپ تەبىقىلىق ھايۋانلار جامەسىنىڭ خوجايىنى، شۇنداقلا يۇرتتىن بىر كۈنلۈك يولدىكى توقاي جاڭگىلىنىڭ يىگانە خوجايىنى بولۇپ قالدى. تىرىكچىلىكى يۇرتتىكى كاتتا بايلارنىڭكىدىن ئوبدان ھەم ئاسان ئىدى. بىر توپ يىلقا ئۇنىڭ بىر ئىسقىرتىشى بىلەن دەرياغا سەكرەيتتى، قويلار ئۇنىڭ نېيىنىڭ ئاۋازى بىلەن تارقىلىپ كەتكەن جايلىرىدىن يىغىلىپ خوجايىنىنىڭ قېرى توغراقلىق ئارىسىدىكى كەڭرى قورۇقىغا قايتىپ كېلەتتى، تۆگىلەر بىلەن كالىلار قەيەردە كەچ بولسا توقاينىڭ شۇ يېرىدە تۈنەپ ئەتىسى يەنە ئوتلاپ يۈرۈۋېرەتتى.

خېنىيا سايىت قارا ئالا ئېتىنى ياۋداق مىنىۋېلىپ، ئوقيا، شەمشەر، چوماق، نەيزىسىنى ئېلىپ بۈگۈن توقاينىڭ كۈن چىقىش تەرىپىنى كۆزلەپ توزاقلارنى يوقلاپ، توزاققا چۈشكەن توشقان، جەرەن، ياۋا توڭگۇز دېگەنلەرنى توزاقتىن ئاجراتسا، ئەتىسى كۈن پېتىش تەرەپكە باراتتى. ئۇنىڭ يەتمىشتىن ئارتۇق تورپاقتەك يوغانغان ھەر خىل رەڭدىكى چۇپۇرلۇق، چۇپۇرسىز غالجىر ئوۋ ئىتلىرى ئارقىسىدىن جىممىدە ماڭاتتى. بۇ ئىتلارنىڭ يېرىمى توقاينىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تارقىلىپ مال ـ چارۋىلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇلارنى يىرتقۇچلاردىن، ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن ساقلايتتى، توزاققا چۈشكەن ئولجىلارنى خېنىيا سايىتقا خەۋەر قىلاتتى. خېنىيا سايىت ياۋا توڭگۇز، ئۆلۈپ ھارام بولغان جەرەن، توشقاننىڭ گۆشلىرىنى ئىتلىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى، ئولجا تەگمىگەن ئىتلار ئۆزلىرى توشقان، كەكلىك، قىرغاۋۇللارنى ئوۋلاپ يەيتتى، بەزىدە ياۋا توڭگۇزنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ناھايىتى ئۇزاق شىددەتلىك ئېلىشىپ ئۆلتۈرۈپ گۆشلىرىنى تازا تويۇپ يېيىشىۋالاتتى.

خېنىيا سايتىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھەم باياشات ئۆتەتتى. ئۇنىڭ قويۇق قېرى توغراقلار ئارىسىدىكى ياش قاپاق تال ياغىچىدىن يەردىن ئىككى گەز كۆتۈرۈپ ياسىغان ئازادە ياغاچ ئۆينىڭ ئېگىزلىكى توغراق بىلەن تەڭ بولۇپ، ئۆگزىسىگە چىقىپ قارىسا پۈتۈن توقايلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ توقايلىق ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن دەريادىن تارتىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى توقايلارنى كۆزىتەلەيتتى. ئۆگزىسىگە يەنە بىر بالىخانا ئۆي ياسىۋالغان بولۇپ، ئادەتتە ئۇ توقايلىقنىڭ قايسى تەرىپىدىن تايغانلىرى شەپە بەرسە شۇ ياققا بېرىش ئۈچۈن بالىخانىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. پادىغا ئوغرى – قاراقچى كەلگەن بولسا ئىتلار جان – جەھلى بىلەن قاتتىق قاۋايتتى، تۇزاققا ئوۋ چۈشكەن بولسا تايغانلار ناھايىتى سوزۇپ ھۇۋلايتتى، بىرەر قوينى بۆرە يارىلاندۇرغان ياكى بىرەر ئات، تۆگە، كالا ئاغرىغان بولسا ئۈزۈپ – ئۈزۈپ، توختاپ – توختاپ قاۋايتتى. خېنىيا سايىت ئاشۇ شەرتلىك بەلگىگە ئاساسەن، جابدۇنۇپ شەپە كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئالا ئېتىنى چاپتۇراتتى. ئۇنىڭغا دائىم ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئالتە تايغان ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى، قورۇقنى باقىدىغانلىرى قېرى توغراق كاۋىكىدا ئېڭىكىنى تىرەپ كۆزىنى پىلدىرلىتىپ قاراپ يېتىشاتتى.

خېنىيا سايتىنىڭ قورۇقى ئون بىر مو دائىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئۆزى ياتىدىغان ياغاچ ئۆي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەخسۇس تېرە قويىدىغان ئامبار، يۇڭ ئامبىرى، مېۋە ئامبىرى، ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىقلار جايلاشقان. ئاندىن مۇز قاچىلاپ قويىغان ئۈچ گەمىسى بولۇپ، بۇ گەمىلەردە ئوۋدىن چۈشكەن گۆش، سۈت، قېتىق، ئايران ساقلىناتتى. مەكىت، يەكەن،

مارالبېشىدىن كېلىپ خېنيا سايىتتىن تېره، يۇڭ، گۆش ئېلىپ كېتىدىغان چار بازارچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

قورۇقنىڭ ئەتراپىدا يىلقا، قوي، كالا، تۆگىلەرنىڭ ئايرىم كەڭ قوتانلىرى جايلاشقانىدى.

قورۇقنىڭ ئالدىغا ئۆرۈك، ئۆجمە، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، ئانار، گىلاس، ياڭاق، بادامىلاردىن كەڭرى باغ قىلىنغان، باغقا ياپسارلاپ يەر ئېچىلغان بولۇپ، يەرگە بۇغداي، قوناق، قوغۇن، تاۋۇز، چامغۇر، سەۋزە، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىقلار تېرىلاتتى. تېرىش، يىغىش مەزگىللىرىدە مەكىت بازىرىدىن، سېرىق بۇيىدىن مەدىكار ئەكېلىنەتتى. قالغان سۇغىرىش، باشقۇرۇشنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى بۇ جاڭگالغا كۆنەلمىگەن، ئۇمۇ خوتۇنلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىشنى خالىمايتتى. ھەر ئىككى خوتۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قورۇ جايىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. خېنيا سايىت ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى يۇرتقا بېرىپ، پەيشەنبە كېچىسى چوڭ خوتۇنىنىڭ يېنىدا بولاتتى. جۈمە كۈنى چوڭ خوتۇنىنىڭ يېنىدا بولۇپ، جۈمەنى يۇرت جامائىتى بىلەن ئوقۇپ، جۈمە كېچىسىنى كىچىك خوتۇنى بىلەن ئۆتكۈزەتتى ـ دە، شەنبە كۈنى توقايغا يېنىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بىر قىز، بىر ئوغلى، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بولۇپ، چوڭ قىزى ئالتە ياشتا، ئوتتۇرانچى ئوغلى تۆت ياشتا، كىچىك ئوغلى بىر ياشتا ئىدى. ھەپتە ئارىسىدا ئاق ئېتى بېرىپ چوڭ خوتۇنىنى ياكى كىچىك خوتۇنىنى ئېلىپ كېلەتتى، ئۇلار بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ خېنيا سايىتنىڭ ئۆيلىرىنى بىر قۇر بېسىقتۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كېتىشەتتى. كەچ كۈز كىرگەندىن باشلاپ خېنيا سايىتنىڭ كۆپ ۋاقتى يۇرت ئىچىدە

ئۈزۈلمەي بولىدىغان ئوغلاق تارتىشىشتا ئۆتەتتى ، توقايدىكى پۈتۈن ئىشلارغا تايغانلار قارايتتى . ئۇ قەيەردە ئوغلاق ئوينى-سۇن ، مەشرەپ ، يۇرت كېڭەشلىرىدە بولسۇن ، كېچىدە چوقۇم توقايغا قايتىپ كېلەتتى . مانا بۇ خېنىيا سايىتنىڭ ياشلىقىدىكى تۇرمۇشى ئىدى .

# سەككىزىنچى باب

توغراق ياپراقلىرىدىكى قىلدەك يۇمران تومۇرلار سوغۇق چۇشۇشى بىلەنلا قورۇلۇپ ئالتۇن رەڭگىدە سارغايدى. ئېگىز توغراقلار بوشلۇقتا غايەت زور ئالتۇندەك، تۇماندەك كۆرۈنسە، پەستىكى قاپقاراڭغۇ چاتقاللىقلار ئارىسىدىكى جىغان مۇنچاقلىرى يەرگە چۇشكەن ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىنىپ كۆرۈنەتتى. يۇلغۇن ياپراقلىرى دالاغا يېيىلغان يانغىندەك ئوتقاش دالاسىنى پەيدا قىلغانىدى.

قىشنىڭ شەپىسىنى ئېلىپ كەلگەن بۇ مەنزىرە توقايلىقتىكى بارلىق ھاياتلىق جامەسىنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ يىرتقۇچ ھايۋان، ھاشاراتلارغىچە قىشلىق ئوزۇقلۇق ئۇچۇن ناھايىتى ئالدىراش ھەرىكەتكە كەلدى. پۈتكۈل ئوتقاش دالا ھەرخىل ھايۋان، ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ ئولجا يىغىش قىيا ـ چىياسىغا تولدى.

شۇ قاتاردا خېنيا سايىتمۇ بەك ئالدىراپ قالدى. ئۇ كەپىسىدە ھېرىپ، ھالسىراپ ئولتۇرۇپ غولىنىڭ قورۇلۇپ تولغىنىشىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋىدى، غاتىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كەپىدىن چىقىپ بىر توپ ئاق بويۇن ئۆردەكنىڭ كەچ ئاسمىنىنىڭ قەرىدە مارجاندەك تىزىلىپ كۆن پاتاردىن ھارغىن

ھالدا سوزۇلۇپ ئۇچۇپ ئۆتكىنىنى كۆردى. «ھىم كاساپەت، ئىت يوق يېمەستە ئۇندەرەپ كېلىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. خۇدا بىز بىچارىلەرگە نۇسرەت بەرگەيسەن، فازىللىرىمىزنىڭ[1] دىلىغا ئىسسىقلىق ئاتا قىلغايسەن.» خېنىيا سايىت ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ دۇئا قىلىپ ئالدىراپ پەسكە چۈشتى. خامىندا شاخ بىلەن بېسىقلىق قوناقلارنىڭ ئاستىدا قالغانلىرى شەبنەمدە ھۆل بولۇپ سىپسىپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇنى ئۈزۈپ، سويۇپ ۋاقتىدا قۇرۇتۇۋالمىسا ئىتنىڭ تاپىسى بولۇپ قالاتتى. بۇلتۇر مەدىكارلار توپ - توپ بولۇپ كېلىپ بەرگەچكە، كۈزلۈكنى[2] كۆرمىدىم دەپ غەملىۋالغانىدى. بۇ يىل خېنىيا سايىت ئۇ تەرەپ يەكەن، بۇ تەرەپ تۇمشۇقىچە ئادەم ئەۋەتىپ ئىشلەمچى تاپالمىدى. پۈتۈن يۇرتلاردا ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى لەشكەرلىككە ئېلىپ كېتىلىپتۇ. قوزغالغانلار ئارىسىدا نىزا پەيدا بولغانلىقتىن ئۆملۈك بولماپتۇدەك، ئەركەشتام تەرەپتىن ئورۇس ئەسكەرلىرى ناھايىتى قورقۇنچ بىلەن بېسىپ ئىلگىرىلەپ، خوتەننىڭ بىر مۇنچە زېمىنلىرىنى قىر - چاپ بىلەن ئېلىپ مۇشۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك دېگەن گەپلەر تارقالدى. يۇرت - يۇرتلاردا ئاللادىن غازاتچىلارغا نۇسرەت تىلەپ، دۇئا - تەگبىرلەر ئوقۇلدى، تونەكلەر ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى، شېھىتلەر ئۈچۈن نەزىرلەر بېرىلدى، ئومۇمەن يۇرتنى ۋەھىمە - ئەنسىزچىلىك قاپلىۋالغانىدى.

خېنىيا سايىت ئالدىراش كۈزلۈك بىلەن بولۇۋاتىمۇ، قولىقى يۇرت تەرەپلەردە، كۆڭلى ئەندىشە بىلەن پاراكەندە ئىدى. بەزىدە ھېچ بىر خەۋەر ئالالماي ئىچى سىقىلىپ، بۇ يەردە

---

① فازىل — جەڭچى، لەشكەر. ئۇرۇشتىن ھايات قايتقۇچى.
② كۈزلۈك — كۈزدە قىلىنىدىغان يىغىم - تېرىم ئىشلىرى.

بۇنداق ئىچىم سىقىلغۇچە غازاتقا بارسام بوپتىكەن ، دەپ ئويلايتتى . يۇرتتا ئىبراھىم سەرۋاز يىگىتلەرنى غازاتقا يىغىپ سەپراس قىلغاندا ، خېنىيا سايىت بارغانىدى . ئەمما ، يۇرتتىكىلەر توقايدىكى مال ــ ۋارانلىرىمىزغا خېنىيا سايىت بولمىسا ئەنسىرەيمىز ، دەپ ئۇنى غازاتنىڭ رازىلىق بېرىپ ئېلىپ قالدى . چەۋەنداز بىر ئەر شۇ سەۋەبتىن غازاتقا بارالماي توقايدا تۇرۇپ قالغانىدى .

نەچچە كۈن بولدى خېنىيا سايىت ئالدىراش كۈزلۈك بىلەن بولدى . يۇرتتىنمۇ ھېچقانداق ئۇن كەلمىدى . باشقا يۇرتلاردىن كېلىدىغان تېرە ، يۇڭ يىغىدىغان چار بازارچىلارمۇ كەلمەي قويدى . ھەممىسى جىمىپلا كەتتى . ئۇ بۈگۈن چاشكادا ئېگىز توغراق ئۈستىگە چىقىپ يۇرت تەرەپكە سەگگىرىپ تەلمۈردى ، يۇرت تەرەپ تىمتاس قارىيىپ كۆرۈنەتتى ، غۇۋا تۇماندەك سوزۇلغان ئېتىزلاردا مىدىرلىغان جاننى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى . بۇنداق جىملىق ئادەمنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ . خېنىيا سايىت بۈگۈن كۆڭلىدىكى مىلىك پاتمان غەم ــ ئەندىشە بىلەن ئىشلەپ ئېزىلىپ ، قەدەم باسقۇدەك ماجالى قالماي كەچ كىرگۈزدى . كېچىدە يۇرتقا بىر يولۇقۇپ كەلمەكچىمۇ بولدى ، ئەمما پۇتۇن بەدەنلىرى بوشاپ ، ئۆزىنىڭ ئاتتا ئولتۇرالىشىنى چاغلىيالماي ، ئۆزىنى تىڭشىغانچە ئىزىدا ئولتۇرۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى .

ئىتلارنىڭ شىددەتلىك تالاشلىرى بىلەن ئادەمنىڭ ئاللا ــ توۋا سالغان داد ــ پەريادىدىن خېنىيا سايىت ئۇندەرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال نەيزە بىلەن چوماقنى قولىغا ئالدى . چاتقال ئارىسىدا ئىتلار قاتتىق بوغۇلۇپ قاۋاپ ، ئاتلار جېنىنىڭ بارىچە كىشنىمەكتە ئىدى . ئادەملەر ۋايساپ خۇداغا نالە قىلاتتى . خېنىيا سايىت گەمە ئالدىدا كۆيۈۋاتقان گۈلخاندىن بىلەكتەك

ئۇتۇنى ئېلىپ چاتقالغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۈچ ئاتلىق ئادەم بىر توپ ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان بولۇپ، بىرسى ئاتتىن يەرگە يىقىلىپ، ئۇنى ئىتلار پومداقلاپ تالاۋاتاتتى. ئىككى ئادەم قولىدىكى ئۇزۇن ئەگرى ساپلىق قىلىچىدا ئۆزلىرىنى ئاران-ئاران قوغداپ تۇراتتى. خېنيا سايىت بىر ئىسقىرتىشى بىلەن ئىتلار جىممىدە بولۇپ كەينىگە داجىپ، ياتلارغا خىرىس قىلغان ھالدا تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئىگىسىگە قاراشتى. ئىت تالىۋەتكەن ئادەم تەسلىكتە ئۆملەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى، كىيىم-كېچەكلىرى تىتىلىپ، قانغا بويالغان قويۇق ساقاللىق يۈزىنىڭ بىر قانچە يېرىنىڭ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئىتلار چاينىۋەتكەن ئوڭ قولى چاپانىنىڭ يېڭىدەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ يەنە ئىزىغا يىقىلدى. ئات ئۈستىدىكى ئىككىيلەن ئاتتىن چۈشۈپ ھەمراھىنى يۆلىمەك بولدىيۇ، غالجىرلارچە تۇرغان تورپاقتەك ياۋايى ئىتلارغا قاراپ ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى. خېنيا سايىت ئادەملەرگە بىر ھازا جىمجىت سىنچىلاپ قارىدى. ئات ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى، سالاپەتلىك، ئۇچىغا جەك كىيىملىرى كىيگەن بۇ ئادەملەر لەشكەر ياكى سەردارغىمۇ ئوخشىمايتتى، تولىراق ئەمەلدار سىياقى چىقىپ تۇراتتى. بىرسى ياشلا ئوغۇل بالا بولۇپ، چىرايلىق يۈزلىرى قان ئارىلاش لاي بولۇپ كەتكەنىدى. خېنيا سايىت ئالدىغا ئىككى ماگدام بېسىپ مەشئەل يورۇقىدا ئىككى ئاتلىقنىڭمۇ پۈتۈن ئەزايى، كىيىملىرى قانغا مىلەنگەن، يارىلانغانلىقىنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يارەنلەر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام.

— سىلەر نېمە ئادەملەر، قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— ئۇكام، بىز قاغىلىقتىن كەلدۇق، قاراقاش، گۇما غازاتچىلىرىدىن بولىمىز. بىزنىڭ يارەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شىڭشىسەي چېرىكلىرى بىلەن ئورۇسلار تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بىز ناھايىتى ئاز ئادەم نۇرغۇن چېرىكنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. بىز تەكلىماكان قۇملۇقى، توغراقلىق، جاڭگاللاردا چېرىكلەرنى ئازدۇرۇپ بۇ ياقنى پاناداپ قاچقانىدۇق، ئورۇسنىڭ ئايروپىلانلىرى ئارام بەرمەي، شىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئورۇسلارغا نىشان كۆرسىتىپ ئىز قوغلاپ ھالىمىزنى قويمىدى. بىزنىڭ نۇرغۇن يارەنلىرىمىز قورشاۋنى بۇزۇپ چىققۇچە شېھىت بولدى.

قارا ساقال ئادەم شۇلارنى دەپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ ئىت تالىۋەتكەن ھەمراھى بولالماي قالدى. قارا ساقال ئادەم خېنيا سايىتقا تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، چىرايلىق ياش بالىغا بىر قارىۋېتىپ، قويۇق گۇما تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى:

— شىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئورۇسلارنىڭ بىزنى قويۇپ بەرمەي، تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ يۇرۇشىنىڭ سەۋەبى غازاتچىلىرىمىزنىڭ قان تەرى بولغان خەزىنىنى قولغا چۈشۈرۈش. ئەمىر لەشكەرنىڭ پەرمانى بويىچە، بىزدىن نۇسرەت يۈز ئۆرۈگەن ھامان بىر توپ يارەنلەر خەزىنىنى يوشۇرۇشقا ئۆلگۈرگەنىدۇق. خەزىنىچىمىز ئورۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ قىيناققا چىدىماي، خەزىنە يوشۇرغان يەرنى پاش قىلىپ قويدى. بىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۇنى يۆتكەپ يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي قېچىپ يۈرۈپ مەشەگە كېلىپ قالدۇق. ئورۇسلار تاپ باستۇرۇپ ئارام بەرمەي قوغلاۋاتىدۇ...

— ئۇلۇغ ئاللا سىلەرنى، قەھرىمان غازاتچىلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سىلەرگە ئاخىرقى نۇسرەتنى

بەرگەي ، — خېنيا سايىت شۇنداق دېگەچ بىر ئىسقىرتىۋېدى ، ئىتلىرى جىممىدە چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى . خېنيا سايىت قارا ساقاللىق ئادەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ :

— سىلەر بۇ يەردە تۇرماڭلار ، بۇ يارەننى ماڭا تاپشۇرۇڭلار ، ئاللا شىپالىق بەرسە مەن ئۇنى جېنىم بىلەن پاناھداپ قالىمەن . باتۇرلارنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ئۇلارنىڭ قان يىلىكى بەدىلىگە توپلانغان ، ئۇ ئورۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ، تېز ئېلىپ كېتىڭلار ، قېچىڭلار ، — دېدى خېنيا سايىت .

قارا ساقاللىق ئادەم بىلەن ياش چىرايلىق بالا جىددىيلىشىپ بىر - بىرىگە قارىدى .

— زېمىنىمىز كەڭرى بولسىمۇ ، ئەمدى بىزگە قاچقۇدەك ، پاناھ بولغۇدەك ماكان قالمىدى ، ماڭغۇدەك مادارىمىز يوق . ئاغزىمىزغا گىياھ سالمىغىلى تۆت كېچە - كۈندۈز بولدى ، ئۈزۈلۈپ كەتتۇق ، — دېدى قارا ساقال ئادەم .

خېنيا سايىت ئۇلارنى گەمىگە باشلاپ كىرىپ ئالدىغا كۆمەچ ، سۈت ، ئايران ، قېتىق ، سوغۇق قوي گۆشى قويدى . ئىككىيلەن ئېچىرقىغانلىقتىن باش كۆتۈرمەي يېگىلى تۇردى .

— ھاپ ئېتىپ غول يەۋالساڭلار ئاچ قورساق كۆتۈرمەيدۇ ، تىنىۋېلىپ يەڭلار ، — دېدى خېنيا سايىت باغرى ئېزىلگەن ھالدا . ئىككىيلەن ئۇن چىقماي باياقىدىن بېسىقىغا چۈشۈپ يېيىشكە باشلىدى .

— ئاتلىرىڭلارنى ئەمدى مىنسەڭلار يولدا قالىسىلەر ، مەندىكى ئاتلارنى مىنىپ يولغا چىقىڭلار .

خېنيا سايىت گەمىدىن چىقىپ ، ھەمساتتىنا ئاتتىن ئىككىنى توقۇپ تەييارلىدى . يەنە بىر ئاتقا غازاتچىلارنىڭ ئالتۇن

قاچىلانغان تۇلۇمنى تېڭىپ تەخ قىلىپ بەردى . يوغان بوز خالتىغا قوينىڭ پىششىق گۆشى ، كۆمەچ قاچىلىدى . يەنە بىر ماتا خالتىغا تېرىق تالقىنى ، بىر خالتا كەندىر قۇمىچى ، بىر خالتا گۆلە ، جىگدە قاچىلاپ ئۇنىمۇ ئاتقا تاڭدى . بىر ئىسقىرتىۋېدى ، بىر توپ تايغان تالىلىق ئارىسىدىن چىقتى . ئۇ سۇتىنەك ئاق چۇ-پۇرلۇق بىر ئىتنىڭ يېنىغا كېلىپ بويىنىنى سىلاپ :

— سىلەر هازىر بۆرە ئېغىزى توقايلىقىدا تۇرۇۋاتىسىلەر . ئالدىمىزدىكى قويۇق چاتقالدىن ئۆتسەڭلار دەرياغا چىقىسىلەر . بۇ تايغان سىلەرنى دەريا كېچىكىگە باشلاپ بارىدۇ ، بارغۇچە باشقا تايغانلارنىڭ دىشۋارچىلىقىدىن ساقلايدۇ . تايغان دەرياغا چۈشۈپ ئۈزگەن يەردىن ئاتنى قورقماي سېلىڭلار ، ئۇ قاتقا ئۆتكەن هامان سېرىق بۇيىغا چىقىسىلەر . يەنە ئىككى ئاتنى دەمگە ئېلىۋېلىڭلار ، — دېدى .

— يۇرت ئىچى خەتەرلىك . بىز توغراقلىقنىڭ تېخمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتسەك دەيمىز .

— ئەمىسە دەريا قېنى بىلەن مېڭىپ دەريا قايانغا ئاقسا شۇ يەر بىلەن مېڭىپ ، ئىنس - جىن بارمايدىغان داڭقان چۆلگە كىرىپ كېتىڭلار . بۇ يەر يۇرتقا يېقىن .

— نام - ئەمەللىرى نېمە يىگىت ، بىز سىلىنىڭ بۇ هىم-مەتلىرىنى ئۇنتۇمايمىز .

— مەن بىر پادىچى ، ياۋا دولاننىڭ ياۋايىسى . ئېتىم خېنىيا سايىت ، ئاللا مۇرادىڭلارنى بەرگەي ...

خېنيا سايىت يەنە ئىككى ئاتنى ئۇلارغا چېتىپ بېرىپ ، ئاق تايغاننىڭ بېشىنى ئۈچ مەرتەم سىلاپ قويۇۋېدى ، تايغان چاتقال ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن يۈگۈردى . ئىككى غازاتچى كۆپ رەھمەتلەر بىلەن يولغا راۋان بولدى . خېنيا سا-

يىت دەررۇ گەمىسگە كىرىپ كىچىك بىر تولۇمدا قۇرۇتۇلغان قوناق پوخىقىنى[1] ئېلىپ چىقىپ ياربدارنىڭ يۈز ـ كۆز ، بەدەن ـ لىرىدىن تېخىچە قان ساقىۋاتقان يارا ئىزلىرى ، تىتىلىپ كەتكەن جايلىرىغا باستى . سىياھتەك يۇمشاق قۇرۇق قوناق پوخىقى قان ئىزلىرىدا دەرھال ئۇيىدى .

ساقىۋاتقان قان ھەمساتتا توختىدى . خېنيا سايىت ئۇ ـ نىڭ سۇنغان ئوڭ قولىنى تارشا گۇگۇت[2] بىلەن تۇخۇمدا شا ـ قىداپ تاڭدى . ياربدار بارغانچە قىزىتىپ ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تۇردى ، قان توختىغان بىلەن پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ ئىششىدى . خېنيا سايىت قوناق ئۇنىنىڭ خېمىر تۇرۇچىنى يارا ئىزلىرىغا چاپلاپ ، ئۇنى ئوغلاق سويۇپ ئىسسىق تېرىگە يۆ ـ گىدى . ياربدار خام سېمىز ھەم تولا يوغان ئادەم بولغاچقا ، ئۈچ ئوغلاقنىڭ تېرىسى بەدىنىنى يېرىم يۆگەشكە يەتتى . خېنيا سا ـ يىت مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ گۈلخاننى ئۇلغايتىپ ھالسىراپ ئول ـ تۇرۇۋىدى ، سۈبھىگە بەلگە بېرىپ چۆل تورغىيىنىڭ چۇڭىلداپ سوزۇپ مۇڭلۇق سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . خېنيا سايىتنىڭ كۆزى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېچىشىپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ چىداپ ئولتۇردى . ھالىدىن كەتكەن ياربدار سەل ئارام تاپقاندەك بولدى .

دەريا تەرەپتىن سوغۇق ئۇرۇپ خېنيا سايىتنى توڭ ـ دۇردى . ئۇنىڭ ماجالى قالمىغاچقا گۈلخان ئەتراپىدىكى تېرىدىن تارتىپ يۆگىنىپ ئوتقا يېقىن سۇرۇلدى . ياربدار پات ـ پات بوش جۆيلۈپ ، خورەك تارتىپ قوياتتى . ئۇنىڭ قوناق پوخىقى

---

① قوناق پوخىقى ـــ قوناقتا بولىدىغان بىر خىل قارا پاراشۇك .

② تارشا گۇگۇت ـــ ياغاچ تېپىر تىلىنىپ ( بىر ئىبرىچ كەڭلىكتە ) ئۇچىغا گۈڭگۈرت تاللىنىپ ياسىلىدىغان قەدىمى سەرەڭگە.

سۇر كەلگەن قاپقارا يۇزىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.
«خۇداغا شۈكۈر» دېدى خېنىيا سايىت ئىچىدە. ئۇتىنىڭ خۇش يـاققان ئىسسىقىدا ئۇنىمۇ ئاستا تاتلىق بىر ئۇيقۇ باستى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەن شۇنداق قاتتىق ھەم شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىكى، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇدى...

بىر غايىب ئاۋاز «كۆزۈڭنى ئاچ» دەپ قۇلاق تۈۋىدىلا قاتتىق ۋارقىرىغاندەك بولدى. ئۇ ئۇندەرەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن توقايلىق ئىتلارنىڭ ۋەھىمىلىك قاۋىغان ئاۋازى بىلەن تولغانىدى. ياردار ئاللا توۋا سالغىلى تۇردى. ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى بىلەن كالا ـ قويلارمۇ مۆرەپ ـ مـەرەپ بىر قارا بالانىڭ ئالامىتىنى ئېلىپ كەلدى. خېنىيا سايىت-نىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى سەزدى. ئۇ تۆت تاقلاپ توغراق ئۇستىدىكى كەپىگە سەكرەپ چىقىپ يىراقلارغا قارىدى. توقاينىڭ نېرىسى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، دەريا ئىچىدە، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا ساناقسىز مەشئەل ئېزىتقۇدەك بۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. خېنىيا سايىتنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېغىپ دەرھال پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ قاتتىق ئىسقىرتتى. بىر توپ ئات گۈلخان يېنىغا چاپچىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن ئىككىنى تو-قۇپ، گەمىدىن ئوقيا، شەمشەر، نەيزە، چوماق، مىلتىق ئېلىپ چىقىپ ئاتقا قانجۇغىلىدى.

— ئۇكـام، ئاتقا مىنسىلە، يۇرت ئىچىدە ئىنس ـ جىن بىلمەيدىغان بىر پاناھ جاي بار. مەن سىلىنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي، چېرىكلەر كاپىرلار باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمدى مېنىڭ ئاتتا ئولتۇرغۇچىلىكىم يوق، — يا-رىدار قىينىلىپ تۇرۇپ قوينىدىن بىر خەنجەرنى چىقاردى. خېنىيا سايىت ياردارنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— سىلى يۇرتىمىز ئۇچۇن ياشىمىسىلا بولمايدىغان مۇ-
ھىم ئادەمدەك تۇردىلا-ھەم بۇ مۇسۇلماندارچىلىققا توغرا كەل-
مەيدۇ.

— چىرىكلەر ئىنتايىن ۋەھشىي، ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆ-
لۈش دوزاخ ئازابىدىن يامان، بىز شۇنچە قىچىپمۇ، مۇكۇپمۇ
قۇتۇلالماي مەشەگە كەلدۇق، بۇلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ،
ئەلھۆكمىلىللادەيلى.

— سىلى ماڭا ئامانەت، مېنى ئايىسىلا، مەن سىلىنى
ساق تاپشۇرۇپ بېرەلمىسەم مېنىڭ ياش جېنىم ھېسابلىرىنى بې-
رىشكە چاغ كەلمەيدۇ...

خېنىيا سايىتنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاق
ئىت باشلاپ كەتكەن ئىككى غازاتچى ھالسىراپ ئۇلارنىڭ يېنىغا
كېلىپ، ئاتتىن گۈلخان يېنىغا چالمىدەك «پوك» چۈشۈپ
ياتتى:

— بىز... بىز تۈگەشتۇق. ئالدىمىزدىن، ياندىن ھەممە
يەردىن ئۈنگەندەكلا ئورۇسلار شۇنداق قويۇق قاپساپ كېلىۋا-
تىدۇ. بۇنداق شاياتۇندەك ئۇچىدىغان چىرىكلەرنى كۆرمەپتىد-
كەنمەن، يۇرتمۇ يۇرت، جاڭگال، دۆڭ، ھەممە يەرنى قارا چۆ-
مۆلىدەك بېسىپ كەتتى. ئۆي — ۋاران، باغ بولامدۇ ھەممىنى
كۆيدۈرۈپ، قىر — چاپ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئالىقاند-
چىلىك پاناھلانغۇدەك يەر يوق، ئارقىمىزغا ياندۇق. ئۇلار بىزنى
تونۇۋالدى، ئارىسىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بار ئىكەن. ئۇ ئا-
سىيلار بىر سەپ بولۇپ چىرىكلەرگە قوشۇلۇپتۇ...

كۆكتە ئورۇس ئايروپىلانلىرى توختىماي ئۇچقىلى
تۇردى. دەريا قىرغىقىدىكى توقايدىن كۈچلۈك يانغىن كۆتۈ-
رۈلدى. قوي، كالا، تۆگە، ئاتلار قىيا — چىيا قىلىشىپ قورۇق

تەرەپكە مەگدەپ كېلىشكە باشلىدى . شېرىن ئۇيقۇدىكى ياۋايى ھايۋان ، ئۇچار قاناتلار كۆچلۈك ئوت يالقۇنىدىن ئەندىكىپ قاچتى . پۈتۈن توقاي قىزىل ئوت دېڭىزى بولۇپ پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . قىيامەت قايىم بولغان توقايلىقتا ئورۇسلارنىڭ بىلىپ بولماس ۋارقىراپ كالدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— چېرىكلەر توقايغا ئوت قويۇۋەتتى . يىگىتلەر ، بىردەم چىداڭلار ، مەن سىلەرنى يۇرت ئىچىگە ئاپىرىۋېتەي ، بىر مەخپىي گەمە بار ، ئىنس ـ جىن بىلمەيدۇ . ئۇنىڭ بىر ئۇچى مازارغا تۇتىشىپ نەق گۆرنىڭ ئۆزىگە چىقىدۇ ، بىر ئۇچى ئاتاملارنىڭ قورۇسىدىكى ئات ئېغىلىدا .

— بىز بولالمىدۇق . ئامانەتنى ئوبدان ساقلاپ ، ساداقەتىڭنى كۆرسەتسەڭ ، دىيانەتلىك مۇسۇلمان ئوغلى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشىسەن . ئاللا پېشانىمىزگە مەشەدە چېرىكلەر بىلەن جەڭگە چۈشۈپ شېھىت بولۇشنى پۈتكەن ئوخشايدۇ . ئۇلارنىڭ دىرەكلەپ تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقىنى بىزدىنمۇ بەكرەك ئېرىغ مال . سەن ئۇنى ئېلىپ ماڭ ، بىز بۇ يەردە دۈشمەننى كاشىلا قىلىپ تۇرىمىز ، — يىگىتلەر گۈلخان يېنىدىكى تېرە ئۇستىدە ھالسىزلىنىپ يېتىپ ئىلتىجا قىلدى . خېنيا سايىتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى :

— چېرىكلەر نېمىشقا ھايالاشماي بىزنى لەت قىلىدىكىن دېسەم ، سىلەردەك توشقان تېرىسى ، لاتا قونجىلارنى لەشكەر قىپتىكەن ...

ئىككى يىگىت جان ـ جەھلى بىلەن تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى . خېنيا سايىت شاققىدە ئاتقا مىنىپ ، تولۇم ئارتىلغان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى . ئىككىيلەن سەندىرەكلەپ قىينىلىپ تۇرۇپ ئاتقا مىندى . خېنيا سايىت

ئاتنى يېرىم جان ياتقان ياردارنىڭ يېنىغا دىۋىتىپ كېلىپ، يىلاندەك سوزۇلۇپ چۇشۇپ ياردارنىڭ قان ئۇيۇپ قالغان كەڭ كۆك كەمرى بىلەن ياقىسىدىن قاماللاپ:

— يائاللا، ئۆزۈڭ مەدەت قىل! — دەپ دەس كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى. ياردار قاتتىق قاقشاپ كەتتى. يوغان قارا شەھەر ئېتى مۇدۇرۇپ كەتتى.

— خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت، چۇھ، — خېنىيا سايىت ئاتقا قامچا ئۇرۇپ قويۇق چاتقال ئارىسىدىكى تار چىغىر يول بىلەن قويۇندەك چاپتى. ئىككى يىگىت تاپ بېسىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. بىر توپ تايغان ھەر تەرەپكە قاراپ بويۇنداپ، ئاچچىق قاۋاپ، قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ئاتلارغا سوڭدىشىپ يۈگۈردى.

يانغىن كېچە ئاسمىنىنى قىپقىزىل بويىغان، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئاپئاق قويۇق تۈتۈن بولۇتتەك تۈرۈلۈپ كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ھۆل چاتقاللاردىن پاراسلاپ قۇماچ قورۇغاندەك ئاۋاز چىقاتتى. ئاچچىق بۇس بىلەن كۆيگەن گۆشنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. «ھەي، جانىۋارلار كۆيۈپتۇ، چالا ئۇيقۇدا مەگدەپ قوپۇپ ئوتقا سەكرەپتۇ. بولۇپمۇ دۆت قويلار ئوتنى كۆرسە قاچماي، ئۇرۇپ ھەيدىسىمۇ ماڭماي، بېشىنى بىرىيەرگە قىلىپ كۆتى كۆيۈۋاتسىمۇ جىممىدە تۇرۇۋالىدۇ.» خېنىيا سايىتنىڭ يۈزىنى توختىماي تالاپ مېڭىۋاتقان چاتقال شوخىسى ئۇنىڭ يۈزىنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. توقاي ئۇستىدە غايەت زور قاناتتەك يېيىلىپ كېلىۋاتقان ئوتقا قاراپ خېنىيا سايىتنىڭ ئىچى ۋىژىلداپ كۆيمەكتە ئىدى. «خۇدا جاھانغا مۇشۇنداق كۆيدۈرگۈ نىجىسلارنىمۇ ئاپىرىدە قىپتىكەن. يا پەرۋەردىگارا، بۇ بىر چىرايلىق جاڭگالدا نېمە گۇناھ بار! يەر جا-

هانىى سۇپۇرۇپ ماڭىدىغان يەجۇجى دېگەن ئاخىر زامان يالما-
ۋۇزلىرى مۇشۇ ئىكەن چېغى ... »
جانىۋارلارنىڭ داد - پەريادى ئارىسىدا چېرىكلەر-
نىڭ بىر - بىرىگە قاتتىق كالدىرلاپ ۋارقىراشقان ئاۋازىمۇ ئاڭ-
لىنىپ قالاتتى. خېنىيا سايىت ھەرقانچە قاراپمۇ ئۇلارنى كۆرەل-
مىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سادىق تايغانلىرىنىڭ چېرىكلەر بىلەن
قاتتىق ئېلىشىپ بوغۇشقان، ئېچىنىشلىق كاڭشىغان ئاۋازى
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئېچىنىشلىق ھۇۋلىغان، غىڭشى-
غان ئاۋاز ئاڭلانغاندا، خېنىيا سايىتنىڭ يۈرىكىگە بىر سانجىق
سانجىلغاندەك بولاتتى. چۈنكى، ئىتنىڭ ئاشۇ ئاۋازى بۆرۈن
ئېيىق، بۆرە، ياۋا تۈگكۈز قارنىنى بۆسۈپ تاشلىغان چاغدا جان
تالىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچەي - باغرىنى ئۆزى غەزەپ بىلەن تالاپ
جان بەرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز ئىدى. « ئۇلۇغ ئاللا، ئالدىڭغا
نېمە كۈپۈرلۈقلار ئۆتتى؟ نېمە كەلگۈلۈك بۇ. توقاي بىلەن بىللە
ھەممە نېمەمدىن ئايرىۋېتەمسەن، توقاينى مەندىن ئايرىغاندا جې-
نىمنى تېنىمدىن ئايرىشنى ئۇنتۇمىغايسەن. » دالانىڭ پەقەت
خېنىيا سايىتلا ماڭغان يۈرت تەرىپىدىلا يانغىن يوق ئىدى. يۈرتقا
يېقىنلىغانچە چاتقاللار شالاڭداپ، توغراق، يۇلغۇنلار دانە - دانە
كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىككى يىگىت كۆتەكتەك يوغان ئات
ئۈستىدە ھەر تەرەپكە ساڭگىلاپ كەلمەكتە ئىدى. تۈيىقى قىزى-
غان، قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلار قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، ئۆمرىدە
كۆرمىگەن ئاتەشنىڭ سۈرىدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بۇ-
رۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىپ خارقىراپ بوغۇلۇپ چاپاتتى.
ئۇلار توقايلىقتىن ئۆزۈپ چىقىپ، پاكار چەش قۇم
دۆڭى ئۈستىگە چىقىشىغا، يۈرت ئۈستىدىن يانغىن كۆتۈرۈل-
دى. خېنىيا سايىت چۇلۋۇرنى قاتتىق تارتتى. ئالدىغا زەرب بى-

لەن دۆلىنىپ كېتىۋاتقان ئات ئېگىسىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن غال-
جىرلىقى تۇتۇپ ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق
كىشنەپ ، ئالدى پۇتلىرىنى ھاۋادا شىددەت بىلەن تېپچەكلەت-
تى ، ئارقا پۇتى گازاڭغىچە قۇمغا پاتتى . ئىككى يىگىتمۇ ئاتلى-
رىنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ ، ئاتنىڭ توختىشى بىلەن ئات
ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشتى ۋە قۇم دۆڭىدىن پەسكە يۇملاپ كې-
تىپ ئۆلۈكتەك جىممىدە يېتىپ قالدى . خېنيا سايىتىنىڭ كۆڭلى
تۇيغان شۇملۇق تاۋاقتىكى ئاشتەك كۆز ئالدىدا نامايان بولدى .
يۇرت ئىچىدىن چىقىۋاتقان قىيا - چىيا ، قارىيىپ كۆرۈنگەن
بوستانلىق مەھەللە بېشىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يالقۇن توقاي-
لىرىقا كەلگەنلەرنىڭ مەھەللىگىمۇ كىرىپ بولغانلىقىنى ئىسپات-
لىدى . ئوتنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئادەملەر يېرىم يالىڭاچ ھالدا
توقاي تەرەپكە قېچىپ كەلمەكتە ئىدى . خېنيا سايىتنىڭ تايغان-
لىرى گاڭگىرىغان ھالدا قۇم دۆڭنىڭ ھەر تەرىپىگە قاراپ ئېغىر
شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىپ ئاسمانغا تەلمۈرۈپ ھۇۋلىدى . خېنيا
سايىت ئاتتىن چۈشۈپ يارىدارلارنى يۆلەشتۈرۈپ ئاتقا مىن-
دۈردى .

ئورۇسنىڭ ئايروپىلانلىرى يانغىن ئۈستىدە شىددەتلىك
چىرقىراپ ئۇچۇپ ئايلانماقتا ، پات - پات ئېتىلىپ تۇرغان ئوق
ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .

— بولالمىدۇق ... ئەمدى نەگە بارىمىز ؟

— قارا چۈمۈلىدەك دۈشمەن ئارىسىدا قالدۇق ، قورۇق-
تىمۇ ئوبدان پاناھ جاي يوق ئىكەن يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ، باشقا
كەلگەننى كۆرىمىز ...

خېنيا سايىت ئېتىنى قاتتىق قامچىلىدى . يىگىتلەرنىڭ
ئارقىسىدىن تايغانلار دوزاختەك ئوت دېڭىزىغا شۇڭغۇدى .

# توققۇزىنچى باب

تـاڭ شەپىقى قىزىرىشـقا باشـلىـغاندا ، پۇتكۈل توغراق-لـىق ـــ تۈنۈگۈنكى ئالتۇن رەڭ توغراق ياپراقلىرى ، كەھرىۋا-دەك جـىغان مۇنچاقلىرى ، مەشئەلدەك يېنىپ تۇرغان يۇلغۇن چېچەكلىرى كۆلگە ئايلانغان ، ئەتراپنى ئاچچىق ئىس قاپلاپ كـەتكەنىدى . جان ـ جانىۋارلارنىڭ چاتقال ئارىسىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولغان كۆيۈك ھىدى پۈتكۈل دەريا ۋادىسىنى بىر ئالدى . خېنيا سايىتىنىڭ قورۇقىغا قايتىپ كېلەلمىگەن نۇرغۇن ئات ، كـالا ، قويلىرى توقايلىق ئارىسىدا ئوت دېڭىزىدىن چىقالماي كۆيۈپ كەتكەنىدى . ئەسىرلەردىن بېرى ئادەم ئايىغى كەمدىن كەم تەگكەنلىكتىن بۇزۇلماي كەلگەن چەكسىز توغراقلىق ۋە ئۇنى پاناھداپ ياشاۋاتقان تەكلىماكان قۇملۇقى بويىدىكى جان-لىقلار بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا كۆلگە ئايلاندى . تەكلىماكاننىڭ قويۇق قاش ـ كىرپىكى ئورنىدا ياشىرىپ تۇرغان تۈنۈگۈنكى ئورمانزار ، يېشىللىق بۈگۈن ئورتىنىپ ، كونا خۇمدانىنىڭ كۆل تـارتىدىغان گۆلەخخانىسىغا ئوخشاپ قالدى . كېچىچە ئوت پـۇركۈپ ، بومبا تاشلاپ پۈتكۈل يېشىل ۋادىنى كۆيدۈرۈپ ئوت قـويۇپ چىققان ئورۇس ئايروپىلانلىرى تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ كۆيمەي چالا قالغان يېشىللىق بارمىكىن دېگەندەك دەريا بويلاپ

پەس ئۇچۇپ ، ھۇشقىيتىپ ، چىرقىراپ ئايلىنىپ تۇردى . شىڭـ
نىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئورۇس ئەسكەرلىرى قاپقارا ئىس ـ تۇـ
تەك ئارىسىدا موردىن ئۆملەپ چىقىپ داستىخانغا ئولاشقان
ھەسەن شېرىكلەردەك بىردىنبىر كۆيمەي قالغان يېشىل ئارال ــــ
خېنىيا سايىتنىڭ قورۇقىغا توپلىنىشقا باشلىدى . خېنىيا سايىتنىڭ
قورۇقىنىڭ كۆيمەسلىكىدىكى بىرىنچى سەۋەب ، خېنىيا سايىتنىڭ
قورۇقنى چۆرگىلەپ ئاقىدىغان كەڭ بىر ئېقىن سۇنىڭ بولغانـ
لىقىدىن ئىدى . بۇرۇن دەريادا تاشقىن بولغاندا بىر تارماق ئېقىن
مۇشۇ قورۇق ئەتراپىدا ئېقىن تېپىپ ، دەريانىڭ جىگدە پۇراق
مەزگىلىدىن باشلاپ ، بوز كۆكچە سويما سالغان چاغقىچە توقايـ
لىق ئىچىنى بىر ئايلىنىپ يەنە ئانا ئېقىنغا قوشۇلۇپ كېتەتتى .
تاشقىن مەۋسۇمى ئاخىرلىشىپ كېلەر يىللىق دەريا تاشقىنى
باشلانغانغا قەدەر ، بۇ ئېقىندا چۆچۈرە سالغۇدەك سۈپسۈزۈك تىـ
نىق تۇرغۇن سۇ بولاتتى . بۇ سۇ مۇشۇ جاڭگالدىكى بارلىق
جان ـ جانىۋارلا ِنىڭ دائىملىق ئىچىملىك سۈيى ، يازدا قىرغاـ
ۋۇل ، چۆل تورغىيى ، چۆل قۇشقىچى ، ياۋا كەپتەرلەرنىڭ يۇـ
يۇنىدىغان كۆلچىكى ئىدى . خېنىيا سايىت قورۇقنى مۇشۇ ئېقىن
چۆرگىلەپ ئارالچاق قىلىپ قويغان دۆڭگە ياسىغانىدى . يانغىن
ئېقىندىن ئاتلاپ ئۆتەلمىگەنىدى . خېنىيا سايىتنىڭ مال ـ چارـ
ۋىسىدىن باشقا بۇ ئارالغا نۇرغۇن جان ـ جانىۋارلار قېچىپ كېـ
لىپ قورۇققا تىقىلىپ قالغانىدى . بۇ يەردىكى كېۋەزلىك ، قوناقـ
لىق ، قوغۇن ـ تاۋۇزلۇق ، كەندىرلىك ھەممىسى مال ـ چارـ
ۋىلارنىڭ تولىلىقىدىن چەيلىنىپ پايخان بولدى .
قورۇققا قايتىپ كەلگەن خېنىيا سايىت ئازادە ، تىمتاس
قورۇقتا پۇت قويغۇدەك يەر قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، غەزەپتىن
چېرىكلەرنى ، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئوت پۈركۈگۈچى ئايروـ

پىلانىنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللىدى :

— ھۇ جاھانغا بالا ـ قازا تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قېنى سېسىق ئورۇسلار ! تەكلىماكاندىكى بۇ توغراقلىق ، بۇ جاڭگال ئاناڭنى بىر نېمە قىلغانمۇ ؟ بۇ جاڭگاللىغا نېمدەپ ئوت قويىشىسەن ؟ بۇ توقايلىقتا يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ ھەققى بارمىدى ...

ئەمما ، ئايروپىلان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماستىن ، توقايلىقتا توختىماي كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى تاشلاۋەردى . ھەر قېتىم قاتتىق پارتلاشتىن شىددەتلىك يانغىن كۆككە سوزۇلغاندا ھايۋانلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى جاھاننى بىر ئالاتتى . ھايۋانلارنىڭ نالە ـ پەريادى ئىچىدە خېنيا سايىتىنىڭ يىگانە ئاۋازى بېسىلىپ غايىب بولاتتى . ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ھاياتلىق ماكانى بولۇپ كەلگەن بۇ يەككە ـ يىگانە ئارال بۇگۈن بىراقلا جاھان غوۋغاسى بېشىغا كەلگەن ئاپەت ئوچىقىغا ئايلاندى . خېنيا سايىتىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ، سەت تىللاشلىرى ، قارغاشلىرى جاھان غوۋغالىرى ئارىسىدا ھېچ يەرگە ئاڭلانماي ، ئۇنى يەتمەي ، سۈيى ئۆزگە سىڭىپ كېتىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدەك بېسىلىپ قالدى . ئۇ ھارغىنچە قاقشاپ ، تىللاپ بوغۇلۇپ بېسىلىپ قالدى .

— ھۇ نەس كۇندە توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن سېسىق ئورۇسلار ! بىز سەنلەرنىڭ قارغىش تەگكەن يېرىڭلارغا بېرىپ ، بىر توپ دەرىخىڭنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇردۇقمۇ ؟ ئىگىچى ـ سىڭلىڭغا چېقىلدۇقمۇ ؟ سەن بىلەن بىزنىڭ ھېچبىر ئېلىنىپ ـ چېلىنىپ قالمىدىغان ، يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقىدەك قانداشلىقىمىز يوق ! بىز ساڭا ھېچ يامانلىق قىلمىساق ، بىزنىڭ

بىشىمىزغا بالايىئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سەن تىرامسەن ؟ ھۆ ئىپلاس مۇناپىقلار ، بىزگە قىلغان شۇملۇقلىرىڭ ئۈچۈن خۇدا سەنلەرگە قىيامەتكىچە قۇرۇمايدىغان نەس بالالارنى بىرەر ...

ئىتلار ئۈنىڭغا تەڭگەش بولۇپ ، ئىچىنىشلىق ھالدا كۆككە قاراپ ھۇۋلاشتى .

— بىزگە پاناھلىق بىرىڭ ئۇكام ...

قارا ساقال ئادەمنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسى خىنيا سايىتنى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ قىيا - چىيا مال - چارۋا ئارىسىنى تەستە ئاراشلاپ ماڭدى . يارەنلەر ئاتتىن چۈشمەستىن ئۈنىڭغا ئەگەشتى . تاڭ بارغانچە سۈزۈلۈپ مەشرىق رەسمىي ئا-قىرىشقا باشلىدى . ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى ، كالدۇر - كۇلدۇر ۋارقىراشلىرى ، شىلىڭ چىرىكلىرىنىڭ يايلاققا چۈشكەن قارا چىكەتكىلەردەك يىيىلىپ جاۋۇلداشلىرى بارغانچە يىقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . خىنيا سايىتنىڭ ئىتلىرى قاۋاپ ئىقىندىن ئۆتۈپ چىرىكلەر توپىغا ئىتىلدى . ئىتلارنىڭ شىددەتلىك قاۋاپ تالاشلىرى ، ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيا ۋارقىراشلىرى باشلاندى . ئوقلار « تاڭ - تاڭ » لاپ ئىتىلىپ ئىتلار ئىچىنىشلىق ھۇۋلىدى . چىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۇيغۇر چىرىكلىرى ۋارقىرىدى :

— ھەي ، خىنيا سايىت ، ئىتلىرىڭنى توس ، بىكار بىر-سىمۇ قالماي قىرىلىپ تۈگەيدۇ . باياتىن بىرى ئورۇس ئايرو-پىلانلىرى سىنىڭ قورۇقۇڭغا بومبا تاشلىمىدى . بىز سىنى قوغداپ قالدۇق ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان سارالڭ جاڭگاللىق ...

يۈزدىن ئارتۇق ئوۋ ئىتلىرى قورۇقنى قاپساپ كىلىۋاتقان چىرىكلەر بىلەن شىددەتلىك ئىلىشىپ كەتتى . چىرىكلەر دەس-لەپ ئوق چىقارغانىدى ، ئوۋ ئىتلىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭ

باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، بىر - بىرىنى ئېتىپ سېلىشتىنمۇ قورقتى ھەم ئوق چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئىتلار بىلەن پو-مىداقلىشىپ كەتتى . تورپاقتەك يوغان ھەم غالجىر ئوۋ ئىتلىرى ئېيىق ، بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ئاجايىپ ۋەھشىيلىشىپ كەتكەن ھەم ئۇلار چاققان ، كۈچلۈك ئىدى . چېرىكلەرگە ئېتىلغاندا تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرۈپ ، ئادەمگە ئېسىلغاندا ئادەمدەك ئىككى پۇتلۇق بولۇپ كانايدىن ئالاتتى ، چىشلىگەن يەردىن بىر پارچە لوق گۆشنى يۇلۇۋېلىپ چاينىماستىن يۇتۇۋېتەتتى . ئو-رۇس ئەسكەرلىرى ئىتلارنى قىلىچلاپ ، قارنىنى يېرىپ يەر چىشلەتتى . ئاق چۇپۇرلۇق تايغان بىر ئوروس ئەسكەرنى پو-مىداقلاپ بېسىپ تالاۋاتقاندا ، يەنە بىر ئەسكەر بىر قىلىچ چېپىش بىلەنلا ئىتنىڭ بېلىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى . ئىت ئۆزى تالاۋاتقان ئەسكەرنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ كانىيىنى چىشلەپ چىشلىرى كې-رىشكەنچە جان بەردى .

چېرىكلەر ئىتلار بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىۋاتقاندا ، خېنيا سايىت ياردارلارنى ئىككى ئادەمنىڭ قوچىقى يەتمەيدىغان ئېگىز بىر توغراقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى . توغراقنىڭ ئېگىز-لىكى ئون ئۈچ غۇلاچ كېلەتتى . شاخلىرىنىڭ ھاياتلىرىمۇ ، قۇ-رۇپ ئۆلگەنلىرىمۇ بار بولۇپ ، ھاياتلىرى بىلەن ئۆلگەن شاخلار چىرمىشىپ ، چىگىلىك . قارا كۆۋرۈك ئوتلىرى يامىشىپ ، توغراق غولى ئادەم قارىسا قورققۇسى كەلگۈدەك سۈرلۈك ، پاخ-ماق چاتقاللىق بولۇپ كەتكەنىدى . ئۆرە تۇرغىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان بۇ توغراقنىڭ ، گىرەلىشىپ ئۆسكەن چاتىماق شاخلىرىدا مىگىلىغان قۇش ئۇۋىلىرى ساڭگىلىشىپ تۇراتتى .

خېنيا سايىت توغراققا مۈلۈندەك يامىشىپ چىقىپ ، توغراقنىڭ پاخماق ئاراشلىرىنى قايرىدى ، توغراقنىڭ قوچاق

يەتمەس غولىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ فۇدۇقنىڭ ئاغزىدەك يوغان بىر ئېغىز ئېچىلدى ، سىرتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئىچى بوشلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۈچ ياردار ھەمساتتا توغراق ئاچىمىقىغا چىقتى ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىچىك بىر شۇتا قويۇلغان بولۇپ ، توغراق تېنىدىكى ئۇششاق يېرىق ، پۇتاق ئىزى تۆشۈكلىرىدىن چۈشكەن ئوت شولىسىدا ، توغراقنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى .

— توغراقنىڭ ئاستىدا كىچىك بىر گەمە بار ، ئۇ يەر مېنىڭ ئېرىغ مال ساقلايدىغان مەخپىي خەزىنەم ، ئۆزۈمدىن باشقا ئىنس – جىن بىلمەيدۇ . گەمە سىلەرگە تار كېلىشى تۇرغانلا گەپ ، قىستالساڭلارمۇ يېتىپ تۇرۇڭلار ، قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ...

خېنىيا سايىت پەسكە چۈشۈپ بەش تولۇم ئالتۇن – تىللانى ئارغامچىغا باغلاپ بەردى ، ياردارلا تارتىپ چىقاردى . ئاندىن ئاتلارنىڭ ئىگەر – جابدۇق ، ئوزۇق ، خۇرجۇن – قاچىلار ، قۇرال – ياراغلارنىمۇ ئارغامچىغا باغلاپ سۇنۇپ بەردى . ئاتلارنى قىستىلىشىپ تۇرغان چارۋىلازغا قوشۇۋەتتى . ئۆزى يەنە توغراق ئاچىمىقىغا يامىشىپ چىقىپ ياردارلارنى گەمىگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ، پەس ئاۋازدا ئۇلارغا تاپىلىدى :

— ناۋادا گەمىدە ئۇزاق ھاياللىشىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ تەشنالىق قىستاپ كەتسە ، گەمە تاملىرىدىكى توغراق يىلتىزىنى كېسىپ شۈمسەڭلار ، يىلتىزىدىن چۈچۈمەل سۇ چىقىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئاغزىڭلارنى نەمدەپ تۇرۇڭلار . توغراق تۈۋى ئاخىرلاشقان يەردىكى گەمە ئاغزىنى توغراق پورى بىلەن كەپلەپ قويۇڭلار ، شامال كىرىپ تۇرىدىغان تۆشۈك قويۇڭلار ، چىداپ تۇرۇڭلار ...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە چېرىكلەر قورۇققا كىرىپ ۋارقىراشقىلى تۇردى . خېنيا سايىت توغراق ئاچىمىقىدىكى كونا پاخماق چاتقاللارنى بۇرۇنقىدەك جايىغا كەلتۈرۈپ كەپلەپ قو- يۇپ ، توغراقتىن پەم بىلەن چۈشۈپ توغراق بېشىغا سىنچىلاپ قارىدى . توغراق بېشى بۇرۇنقىدەكلا سۇرلۇك چاتقال ، پاخپاي- غان هالدا كۆرۈندى ، خېلى سىنچىلاپ قارىسىمۇ ئۇيەردىن توغراقنىڭ ئىچىگە چۈشكىلى بولىدىغان ئېغىز بارلىقىنى هېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . چېرىكلەر ئۇنىڭ كۆتۈرمە تۇرالغۇسىدا كالدىرلىشىپ ۋارقىرىشاتتى .

خېنيا سايىت ئۇدۇل كەپىگە ماڭماي ، باغنىڭ ئىچكىرى- سىگە ئۆتۈپ ، باغ چېتىدىكى كەندىر پالىكى باسقان مۇز گەمە- سىنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە چىلىمغا نەشە سېلىپ تارتىشقا باش- لىدى . ئۇيغۇر چېرىكلەر توختىماي ۋارقىرايتتى :

— خېنيا سايىت ... هەي خېنيا سايىت ، چىقە بۇ يانغا ... چىقمايدىغان بولساڭ هەممە مال — چارۋىلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ ، قورۇق ، مال — بىساتلىرىڭغا ئوت قويۇۋېتىمىز .

خېنيا سايىت گەمە تېمىغا يۆلىنىپ چىلىم تارتقاچ كۆ- زىنى يۇمۇپ خىيال قىلدى . « بۇ غالچىلار مېنىڭ نام — ئەمە- لىمنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ ؟ توغرا ، يۇرت ئىچىدە ئاسىيلار ، ئورۇسنىڭ پوقىنى يەپ شىڭغا مۇرىت بولغانلار ئازمىدى ... شۇ مۇناپىقلاردىن بىرەرسى يېپىدىن — يىڭنىسىگىچە ئېيتىپ ئىچۈر- مەي قالامدۇ ... مەھەللە — كويدا بارغانچە نامەردلىك ئەۋج ئې- لىپ ، بىر تاۋاق ئاشنى يېيىسە قورسىقى تويىدىغان قارىنىنى دەپ پۈتۈنسۈرۈك يۇرتنى ، جەددى — جەمەت قېرىنداشىنىڭ ئۆمۈر- لۈك ئىشىنى يات تائىپىلەرگە ساتىدىغان نائەھلىلەر ئەدەپ كەتتى . بۇرۇن بۇنداق نائەھلىلەر ئاز ئىدى . بىز ئۆزىمىزچە

ئۇلارنى توي قىلسا تويغا ئادەم كەلمەيدۇ ، قىزنى چىقىرالمايدۇ ، ئوغلىغا خوتۇن تەگمەيدۇ ، ئۆلسە نامىزىغا ئادەم يىغىلمايدۇ ، يۇرتتا سوقۇندى بولۇپ يېتىمەك يۈرىدۇ ، دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق ئېتىپ يۈرەتتۇق . مانا ئەمدى هالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ، يۇرتىنىڭ تۈزىنى يەپ چوڭ بولغان خېلى تۈزۈك ئادەملەرمۇ يۇرتقا تۇزكورلۇق قىلىدىغان ئاسىيلارغا ئايلانغاندىن كېيىن ، ئىش بىلمەس ياشلار ، قورسىقىنىڭ تويۇشىنىلا ئويلايدىغان ، ئەقلى گەجگىسىگە چىقىپ قالغان ئادەملەر ئۇلارغا ئەگىشىپ چوڭ بىر جامائەت بولۇۋالدى . يۇرت ـ مەهەللە سوقۇندىسى ، داشقىلى بولۇپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرىدىغان يېتىم ئاقساقال بۇ جامائەت بوغناپ هالال ، هەق ئادەملەر يېتىم ـ جامائەتسىز قالدى . مانا مۇشۇ كويدا قالغان يۇرتتا بۇ پوقنى يېمەيدىغان كىم قالدى ئەمدى ... »

ئېغىر هاردۇق يېتىپ ئۇيقۇسىرىغان خېنىيا سايىت نەشىنىڭ تىنچلاندۇرۇشى بىلەن گەمىنىڭ تېمىغا يۆلەنگەنچە خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى . باياتىن بېرى كونا چىلىمدىن چىققان خور ـ خور ئاۋاز ئەمدى ئۇنىڭ دىمىغىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى . قويۇق بۇرۇتلىرى ئارىسىغا چىلىم دەستىسىنى تىقىپ تۇرغان يوغان قوللىرى ئاستا قۇچىقىغا سىيرىلىپ چۈشتى . قويۇق كەندىر پۇرىقى گەمە ئىچىنى كۆچلۈك ، مەستخۇش قىلغۇچى دۇت بىلەن هىدلاندى ...

× × ×

— بايا مەن دېدىم ، بۇ جاڭگال پادىشاهىنىڭ گەمىسى

تـولا ، گەمىلىرىنىڭ بىرىدە نەشە چېكىپ ئۇخلاپ قالدى دەپ نـەشىنىڭ پۇرىقى ھەممە يەرگە تارالسىمۇ ، بۇگۈنكى ئۆرتەشتە كەندىر كۆيدىمىكىن دەپ ئادىشىپ قاپتۇق . راست ، مەن دې- گەندەك قاپاق چىلىمدا نەشە چېكىپ ئۇخلاپتۇ ئەمەسما بۇ نو- چى .

قاتتىق ، قوپال سىلكىشلەشتىن خېنيا سايىت كۆزىنى ئاچتى ، ئاچتىيۇ نەشىنىڭ كەيپى ، ھارغىنلىق ئېغىر كېلىپ يەنە كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ بېشىدا يالاقچىلىق قىلىپ كوتۇلداۋاتقان ئادەمنىڭ يۇرت ئىچىدە كىم پۇچۇق نان بەرسە شۇنىڭغا چەكەدىلىك قىلىدىغان يۇملاق تاۋۇز چار بازارچى نە- ياز ئىبراھىم گاچىنىڭ ئاۋازىلىقىنى تونۇدى . ئۇنىڭ تىلى تولۇق كېكەچ بولمىغىنى بىلەن ، بىر پۇتۇن گەپنى ئوتتۇزغا پارچىلاپ دېۋانىنىڭ نېنىدەك قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا ، مەھەللە ــ كوي ئۇنـى بەزىدە نىياز دۇدۇت دېسە ، بەزىدە ئىبراھىم گاچا دەپ يۇ- زىدىن يۇزىگە دەۋېرەتتى . ئۇ مەھەللە ــ كويغا قويۇلغان مەخپىي ساقچى بولۇپ ، كۇندۇزى ئەلنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولۇپ كۆز بويامچىلىق قىلسا ، كېچىسى شېڭنىڭ كاللا كېسەرلىرىگە قارا تـىزىملىك يوللاپ دۇرۇس ئادەملەرنى تۇتتۇپ بېرىپ ، ئۆزىگە پـۇل تاپىدىغان يول ئىچىۋالغان ، تاپقان پۇلىغا ھەرقايسى يۇرت بـەگلىرىگە قىز سولاپ بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئەرزان ماتالىرىنى يۇرتتىكى ياۋاش مۆمىنلەرگە قىممەت سېتىپ نەچچە ھەسسىلەپ پـايدا ئۇندۇرۇۋالاتتى . ھەر يۇرتتىكى مۆمىنلەرنىڭ ماتاغا ئېھتى- ياجى بولمىسىمۇ ، يۇرت بەگلىرىنىڭ مەجبۇرىي تېڭىشى بىلەن ئېـلىشقا ئادەتلەندۇرۇلگەنىدى . نىياز ئىبراھىم بولسا سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ سودىدا ئۇتتۇرمايدىغانلىقىدىن ماختىنىپ دۇدۇقلاپ يۇرەتتى . ئەل ــ جامائەت ئۇنىڭ بەدنىيەت ، سۇيىقەستچى ، ھار

ئالماس ئۇستاتچىلىقىدىن ھەزەر ئەيلەپ ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى
راست دەپ باش لىڭشىتىپ قوياتتىيۇ ، ئارقىسىدىن تىللايتتى .
مانا ئەمدى ئۇ ئورۇس بىلەن شىڭنىڭ بىرلەشمە باسمىچىلىرىغا
خىزمەت قىلىپ مۇكاپات ئېلىش كويىدا يول باشلىغۇچى بولغا-
نىدى .

خېنيا سايىتنىڭ نەشە كەيپىدىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن
قاپىقى ئەمدىلا يۇمۇلۇپ ، نىياز ئىبراھىم ھەققىدىكى خىيالى ئا-
خىرلاشمايلا بىقىنىغا تەگكەن قاتتىق بىر تېپىكتىن قاڭقىپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۆتى يېرىلغاندەك بىر ئاچچىق ئاغرىق
ئىچ - ئىچىدىن بۇقسۇپ كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى .
سېرىق سىمدەك چاچ - ساقاللىرى ئارىسىدىكى مۆشۈكنىڭكىدەك
ياپىلاق يۈزى پارقىراپ كەتكەن ئورۇس ئەسكىرى ھىجىيىپ
تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېڭىكىگە بىر مۇشت ئۇردى . خېنيا سايىت دۈ-
گۈجۈپ گەمە تېمىغا يۆلىنىپ قالدى . ئورۇس يەنە قوللىرىنى
سوزۇپ ئۇنىڭ كانىيىدىن سىقىپ ئالدىغا تارتىپ ، ئوڭ مۇشتۇ-
مىنى قاداقچىلاپ بىر ئېتتۈيدى ، خېنيا سايىت بېشىنى يانغا قا-
چۇردى ، مۇشت ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن سىيرىلىپ ئۆتۈپ تامغا
ئۇرۇلدى . ئورۇسنىڭ سېسىق تىنىقى گۆردىن ئۆلۈكنى تارتىپ
ئېلىپ چىقىپ يېگەن تۈلكىنىڭ ھىدىدەك خېنيا سايىتنىڭ دى-
مىغىغا ئۇرۇلدى . ئۇنىڭ قىرلىق ئۇزۇن تۇمشۇقى خېنيا سايىت-
نىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى . خېنيا سايىت زەرب بىلەن
بىر كاللا قويۇۋىدى ، ئورۇس ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى .
بەش - ئالتە ئەسكەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خېنيا سايىتقا تاشلان-
دى . بىرسى كەينىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ، قالغانلىرى
مۇشتلاپ تېپىپ كەتتى . ھەر تەرەپتىن تېگىۋاتقان مۇشت ، تې-
پىكلەردىن خېنيا سايىتنىڭ باش - كۆزى ئايلىنىپ كەتتى ، لې-

كىن ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر دۆلۈپ ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغان ئورۇسنى تامغا پۈكلىۋەتتى . ئالدىدىن كەلگەنلەرنى ھەم تېپىپ ، ھەم مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يېقىن يولاتمىدى . دەل شۇ چاغدا جەينەكتەك بىر شىلىڭ چېرىكى كىرپىدەك ئۆمىلەپ كېلىپ خېنىيا سايىتنىڭ چاترىقىغا ئېسىلىپ جان يېرىنى قوش قوللاپ مۇجۇپ ئېسىلىۋالدى . خېنىيا سايىتنىڭ ياۋا توڭگۇز تالىغاندەك زەھەردەك بىر ئاغرىق بىلەن پۈت ـ قولىدا جان قالماي ، خېمىردەك بوشاپ ئېزىغا ئولتۇرۇپ قالدى . ئورۇس ئەسكەرلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ دەسسەپ تېپىپ ، چەيلەپ كەتتى . نىياز ئىبراھىمنىڭ داتلىشىپ كەتكەن چويۇن مەشتەك قارا كۆكلۈچ يۈزى قېرى ئېنەكنىڭ سۈت قالمىغان يېلىنىدەك تارتىشىپ ھىجايدى :

— قانداق ، مەن جايلايدۇ دېمىدىممۇ ، ھامان جايلايدۇ .

× × ×

كەچ كۈزنىڭ يېقىمسىز شاملى تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدىن دەريا بويىغا توختاۋسىز ئۇچۇپ كېلىپ ، دەريادا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان يۇمران مۇزلارنىڭ بېتىگە توقايلىقنىڭ كۈللىرىنى سورۇپ ، ئۇچۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى . يىللاردىن بېرى توقايلىقتىكى توغراق ، ياۋا جىگدىلەرنىڭ غازىڭىنى ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان قۇرۇق سوغۇق شامال بۇ يىل كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ قاپقارا دالاغا ئايلانغان چەكسىز تۈزلەڭلىكتىن توقايلىقنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىماقتا ئىدى . توقايلىق ئىچىدىن سۈس تۈتۈن تېخىچە توختىماي كۆتۈرۈلەتتى . ئۇ يەر ، بۇ يەردە چالا كۆيۈپ يېقىلماي قالغان توغراق ، جىگدە ، چاتقاللار

تارىنىڭ بېشىدىكى يوقىلاڭ نۆكلەردەك غېرىبسىنىپ ، قاپقارا ئېې-
سىلىشىپ كەتكەن بەللىرى پۈكلەنگەن ھالدا سوغۇق شامالدا
توختىماي ئىرغاڭلايتتى . بالدۇرلا جۇت باشلاپ كەلگەن قاغىلار
توقايلىقتىكى كۆيۈپ كاۋاپ بولغان ھايۋان گۆشلىرىنى ھىدلاپ ،
تـوختىماي قاقىلداپ بايرام قىلىۋاتقاندەك توقايلىق ئاسمىنىغا پې-
تىشماي قالغانىدى . قارا قاقاسلىق سايغا ئايلانغان توقايلىقتا ،
دەشتى باياۋاندىكى بۇلاق بويىدا ياشىرىپ تۇرغان غۇژمەك بوس-
تانلىقتەك خېنيا سايىتىنىڭلا قورۇقى يېگانە ياشىرىپ تۇراتتى .
باشتىكى قۇرغاق سوغۇق شامال ئەمدىلىكتە نەم سوغۇق شامالغا
ئايلىنىپ ، ھاۋا ئالا ـ پاساق بۇلۇتلاندى . توپا ئارىلاش سىم ـ
سىم يامغۇر قىيما ـ چىيما قىلىنىپ ، سىم قامچا ئېتىلدۇرۇۋەتكەن
قىزىل ، قارا قانلار ئىرماش ـ چىرماش يول چىقارغان ئەتلىرىگە
ئۇرۇلۇپ ، سېزىمنى يوقاتقان خېنيا سايىتنى ئېسىگە كەلتۈردى .
تۈنۈگۈن چاشكىدىن باشلاپ ئىككى باشمالتىقىدىن باغلاپ
توغراققا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن دەسلەپ باشمالتىقى ئاغرىغان-
لىقتىن تىلىنى چىشلىۋالغانىدى . كېيىن چېرىكلەر كىيىملىرى-
نىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدىن بويۇن-
لىرىغىچە نۆۋەتلىشىپ سىم قامچا بىلەن ئۇردى . ئەمدى ئۇنىڭ
پۈتۈن ئەزايى بىر توپ زەھەرلىك قارا ھەرە توختىماي چاققاندەك
ئاغرىپ ھېچ چىدىيالماي توختىماي ئاللاغا ناله قىلدى . سىم
قامچا ھەر بىر تەگكەندە ، قامچا ئىزىدىن قان جىرغىپ چىقاتتى ،
ئانـدىـن تېرە يېرىلىپ تېرە ئاستىدىن قىزىل قان ئارىلاش ئاق
ماي چوغقا تاشلانغان قوناقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى . ئورۇس كو-
مـانـدىرى پات ـ پات كالدىرلىسا ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر
تۇگچى ئۆرۈپ سورايتتى .
ـــ ھەي ياۋايى قارا دولان ، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ،

بىكار ئۆلۈپ كېتىسەن . بىر ئوبدان جېنىڭنى ئۇ قارا قاشلىق
تـوپىلاڭچىلارغا سېلىپ بەرمە . ئاشۇ ئوغرىلارنى يوشۇرغان
يـەرنى دەپ بەرسەڭلا ئامان قالىسەن ، بولمىسا ھارام ئۆلۈپ كې-
تـىسەن . تونۇمايدىغان ئۆلەرمەن قاچقۇنلارغا جېنىڭنى قىيناپ
نېمە قىلىسەن . ئەگەر ئاشۇ قاچقۇنلارنى چىقىرىپ بەرسەڭ ،
كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن ، سېنى ئون ئۆستەڭ مەكتىگە بەگ
قىلىدۇ . ئوغرىلارنى يوشۇرغان يېرىڭنى دەرھال دەپ بەر !

خـېنىيا سايىت كۆزىنى چىڭ يۇمغانچە دىلىدا ئاللادىن
سەۋر ـ تاقەت ، چىدام ـ غەيرەت ، مەدەت تىلىدى . ئاسايىش-
لـىق ، سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلغۇچى ئايەت ـ دۇرۇتلارنى توختى-
مـاي ئوقۇدى . بەدەن ئاستا ـ ئاستا سېزىمىنى يوقىتىپ ، سىم
قامچىنىڭ زەربىسى بىلىنمەس بولدى . شىلڭ چېرىكنىڭ ئە-
مەلدارى كۆچۈكتەك پۈكلىنىپ كېلىپ ، تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆ-
زىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ ئوروس خوجايىنىنىڭ قۇلىقىغا پى-
چىرلىدى . ئوروس بىر كالدىرلىۋىدى ، بىر غالچا بىر كاللەك
شورنى ئېلىپ كېلىپ خېنىيا سايىتنىڭ قان سىزىپ تۇرغان بە-
دىنىگە پاتۇرۇپ تۇرۇپ ئوڭ ـ تەتۈر سۈركەشكە باشلىدى .
ئاچچىق سېزىم خېنىيا سايىتقا يەنە بىر دەھشەتلىك زۇلۇم سال-
دى . پۈتۈن بەدىنى ئوت ياققاندەك كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ قات-
تىق ۋارقىراپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى . ئۇنىڭ قىزىل قان
سىرغىپ تۇرغان يالىڭاچ گەۋدىسى باراڭدىكى پىشقان قاپاقتەك
ھەر تەرەپكە توختىماي ئىرغاڭلايتتى . باشمالتىقى ئىزىدىن چى-
قىپ بارغانچە سوزۇلۇپ ، جەرەننىڭ بىر جۈپ مۈڭگۈزىدەك ئۆ-
زىراپ ، ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتى بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى بار-
غانچە قىسقارماقتا ئىدى .

خېنىيا سايىت كۆيۈشۈپ ئېچىشىۋاتقان ئاغرىققا چىدى-

ماي، بار ئاۋارى بىلەن ۋارقىراپ دادلىسىمۇ « كۆرمىدىم » دې-
گەن گېپىنى تەكرارلاۋەردى. ئورۇس ئوفىتسېرى بىلەن شىلڭ
ئوفىتسېرى بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، قورۇق ئالدىغا تى-
كىۋالغان چېدىرغا كىرىپ كەتتى. چېرىكلەر خېنىيا سايىتقا سۇ
چېچىپ يەنە قامچىلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە شور سوۋاشقا
باشلىدى. خېنىيا سايىت بىردەم نالە قىلىپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن
ئۈنى ئۆچۈپ بېشى يانغا ساڭگىلاپ چۈشتى.

ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن شىڭ چېرىكلىرى گۇمىدىن
ئىز قوغلىغانچە، ئاغزىغا گىياھ سالماي غازاتچىلارنى تاپ باس-
تۇرۇپ قوغلاپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى غازاتچىلار-
نىڭ ئۆزىدىن كۆرە خەزىنىسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى.
شۇنداق تېز قوغلاپ ئەمدى قولغا چۈشەي دېگەندە، ئۇلار تۇ-
مەنتال تەۋەسىدىكى توقايلىققا كىرىۋېلىپ كۆزدىن يوقالدى.
ئورۇس ئايروپىلانلىرى توقايلىقنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەپ ئۇلارنىڭ
پاناھىنىمۇ يوقىتىپ بەردى، ئەمما خېنىيا سايىت دېگەن جاھىل
جاڭگالچى تەلۋە ئۇلارنى غايىب قىلىۋېتىپ، ئۆزى بىر كېچە
ئاسماقتا تۇرۇپ تاياق يەپمۇ ئۇلارنىڭ مۆكۈنگەن يېرىنى تىنماي
تۇرۇۋالدى.

چېرىكلەر خېنىيا سايىتنىڭ ئون ئۈچ گەمىسىنىڭ ھەم-
مىسىنى قېزىپ تىنتما قىلىۋەتتى. پۈتۈن پاختا، تېرە، ئوت ـ
سامان، شاخ ـ شۇمبا، بېدە خەندىكى، كەندىر شاخلىقى، بۇيا
خەندىكى ھەممىسىنى ئوگتەي ـ توگتەي قىلىۋەتتى. باغ ئىچى،
كېۋەزلىك، قوناقلىقلارنى ئالا قويماي چامغۇر قازغاندەك قېزىپ
چىقتى. توقايلىقتىكى دۆڭ ـ دۈمبەللەردە كىرپە ئۇۋىسى، توش-
قان كولىغان ئورەك، تۈلكە خەندەكلىرىنىمۇ تېگىگە يەتكۈزۈپ
قازدى، ئەمما ئۇلار ئىزدىگەن ئادەملەر كۆزگە چېلىقمىدى. ئۇلار

ئالدىرايتتى ،چۈنكى ئۈلارنىڭ ئەسلى نىشانى تۈڭگانلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئىدى . ھەر تەرەپكە پارچىلىنىپ پىتىراپ يۈرگەن تۈڭگانلار ھېلى ئۇ يەر ، ھېلى بۇ يەردە ئۇلارغا ۋەسۋەسە سېلىپ يېغىلىق چىقارماقتا ئىدى . « قىرىق يىل قىرغىن بولسا ، بىئەجەل چېۋىن ئامان قاپتۇ » دېگەندەك ، قېرى توغراق يىلتىزىغا ئو-رۇنلاشقان مەخپىي گەمە ئۇلارنىڭ ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىر-مەيتتى . ئېچىرقاپ كەتكەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن شىڭنىڭ چېرىكلىرى بىر كېچە ــ كۈندۈزدە قورۇقتىكى نەچچە يۈز قوي ، كالا ، تۆگە ، ئۆچكە ، ئات ، ئېشەكلەرنى ، ھەتتا ئىتلارنى سو-يۇپ يەپ كەتتى . پۈتۈن تايغان ، ئوۋ ئىتلىرىنى تامامەن قىرىپ تېرىسىنى ئېلىۋالدى . قورۇقنىڭ ھەممە يېرى ھايۋانلارنىڭ ئۆ-چەي ــ قېرىن ، كاللا ــ پاچاقلىرى بىلەن تولدى .

ئورۇس ئوفىتسېرى ئالدىراپ قالدى . شېڭ ئوفىتسېرى-نىڭ پۈتۈن ئەس ــ يادى غەلىيانچى تۈڭگاندا ئەمەس ، گويا قاراقاش غازاتچىلىرىنىڭ خەزىنىسى بولغان بەش تۈلۈم ئالتۇندا ئىدى . ئۇنىڭ يۇرتىدىن چېرىك بولۇپ تەكلىماكانغا كېلىشى ، بۇ زېمىندا يىلتىزلاپ تۇرۇپ قېلىش ئەمەس ، بۇلاڭ ــ تالاڭ قى-لىپ بىراقلا باي بولۇپ قېچىش ئىدى .

ئورۇس ئوفىتسېرى بىلەن شېڭ ئوفىتسېرى چېدىردا قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىشلىرىنى كولاپ ، روھلانغان ھالدا بىر ــ ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ ئالاغا چىقتى .

خېنىيا سايىت قان خالتىسىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى . قامچىلاپ قىيناۋاتقان چېرىكلەر ئۇرۇۋېرىشتىن ھېرىپ ، زېرىد-كىپ ھالسىزلىنىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ چالا پىشقان گۆشلەرنى يې-مەكتە ئىدى . خېنىيا سايىت ئۆلگەندەك بېشى ساڭگىلاپ ، مەي-دىسىگە چۈشكەن قوللىرى سوزۇلۇپ ، پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە

تېگەي دەپ قالغانىدى . ئورۇس ئوفىتسېر يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن خېنىيا سايىتنىڭ قورسىقىنى يېنىك تىلدى . قىلىچ ئۇچى جىجاپ ماڭغان يەردىن قانلىق سىزىق پەيدا بولدى . خېنىيا سايىت مىت قىلمىدى . شېلىڭ ئوفىتسېرى يېڭىنىڭ ئارىسىدىن يېڭنە چىقىرىپ خېنىيا سايىتنىڭ پۇتىنىڭ بارمىقىدىكى تىرنىقى ئاستىغا سانجىدى ، تىرناق ئۇچىدىن جىرتىلداپ قان ئېتىلىپ چىقتى . خېنىيا سايىت قاتتىق بىر ۋارقىراپ ئېسىگە كەلدى . ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن تولا ۋارقىراپ كاناي پەردىسى يىرتىلىپ ، ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەنىدى . شېلىڭ ئوفىتسېرى كولدىرلىدى ، نىياز ئىبراھىم ئۇنى ئۇيغۇرچە ئۆرىدى :

— قاچقۇنلار ساڭا قانچىلىك ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسا ، بىز شۇنىڭغا ئىككى ھەسسە قوشۇپ بېرەيلى ، بىزگە دەپ بەر ، ئۇلارنى نەگە يوشۇردۇڭ ؟

خېنىيا سايىت كۆزىنىمۇ ، ئاغزىنىمۇ ئاچمىدى . شېلىڭ ئوفىتسېرى يەنە كولدىرلىدى ، نىياز ئىبراھىم تۇڭچى ئەگىشىپ ئۆرىدى :

— بۇ ساڭا بەك ئوڭ كەلگەن پۇرسەت ، ياخشىلىقچە دە ، بولمىسا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قىينىلىپ ئۆلۈپ تۆگەيسەن . بىزدە ئوتتۇز ئالتە ھىيلە - مېكىر دەستۇرى بار ، سەن ئۆلسەڭمۇ ھەر باپ بىلەن ئۇلارنى قولغا چۈشۈرمەي قويمايمىز .

خېنىيا سايىتتىن ئۈن چىقمىدى . شېلىڭ ئوفىتسېرى سىم قامچىدىن بىر تال ئىنچىكە سىمنى ئايرىپ ئوتتا قىزىتىپ ، قىزىل سىزىقتەك بولغان سىمنى خېنىيا سايىتنىڭ زەكىرىنى ئالدىرىماستىن تۇتۇپ تۆشۈكىدىن تىقتى . ۋاژىلداپ كاۋاپ ھىدى بىلەن تەڭ ئاق ھور كۆتۈرۈلدى . خېنىيا سايىت قاتتىق يۇلقۇنۇپ ،

تولغىنىپ ۋارقىراش بىلەن زەكىرىدىن قان ئارىلاش سۈيدۈك
ئېتىلىپ چىقىپ شىلڭ ئوفىتسېرىنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاچرىدى .
ئورۇس ئوفىتسېرى قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ شىلڭ ئوفىتسېرىنىڭ
باش ـ كۆزىگە قاراپ تېلىقىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى .
خېنىيا سايىت يەنە ھوشىدىن كەتتى . بىر ئاتلىق چېرىك دەريا
تەرەپتىن قارا تەرگە چۆمۈپ ھاسىراپ كېلىپ دوكلات قىلدى :

— تۇڭگانلار يەنە يەكەننى قورشاپ ھۇجۇم قىپتۇ .

ئورۇس ئوفىتسېرىنىڭ كۈلۈۋاتقان مۇلۇن تەلەتى دەرھال
ئۆڭدى ، ئۇ رۇسچە كولدۇرلاپ ۋارقىرىدى . شىلڭ ئوفىتسېرى
يۈزىدىكى قانلىق سۈيدۈكنى سۈرتۈپ ئورۇس ئوفىتسېرىغا پى-
چىرلىدى ، ئورۇس ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كولدۇرلاپ
ۋارقىراپ چېدىرغا ماڭدى . پۈتۈن ئورۇس ئەسكەرلىرى كول-
دۇرلاشقانچە قوزغىلىپ ئاتلىرىغا مىندى . ئورۇس ئوفىتسېرى
چېدىر ئالدىغا بېرىپ بولۇپ يەنە كەينىگە ياندى ـ دە ، تاپانچى-
سىنى چىقىرىپ ھوشسىز ساڭگىلاپ تۇرغان خېنىيا سايىتقا توغ-
رىلىۋىدى ، شىلڭ ئوفىتسېرى دەرھال ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلى-
دى . ئورۇس ئوفىتسېرى ئۇنى ئىتتىنى سىلكىگەندەك سىلكىۋې-
تىپ ، تاپانچىسىنى تەڭلەپ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ئوق چىقارماي
يەنە قېپىغا سېلىپ چېدىرغا كىردى . شىلڭ چېرىكى خۇشاللى-
قىدىن ئۆز چېرىكلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ۋارقىرىدى . چې-
رىكلەر پۈتۈن ئات ، كالا ، تۆگە ھەممىسىنى قورۇقتىن دەريا تە-
رەپكە ھەيدەپ ماڭدى . بىر قانچە ئات ، تۆگە قاڭقىپ توپتىن
قېچىپ بۆرە ئېغىزى تەرەپكە قېچىپ كەتتى . بىر قانچە ئورۇس
ئەسكەرلىرى ئاتلارنى قوغلاپ بىردەم مېڭىپ ئۆز سېپىگە قايتىپ
كەلدى . شىلڭ چېرىكلىرى مال ـ چارۋىلارنى دەريا بويلاپ
ھەيدەپ يەكەن تەرەپكە ماڭدى . ئاتلىق ئورۇسلار قورۇقنىڭ

ھەممە يېرىگە ئوت قويدى . قۇرۇغان شاخ ، ئوت ـ سامان ، بېـ
دە ، كەندىر ، پاختا ، تېرە ، باغ ، توغراق ، چىتلارغا ئوت
تاشلاندى . ھەممە يەر پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . پەقەت
خېنىيا سايىت ئېسىلغان توغراقلا ساق قالدى . ئاستىغا مەخپىي
گەمە ياسالغان غازاتچىلار يوشۇرۇنغان مىلىك يىللىق قېرى
توغراق غايەت زور مەشئەلدەك ھەممىدىن شىددەتلىك كۆيۈشكە
باشلىدى . مىڭلىغان قۇش چاڭگىسى پاراسلاپ كۆيۈپ ، قۇشلار
ئېچىنىشلىق چىرقىرىشىپ مەڭدەپ ئۇچۇشتى . بىر قانچە قۇشقاچ
ئۇچۇپ چىقىپ چاڭگىسىنى ئايلىنىۋىدى ، قانىتىغا ئوت تۇتىشىپ
چالمىدەك يەرگە چۈشتى . پۈتۈن قورۇق ئوت دېڭىزىغا
ئايلاندى . ئوت دېڭىزى ئىچىدە خالىي توغراقتا قانلىق تۇلۇمدەك
ساڭگىلاپ تۇرغان ھوشسىز خېنىيا سايىت بۇ ئىشلاردىن خە-
ۋەرسىز ئىدى . سىم ـ سىم يامغۇر تىمشىپ تۇرغان ئاسماندا ئۈچ
ئايروپىلان يەنە پەيدا بولۇپ ، دەريا بويلاپ پەس ئۇچۇپ يەكەن
تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنى قورۇقداپ ئۇچۇپ
كەتتى . ئىككى ئوفىتسېر خېنىيا سايىتقا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ يولىغا راۋان بولدى . بىر توپ
مۇلازىم ، يانداقچى چېرىكلەر ئانىسىغا ئەگەشكەن لالما كۈچۈك-
لەردەك ئەگىشىپ ئات سالدى . جەننەتتەك كېچە ـ كۈندۈز
مېۋە ، قوغۇن پۇرىقى تارىلىپ تۇرىدىغان قورۇق دوزاخقا ئايلى-
نىپ كۆيۈپ ، يۈك ـ تېرە كۆيۈكىدىن تارالغان سېسىق ھىد
بىلەن تولدى .

قېرى توغراق پاراسلاپ كۆيۈپ ، غايەت ئېگىز تام ئۆ-
رۈلگەندەك يەنە ئوت ئىچىگە يىقىلدى . پەقەت بۇ دوزاخ ئىچىدە
خېنىيا سايىت ئېسىلغان توغراقىلا ئوت تۇتاشمىدى .

# ئونىنچى باب

خېنىيا سايىت ئىسسىق ھۆللەنگەن يۇمشاق ماتانىڭ چىر-
كىسىگە ، قاش ـ قاپاقلىرىغا تېگىشى بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆ-
زىنىڭ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ يۇمشاق ئورۇندا ياتقانلىقىنى بى-
لىپ ئېسىگە كەلدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى كۆيۈشۈپ ئوت
كەتكەندەك ئاغرىيتتى . ئىككى قولى مىدىرلىمايتتى . زەكىرى ۋە
ئۇنىڭ ئەتراپى ئىششىپ قىسىلچىقىغا پاتماي ئىششىپ كەتكەن
بولۇپ ، قان ئارىلاش سۈيدۈك توختىماي تېمىپ ، سۈيدۈك
يولىغا ھېلىمۇ سىم تىقىلىۋاتقاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى . خېنىيا
سايىت زەھەردەك ئاغرىققا ، كۆيۈشۈپ ئېچىشىشقا چىدىماي تول-
غىنىپ ۋارقىرىدى ، ئاغزىدىن ئاچچىق بۇس چىقىپ تارالدى .

— چىدىسىلا خېنىيا سايىتكا ، چىدىسىلا .

ئۇ سىلىق ، يېقىملىق ، يۇمشاق تونۇش ئاۋازنى ئېسىگە
ئالالماي كۆزىنى تەستە ئاچتى . ساقالسىز ئاق پىشماق ، كۈلۈپ
تۇرىدىغان چىراي شۇنچە تونۇش ئىدى ، ئەمما ئېسىگە ئالال-
مىدى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئويلىدى . شۇنچە تونۇش چىراي ،
پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ ، كىم بولغىيدى ؟

— كىندىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى قىرقىلمىغان قارا
پاخلاندىن ئۈچىنىڭ تېرىسى بىلەن ، كىندىكنىڭ تۆۋەن تەرى-
پىنى تۆت ئوغلاق تېرىسى بىلەن ، ئىككى قوللىرىنى ئىككى

ئوغلاق تېرىسى بىلەن يۆگەپ تېرىگە ئالدىم ئاكا. بەدەندىكى پۈتۈن ئىششىق، زەرداپنى ئالدۇ. تەر قۇرۇغاندىن كېيىن مىدىرلىسىلا، شامال تېگىپ قالسا بولمايدۇ.

خېنيا سايىت گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى شۇنچە كۈچەپ ئاچسىمۇ، ئاغزىغا زەھەردەك شور توپا كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ چىقىرالمىدى.

ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىسسىق سۇ تېمىتىلدى. ئۇ قېقىلىپ يۆتىلىپ يۈرۈپ ئاغزىغا تولۇپ قالغان قاننى تەستە تۈكۈردى. بۇرنىدىن بىر مۇنچە قان قەقەچلىرى چىقىپ، ئاغزى ـ بۇرنى، بوغۇزى يېنىكلەپ، دىماغلىرىدىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ، مېڭىسى خېلى سەگىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، يۇمشاق گەپ قىلىدىغان مېھرىبان ئادەمگە قايتا ـ قايتا ئۇزاق سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى.

— مېنى تونۇيالمايۋاتامىلا ـ ھە، بىچارە ئاكا. بەك چېچەن ئادەمتىلە، ياۋۇز ئورۇسلار شۇنچىۋالامۇ ئۇرغان بارمۇ ئەمدى. يەيدىغان رىسقىلىرى تۈگىمەپتىكەن. ئاللا دىلىمغا سالدىمۇ بېرىپ قاپتىمەن، سەل ھايالىلىشىپ بارغان بولسام ئۆلگۈرمەيدىكەنمەن. سىلىنى ئەكېلىپ ئاۋۋال كالا، قوي، ئۆچكىلەرنى قويماي سېغىپ، تەڭلىنى سۈتكە تولدۇرۇپ ئالتە ئاش پىششىم سۈتكە چىلىدىم، ئاندىن پاقلان، ئوغلاقلارنى سويۇپ تېرىگە ئالدىم. سۈت بىلەن تېرە تاياقنىڭ زەھرىنى ئالىدۇ. مانا ئەمدى ئوبدان بولۇپ قالدىلا.

— مەن ... مەن ... نە ... دە؟ ... بىلەلمىدىم ...

— سىلە ھازىر قالماق دۆڭدىكى راخمىناخۇن قالماقنىڭ ئۆيىدە ... مەن راخمىناخۇن. سەيشەنبە كەچتە ئەمدى خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ، جەيناماز ئۈستىدە كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتىكەن.

بالىلار يۈگۈرۈپ كىرىپ ئويغاتتى . هە ، نېمە بالا بولـدى دېـ
سەم ، « توقايلىق تەرەپتە ناهايىتى غول غوۋغا بولۇپ كەتتى ،
ئىتلار بەك قاۋاپ كەتتى » دېيىشىدۇ . « جىم ! ماكانىڭغا كىرىپ
يېتىش ، هازىر يېغىلىق بولۇۋاتقاندىن كېيىن ، توقايلىقتا چېـ
رىك كەلگەن ئوخشايدۇ ، هېچكىم تالاغا چىقمىسۇن » دېـ
دىم . خوتۇن ـ بالىلىرىم قورقۇپ جىم بولۇشتى . ئۇيقۇم قېچىپ
ئەنسىرەپ تۇرسام ، ئورۇسنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۆگزىنى تېشىـ
ۋەتكۈدەك ۋارقىراپ ئۇچۇپ يىراقلىدى . كېيىن توقايلىق تەرەپـ
تىن گۇمبۇرلىگەن ئاۋازلار توختىماي كەلدى . ئاخىر ئىچىمگە
ئەنسىزلىك چۈشۈپ ئىشىك ئالدىدىكى ئېگىز توغراققا چىقىپ
توقايلىق تەرەپكە سەگگىرەپ باقسام ، يانغىن ھەتتا بىر كۈنلۈك
يولدىكى بىزنىڭ قالماق دۆڭ تەۋەسىنىمۇ يورۇتۇۋېتىپتۇ . ئەنـ
سىرەپ بىر ئۇخلىمىدىم . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قارىسام توقايلىق
قاپقارا كۆلگە ئايلىنىپتۇ ، يىراقتا سىلىنىڭ قورۇقلا دەل ـ دەرىخى
بىلەن دوڭغىيىپ چىقىپ قاپتۇ . ھەر نېمە بولسا خۇداغا شۈكۈر ،
خېنيا سايىت باي تىنچلىق ئوخشايدۇ دېدىم . ھېلى بېرىپ هال
ئەھۋال سوراپ كېلەي دەپ بولغۇچە پېشىن بوپتۇ . ئەمدى ماـ
ڭاي دەپ تەمشىلىپ تۇرسام ، قورۇقتىنمۇ ئوت ـ ئىس كۆتۈـ
رۈلدى . كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ توختى بەگ بىلەن
تۇرغۇن قارىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئاتنى توقۇشقا ئۈلگۈرمەي ياـ
ۋىداق مىنىپ بېرىپ قارىساق ، مەھەللە ـ كوي ، دەل ـ دەرەخـ
لىرىڭلار كۆيۈپ تۈگىگەندە ئاران بېرىپتىمىز . سىلى بىر تۈپ
توغراققا قىپيالىڭاچ ئېسىقلىق تۇرۇپلا . سىلىنى ئاسماقتىن چۈـ
شۈرۈپ ئۇچامدىكى تونغا يۆگەپ تىڭشىسام تىنىقلىرى بار ئىـ
كەن . ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ كېچىنىڭ ياغى ئۇخلىماي ئەجىر ،
ئەمگەك قىلىشىدۇق ، ئاۋىلەن خۇدا ، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنىڭ

بەختى ـ تەلەيلىرى بار ئىكەن ، يەيدىغان رىسقلىرى بار ئىكەن ، ساقىيىپ قالدىلا ...

— رەھمەت راخمىناخۇن ، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن خۇدا سىلىگە مىلىڭ ياخشىلىق بەرگەي ...

خېنىيا سايىت بىر خىجىللىق ئىچىدە قالدى . « ۋاي خۇدايىم ، ما خىجالەتچىلىكنى كۆر ... چېرىكلەرنىڭ سىم قامچا قىيناقلىرىدىن بەتتەر قىينالدىم ئەمدى ، — دېگەن خىيال بىلەن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كۆزىنى يۇمدى ، — تەقدىرنىڭ چاقى ئۇيان چۆرگىلەپ ، بۇيان چۆرگىلەپ خېنىيا سايىتنىڭ جېنىنى راخمان قالماق قۇتقۇرۇۋالىدىغان كۈنگە قالغىنىمنى كۆر ئەمدى . مەندىن قانداق كىبىر ـ تەمەننا ئۆتتى ، ئاللا ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، ئەجەبمۇ تەڭلىكتە قالدىم ... مېنى بۇ ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئەمەس ، بىرەر ئىتنىڭ چىشى بىلەن قۇتقۇزغان بولساڭمۇ بۇنداق تەڭلىك ، خىجالەتچىلىككە قالمىغان بولار ئىدىم ... »

راخمان قالماقنىڭ بۇ دەرگاھقا پەيدا بولغىنىغا ئون يىلدەك بولغان بولۇپ ، ئۇ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئادەم بېرىشتىن قورقىدىغان ، ياۋا توڭگۇز مىغىلداپ كەتكەن قالماق دۆڭدە ماكانلاشقانىدى . ئۇ شۇ يەردە ياۋا توڭگۇز ، تۈلكە ، جەرەن ئوۋلاپ ، يۇرتقا ئوتۇن ئېلىپ كىرىپ سېتىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈردى . ئۇ قالماق دۆڭگە ماكانلاشقان بولغاچقا يۇرت ، مەھەللە ئۇنى راخمان قالماق دەپ ئاتىۋالغانىدى . ئۇ خەققە ھېلى خانئېرىقلىق دېسە ، يەنە بىرسىگە تېرىملىق دەپ راست گەپ قىلماي يۈرگەچكە ، خەق دەسلەپ ئۇنى يۇرت نەسەبىنىڭ ، تېگى ـ تەكتىنىڭ تايىنى يوق قالماق ئىكەن دەپ يۈردى . ئادەم ئاياغ باسمايدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ماكانىدا نېمە ئىش قىلىسەن ، دەپ سورىسا ، مەن يۇرتۇمدىن

كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يەپ ئادەملەردىن بىزار بولۇپ، يۇرتۇمدىن قېچىپ چىققانمەن، دەپ بىرمۇنچە يالغاننى توقۇيتتى.

ئادەملەرمۇ يامان، ئۇنداق دەپ، مۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئەسلىدە راست خانئېرىقلىق كالا ئوغرىسى ئىكەنلىكىنى، بىر قېتىم پەيزاۋات، قىزىل بۇيىدىن ئوتتۇز كالىنى ئوغرىلاپ، سېرىق بۇيىنىڭ بازىرىغا پايپاق كېيدۈرۈپ ئاپىرىپ ساتقاندا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، يۇرتتىكى ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىماي، مەكىت تەۋەسىگە قېچىپ كېلىپ، كېيىن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي تەكلىماكان توغراقلىقىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى قالماق دۆڭ دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلدى. باشتا يۇرتتىكىلەر مال ـ چارۋىسىنى باققىلى بېرىپ ھال كۈنى خېلى ئوبدان ئۆتكەنىدى، كېيىن خەقلەر مال ـ چارۋىسىنى ئۇنىڭغا باقتۇرمايدىغان بولدى. چۈنكى، مال ـ چارۋا ئۇنىڭ قولىدا ئايىنىمىدى، ھېلى بۆرە يەپ كەتتى، يىتىپ كەتتى، ئۆلۈپ كەتتى، دەپ مالنى يەۋېلىپ تېرىسىنى كۆرسىتىپ خەقنى ئالدىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يازدا بالىلىرى بىلەن ئوتۇنچىلىق قىلىپ، ئېشەكتە ئوتۇن توشۇپ مەكىت بازىرى، تۇمەنتال بازىرىدا ئوتۇن ساتتى. كۈزدىن باشلاپ تۈلكە، بۆرە، توشقان، جەرەن، قىرغاۋۇل ئوۋلاپ، مەھەللە بازارلىرىغا ئوۋ گۆشلىرى، تۈلكە، بۆرە تېرىسى ئاپىرىپ سېتىپ ھال كۈنى ئوبدانلا ياخشىلىنىپ خېلى مال ـ چارۋىلىق بولۇپ قالدى. مەكىت، يەكەن، مارالبېشى تەۋەسىدىن ئۇنىڭغا بۆرە ئوشۇقى بۇيرۇتىدىغانلار ناھايىتى جىق ئىدى. خەق بۆرە ئوشۇقىنى بوينىغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالسا، ئۆزىنى ھەرخىل بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، بۆرە ئوشۇقى ئادەمگە ئامەت، بەخت ـ تەلەي ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئەقىدە قىلىشاتتى. قىمارۋازلار قىمار ئوينىغاندا ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا بۆرە ئوشۇقى تېڭىپ ئوينايتتى،

مۇشۇنداق ئوينىسا كۆپ ئۇنتۇۋالاتتى . قىزلار بويىغا يەتكەندە ، باي ئائىلىلەر ئىزدەپ ــ سوراپ يۈرۈپ كۆپ پۇلغا بۆرە ئوشۇقى سېتىۋېلىپ ، قىزىمىزنىڭ بەختى ئېچىلسۇن دەپ بۆرە ئوشۇقىنى قىزلارنىڭ باغىردىقىغا تىكىپ بېرەتتى . مۇشۇنداق ئەقىدە بولغاچقا ، بۆرە ئوۋلايدىغان ئوۋچىلار كۆپىيىپ كېتىپ ، جاڭگاللاردا بۆرە نەسلى قۇرۇپ ، بۆرىنى كەمدىن كەم ئوۋلايدىغان بولدى . دەسلەپ بۆرىنىڭ بىر ئوشۇقى ئىككى چارەك بۇغدايغا سېتىلغان بولسا ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرىنىڭ بىر ئوشۇقى بىر تىللاغا چىقتى . راخمان قالماق كېيىنچە كېيىكنىڭ ، ئۆچكىنىڭ ، تۈلكىنىڭ ئوشۇقىنى بۆرە ئوشۇقىدەك قىلىپ ياساپ سېتىپ جىق پۇل تاپقانىدى . كېيىن خەق بىلىپ قېلىپ راخمان قالماقنى ئۇرۇپ پۇللىرىنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىم ــ بېرىم قىلمايدىغان بولدى . كېيىن راخمان قالماق توقايلىقتا بالىلىرى بىلەن تولا ئوغرىلىقتا كېلىپ خېنيا سايىتقا ئارام بەرمىدى . هە دېسىلا قويلارنى ، بىرەر يېرىم كالىنى ئوغرىلاپ قېچىپ كېتەتتى . خېنيا سايىت ئىز ــ ئىزلاپ يۈرۈپ راخمان قالماقنى تۆت قېتىم تۇتۇۋالدى . تۆتىنچى قېتىمدا چىرايلىقچە گەپ قىلدى :

— يەيدىغان نېمەڭلار تۈگىسە چىرايلىق دېسەڭلا ، مەن بەرسەم . بۇنداق قىلماڭلار ، هالال ياشاڭلار ، — دەپ بىر ئېشەك ، بىر ئات ، ئون بىر قوي ، سەككىز چارەك قوناق ، بەش چارەك بۇغداي بېرىپ يولغا سالدى .

راخمان قالماق جاهاندىكى هەممە تاتلىق ياغلىما ، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ۋەدە بېرىپ كەتتى . ئۇ يىلدىن ــ يىلغا بېيىپ خېلى مال ــ ۋارانلىق بولۇپ قالدى ، ئەمما قولى ئەگرىلىكنى زادىلا تاشلىماي ، خېنيا سايىتنىڭ مال ــ چارۋىسىنى پات ــ پات ئوغرىلاپ تۇردى ، ئوغرىلىق جەريانىدا بىر مۇنچە

ئىتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خېنىيا سايىت ئالتىنچى قېتىم تۇتۇۋالغاندا، بۇ قېتىم يەنە ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسام ئۆلۈك قولۇمنى چانىۋەتسىلە، دەپ ۋەدە بېرىپ تۇرۇۋالدى. ۋەدە بېرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا ئىككى ئاتنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالدى. خېنىيا سايىت بۇ يۈزى قېلىن، ئاغزى يۇمشاق ئادەمگە گەپ قىلغۇچىلىكى قالمىدى، دەپ گەپ قىلماستىن، ئۆلۈك قولىنىڭ بارمىقىنى جىگدە كۆتۈكىگە قويۇپ چانىۋېتىپ، ئاتلارنىمۇ بېرىۋېتىپ گەپ قىلماي كەتتى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ راخمان قالماقنى كۆرمىدى. راخمان قالماق قولى چانالغاندا ۋايجانلاپ يىغلاپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان خېنىيا سايىتنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ئوبدان خېنىيا سايىتكا، مەن كۆنۈپ قاپتىمەن. مەن ھازىر ئوغرىلىقنى يوقسۇزلۇقتىن ئەمەس، كۆنۈپ قالغانلىقتىن قىلىۋاتىمەن. بايلىقتا سىلىگە يەتمىسەممۇ خېلى مال ـ چارۋام بار... ئەمما، خۇمار بولۇپ قالغاندىن كېيىن پات ـ پات شۇنى قىلمىسام سەۋدايى بولۇپ قالىدىكەنمەن... بۇنىڭدىن كېيىن چىدىيالمىسام يەنە ئوغرىلايمەن، جىق ئالماي ئازراق ئېلىپ خۇمارىمنى بېسىۋالاي... بىرەر يېرىمنى مەن ئوغرىلىغانغا سىلىنىڭ مويلىرى تەۋرەپ قالماس... مەن چىدىيالمايدىكەنمەن...

خېنىيا سايىت چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قايتىپ كەلدى، قان توختىمىغان قولىنى چاترىقىغا قىسىۋېلىپ تولغىنىپ يۇمۇلاۋاتقان راخمان قالماقنىڭ كېسىلگەن بارمىقىنىڭ ئىزىغا قويىنىدىن ئايرىمايدىغان تۇخۇمدىن سەل چوڭ غول قاپاقتىن ئۈندەك يۇمشاق قارا قوناق پوخىقىنى تۆكۈپ چىڭ باستى. قان شۇ ھامان توختىدى. خېنىيا سايىت ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ قويۇپ كەتتى. باش ـ كۆزى قارا تەرگە چۆمگەن راخمان قال

ماق نوندىمەي جىم تۇردى .
شۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات بىرەر كالا ، بىرەر قوي يوقىلىپ تۇردى ، خېنيا سايىت بۇنىڭغا كۆز سالماي يۈرىۋەردى ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۆزى خىجىل بولاتتى . لېكىن ، يۈزى قېلىن ئادەم باشقا بولىدىكەن . بىر قېتىم چاتقاللىق ئىچىدە خېنيا سايىتنىڭ ئەمدىلا موزايلىغان بىر كالىسىنى ھەيدەپ ماڭغان يەردە خېنيا سايىت ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .
ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خېنيا سايىتكا ، ئوبدان تۇرۇۋا-تاملا ، ئەتىيازدا جاڭگالدا سۈت ـ قېتىق بولمىسا بولمايدىكەن ، سۈت قېتىقنى سىلىلا ئىچىۋەرمىسىلە ، بىزدەك مۇساپىرلارمۇ ئىچەيلى ، ـــ دەپ تاتلىق گەپ بىلەن ھىجايدى راخمان قالماق . خېنيا سايىت خىجىل بولۇپ ، ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالماي قالدى . ياﺋاللا ، يۈزى قېلىن ئادەم دېگەن ئاللا ياراتقان باشقا بىر ئىقلىمكەن ،نومۇس دېگەن نەرسە بولمىسا ياشىماق ئەجەبمۇ ئاسانكەن . ھازىر ئۇ ئوغرىمۇ ، مەنمۇ دېگۈم كېلىدۇ . ئۇ ئىزا تارتماي سالام قىلسا مېنىڭ نومۇس قىلغىنىمنى كۆرمەمدىغان .
ـــ سۈت ـ قېتىقنى ئىچ ، كالىنى سېتىۋېتىمە ھەم ئۆلتۈ-رۈۋېتمە ، بەك ئاقلىق ھەم ئايىغى يارىشىدىغان كالا . ئوبدان باق ...
خېنيا سايىت شۇ سۆزنى دېگۈچىمۇ ئۇنىڭ مۇلايىم كۈ-لۈمسىرەپ تۇرغان يۈزىگە قارىيالمىدى .
ـــ رەھمەت باي ئاكا ، ماڭا بىرنى بەرسىلە خۇدايىم سى-لىگە مىڭنى بېرەر ... ـــ دەپ يۇمشاق كۈلۈپ قالدى راخمان قال-ماق .
ـــ يا پەرۋەردىگارا ، ئەجەبمۇ قېنى بۇزۇق داپيۈز مەخ-

لـۇقكەنا . تووۋا دېدىم ، كۈلمىدىم ، كۆرمىدىم ، ئاڭلىمىدىم ، بۇنداق خۇي ـ پەيلىنى مېنىڭ پۇشتى ـ جەمەتىمگە بەرمىگەيـسەن .

خېنىيا سايىت شۇنداق دەپ كېتىپ قالغانىدى ...

× × ×

ـــ خېنىيا سايىتكا ، باللار كۆك كەپتەر باچكىسى پىشۇرۇپتۇ ، پاتراق مادارلىرىغا كېلىلا ، گۆشىنى يەپ ، سۈيىنى ئىچسىلە ... ـــ راخمان قالماقنىڭ يۇمشاق ، كۆيۈمچان تەلەپپۇزى خېـنىيا سايىتنى خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ۋايجانلاپ ئىزىغا ئولتۇردى .

ـــ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپتۇ ، مال ـ چارۋىلارنىڭ ھەممىنى چېرىكلەر ئېلىپ كېتىپتۇ . ئۇ يەرگە بارسىلا بىر ئاغرىقلىرى ئىككى بولۇپ ئىچىلىرى سىيرىلىدۇ . كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان توقايلىققا بېرىپ نېمە قىلىلا ، بارمىسىلا يا ئاتتا ئولتۇرالمايلا ، ئۇ يەردە ھېچنېمە قالماپتۇ ، ـــ دېدى راخمان قالماق چەكسىز كۆيۈنۈش بىلەن ، ـــ سىلىنىڭ بالا ـ چاقىغا خەۋەر سالغىلى ئوغلۇمنى يۇرتقا ماڭدۇردۇم ، خۇدا خالىسا ئەتە كېلىدۇ . سىلى ھېچ بولمىسا ئۈچ كۈن مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتسىلا ، بولمىسا ئۈزۈلۈپ قالىلا ...

ـــ ياق ... ياق ... ئاتتىنا ئولتۇرالمايمەن ، ھارۋاڭنى قوش ، ھارۋىدا ياتقۇزۇپ ئېلىپ بار ... مەن بارمىسام بولمايدۇ ...

ئات ـ ھارۋا تەييار بولۇپ كىگىز ئۈستىگە سەگاز كۆرپە ، تاۋار يوتقان سېلىنىپ خېنىيا سايىت ياتقۇزۇلدى . خېنىيا

سايىت راخمان قالماقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، سىڭا سۆڭگەچ يېتىپ هارۋىنى هەيدەپ توقايلىققا قاراپ ماڭدى . ئىس ـ تۈتەك بىلەن كۆلگە تولغان ئېگىز ـ پەس يولدا هارۋا هەربىر سىلكىنىسە خېنىيا سايىت بىر قېتىم ۋايساپ ، تووۋلاپ كېتەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۇخۇم بىلەن سىلاپ ، يۇمشاق ئاق خام بىلەن شاقىداپ تېڭىلغان ، ئۈستىدە كىچىك كەلسىمۇ راخمان قالماقنىڭ تونى ، بېشىدا راخمان قالماق كىيىشكە چىدى-ماي ساقلاۋاتقان قەشقەرنىڭ كەمچەت تۇمىقى بار ئىدى . قارا سايغا ئايلانغان توقايلىقنىڭ توشقان ئاياغ چىغىر يولىدا ئات شۇنچە تېز چاپسىمۇ ، خېنىيا سايىتقا ماڭمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى . قورۇققا ئاز قالغان بىر پاكار دۆڭگە يېقىن يەردە ، هارۋىنىڭ چاقى كاتاڭدىن قاڭقىپ قېقىلىپ كېتىپ چاق بىلەن ئوق بىراقلا سۇنۇپ ، ئات مۆدۈرۈپ تىزلىنىپ قالدى . خېنىيا سايىت ئاغرىق ئازابىدىن بىردەم قاقشاپ يۇمىلىغاندىن كېيىن ، ئاستا ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇردى ، پاچاقلىرىنى ئاچىماق توغراقتەك كېرىپ قوزغالدى ، زەكىرىدىن باشلانغان چىدىغۇسىز ئاغرىق مېڭىسىگە بىگىز تىققاندەك كىرىپ جېنىنى قاقشاتتى . ئۇ ئىككىنچى قە-دەمنى باسقاندا ئانچىۋالا ئاغرىپ كەتمىدى . قولى ئىششىق بول-سىمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالىدى ، ئەمما ئەپلەشمەيتتى .

ـــ ئاكا ، مەن بولمايدۇ دېسەم ئۇنىمايلا ...

ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان راخمان قالماقنى كۆرۈپ خېنىيا سايىتنىڭ جان ـ ئىمانى چىقتى ، ئەمما ئامالسىز قالغاندا ئۇنىڭ كەلگىنىگىمۇ خۇشال بولدى .

راخمان قالماق خېنىيا سايىتنى ئۆزى مىنىپ كەلگەن تو-قۇقلۇق ئاتقا مىندۈرۈپ ، ئۆزى هارۋىدىكى ئاتنى چىقىرىپ يا-ۋىداق مىنىپ قورۇققا يول ئالدى . خېنىيا سايىت دەسلەپ ئاتقا

مىنگەندە تىكەنلىك قوزۇققا ئولتۇرغاندەك ۋارقىراپ بىر ئۈنى ئاسمانغا ، بىر ئۈنى يەرگە كىرىپ كەتتى ، كېيىن كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئولتۇردى . سوكسوك بايتال ئۈنىڭ ئاغرىقىغا تېخىمۇ ئاغرىق قوشۇپ بىر ئاغرىقنى مىڭ قىلدى . ئۇ ئاران دېگەندە قورۇققا كەلدى .

كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان قورۇقنى كۆرۈپ خېنىيا سايىت بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئاغرىقنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇ پۈتكۈل نوقايلىق كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان چاغدا قورۇقنىڭلا قالغىنىغا خۇشالمۇ بولغانىدى ، ئەمما قورۇقنىڭمۇ كۆيۈپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى . راخمان قالماق ئۈنى پەم بىلەن ئاتتىق چۈشۈردى . خېنىيا سايىت قىينىلىپ پۇتلىرىنى كېرىپ ، پەملەپ مېڭىپ كۆيۈپ بولالماي چالا چۇچۇل بولغان توغراق شاخلىرىنى تەستە ئاتلاپ ، قوقاسلارغا دەسسەپ يوغان توغراقنىڭ كۆيۈپ ئادەم بويىچىلىك قالغان گەۋدىسىگە يېتىپ كەلدى . باداڭ توغراقنىڭ ھەممە يېرىدىن ھازىرمۇ سۇس ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . خېنىيا سايىت ئىششىپ كەتكەن قوللىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ .كۆل – قوقاسنى تاتىلاشقا كىرىشتى . قوقاس ئۈنىڭ قوللىرىنى ئانچە كۆيدۈرمىدى . راخمان قالماق كۆل – قوقاسلارنى ھەمساتتا تاتىلاپ چىقىرىپ بولدى . خېنىيا سايىت چالا كۆيگەن پور توۋاقنى پەم بىلەن تارتىۋىدى ، چالا قوقاسلار يوغان دائىرىدە سەل قومۇرۇلۇپ قوزغىلىپ يەنە ئىزىغا ئولتۇردى . راخمان قالماق بىرلا سىلكىپ پور توۋاقنى كۆتۈردى . يوغان كامار ئېچىلىپ ، ئىچىدىن دىماغنى يارىدىغان ئاچچىق ئىس كۆتۈرۈلدى . خېنىيا سايىت قاتتىق يۆتىلىپ ۋايساپ ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

گەمە ئىچىدە ئۈچ ئادەم كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتما بول-

غان ، مەيدىلىرىنى ، گەمە تاملىرىنى تاتىلىغان ، تارتىشقان ھا‐
لەتتە ياتاتتى . ئىككى چوڭ ياشلىق ئادەم ئوڭدىسىغا ياتاتتى ،
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ پۇلتىيىپ چانىقىدىن چىقىپ
كېتەي دەپ قالغان ، چىشلىرى كىرىشكەن ، ئېغىز ـ بۇرنىدىن
قان ساقىپ قېتىپ قالغانىدى . يۈزلىرى قاپقارا ئىستىن ئېسىلىپ
كەتكەنىدى . قوللىرى گەمە تېمىدىكى ساناقسىز توغراق يىلتىز‐
لىرىنى يۇلۇپ چىڭ سىقىمدىغان ، چىش ئاراشلىرىدىمۇ توغراق
يىلتىزى تۇراتتى . ياش بالا ئىچكىرى بۇلۇڭدا دۈم ياتاتتى .
— ئىس ئېلىپ كېتىپتۇ ، رەھمەتلىكلەرنى ، — دېدى
راخمان قالماق .
خېنيا سايىت ياش بالىنى ئوڭدا قىلدى . بالا بۇلۇڭدىكى
باش پاتقۇدەك يەرنى بىر غېرىچتىن ئوشۇقراق كولاپ ، يۈز ـ
كۆزىنى شۇ تۆشۈككە تىققانچە ياتقانىدى . ئورىچەكتىن سەل سۇ
چىقىپ ، ئاستى لايلىشىپ قالغان بولۇپ ، بالىنىڭ يۈزى ،
چىرايلىق ئاق داكا سەللىسىنىڭ پېشانىسى تەرەپ لاي يۇققاندىن
باشقا ھېچنېمە بولمىغانىدى . خېنيا سايىت ياش بالىنىڭ بەدىنى‐
نىڭ ئىسسىقلىقىنى ھەم قېتىپ تارتىشىپ قالمىغىنىنى كۆرۈپ
ۋارقىرىۋەتتى :
— يا پانا ، راخمان ، ماۋۇ ياش بالىنىڭ جېنى باردەك
قىلىدۇ ...
راخمان كېلىپلا بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى .
— راستكەن ، تومۇرى سوققۇۋاتىدۇ ، — راخمان قالماق
مۇشۇكتەك چاققانلىقتا بالىنى يۈدۈپ گەمىدىن ئېلىپ چىقتى .
خېنيا سايىت سۆرىلىپ ئارقىسىدىن چىقتى . ئۇلار بالىنى قورۇق
بويىدىكى ئېقىن سۇغا ئېلىپ كېلىپ سۇغا تاشلىدى . سەللىسىنى
ئېلىپ يۈزىدىكى لاينى يۇدى . سەللە ئېلىنىشى بىلەن تەڭلا ئۇ‐

زۇن ئىككى ئۆرۈمە چاچ چۇۋۇلۇپ چىقتى .

خېنىيا سايىت بىلەن راخمان قالماق بىر ـ بىرىگە چەكچىيىپ قارىدى . راخمان قالماق بالىنىڭ تونىنى يېشىپ ئىچىدىكى مەخمەل جىلىتكە كۆڭلەكنى يېشۋىدى ، بىر جۈپ ئالمىدەك كۆكسى كۆرۈندى . خېنىيا سايىت دەرھال يېپىۋەتتى .

— يائاللا ، قىز بالىكەن ، — دەۋەتتى راخمان قالماق .

ئۇلار قىزنىڭ يۇمران يۈزىگە قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى . قىزنىڭ قىياقتەك قاش ، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىك ، تاتارغان ، ئەمما جۇلالاپ تۇرغان توغاچتەك مەڭزى ، ھىم يۇمۇلغان گىلاستەك سۈزۈك لەۋلىرى رىۋايەتلەردىكى سۈزۈك سۇ ئۈستىدە خاتىرجەم ئۇيقۇدا ياتقان ھۆر ـ پەرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئىككى ئەر ھەيران قالغىنىدىن زۇۋانى تۇتۇلۇپ تۇرۇپ قېلىشتى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ، بىر چاغدا مۇزدەك سۇدا ئوڭدىسىغا لەيلەپ ياتقان قىز يېنىك ئىڭرىدى . ئىككى ئەر ئەندىكىپ ئېسىگە كېلىپ ، قىزنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ چىقتى ۋە خېنىيا سايىتنى ھارۋىدا ياتقۇزغاندا ئېلىۋالغان يوتقان ـ كۆرپىنى كۆل ئۈستىگە سېلىپ ياتقۇزدى . راخمان قالماق كۆل ئارىسىدىن خېنىيا سايىتنىڭ قاپقارا بولۇپ ماكچىيىپ كەتكەن چۆگۈنىنى تېپىپ كېلىپ ، ئوت يېقىپ چاي قايناتتى . كۆل ئارىسىدىن بىر پۇچۇق تاۋاقنى تېپىپ چايقاپ ، قىزنىڭ بېشىنى يۆلەپ ، قايناقسۇغا چىلانغان ماتادىن قىزنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى . قىزنىڭ لەۋلىرى قىمىرلىدى ، ئاندىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ، ئاستا ـ ئاستا ئۈزمەي ئىڭراشقا باشلىدى .

كۈن ئولتۇراغا يېقىن قىز تولۇق ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى ، ئەتراپقا چەكچىيىپ قارىۋېتىپ يەنە كۆزىنى يۇمدى . راخمان قالماق بەلۋېغىغا تۈگۈۋالغان زاغرىنى ئۇۋۇپ چۆگۈندە

قايىنتىپ ئۇماچ قىلدى. قىز پۇچۇق تاۋاقنا يېرىم ئۇماچنى ئىچىپ خېلىلا جانلىنىپ قالدى. يانغا ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ جىممىدە ياتتى. قورۇق ئەتراپىغا پادىدىن قاچقان ئۈچ كالا، يەتتە تۆگە، بەش ئات قاياقتىن كەلدىكىن پەيدا بولدى. بىر چاغدا سول ئارقا پۇتى يوق بىر تايغانمۇ ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ غىڭشىغان هالدا يېتىپ كەلدى. خېنىيا سايىت بۇلارغا قاراپ هاڭۋېقىپ، ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇغان هالدا ئولتۇرۇپ قالدى. هازىر ئۇنىڭ كاللىسى قۇرۇق، گاراڭ بولۇپ قالغانىدى.

— قورۇق كۆيۈپ، چارى - پايلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىلىمۇ، بەش تۇلۇم ئالتۇن بىلەن تولۇنئايدەك قىزغا ئېرىشتىلە، هېسابقا سۇندۇرغاندا يەنە ئۇتتۇرماپلا، — دېدى راخمان قالماق.

خېنىيا سايىت ئۈن - تىنسىز هالدا راخمان قالماققا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— هەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار، ئاكا. جاهاندىكى ئىشلارنى يالغۇز سىلىلا بىلمەيلا، مەنمۇ بىلىمەن. مەن سىلىنى ئۆزۈمچىلا بىكاردىن بىكار قۇتقۇزمىدىم، — دەپ ھېجىيىپ ئورنىدىن تۇردى راخمان قالماق.

— راخمان قالماق، — خېنىيا سايىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ خىرىنىكىدىن ئالماق بولدى، ئەمما ئورنىدىن تۇرغان هالەتتىمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل كەلگۈدەك مادار ئۇنىڭ يا بىلىكىدە، يا پاچاقلىرىدا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاستىنا ئۆتكۈدەك قىلىپ دېدى:

— نامەردلىك قىلما، هەممىمىز مۇسۇلمان. مەن بۇ ئامانەتنىڭ تېرىقتەك پۇچىقىنىمۇ چېقىلمايمەن. مېنىڭ مال - دۇنيارىم، قورۇق، چارۋا - ماللىرىمنىڭ زىيىنىنىمۇ هېسابلىمايمەن.

جېنىم تېنىمدە بولسا خەقنىڭ مال ـ چارۋىسىنى يۇرتۇمدىكى بىساتىم بىلەن ياندۇرغۇچىلىكىم بار . ھەر ئىككىمىز ئەل ـ يۇرتنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن توپىلانغان بۇ قىممەتلىك ئامانەتكە چېقىلمايلى . مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ئون يامبۇ بېرەي ، يەنە ئۆي ، بۇغدايدىكى قىرىق مو باغ ، قورۇ ـ جاي ، سەكسەن مو تېرىلغۇ يېرىمنىمۇ بېرەي ، نەپسىڭگە گول بولما ... جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان ، ئادەم مال ـ دۇنيا ئۈچۈنلا تۆرەلمەيدۇ ، مۇشۇ زېمىن بولسا ھەممىسى بولىدۇ ...

راخمان قالماق نىيىتىدىن ياندۇرغاندەك ئەمەس ئىدى .

— سەن مېنى نامەرد دېمە ، مەن نامەرد ئەمەس ، جاھان نامەرد . ھېلىقى ئاشۇ بايلىقىڭنى بېرىدىكەنسەن ، توپىلاڭچى قاچقۇنلارنىڭ بەش تۈلۈم ئالتۇننى بەرسەڭمۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن . ئۇلار ماڭا مەكتىنىڭ بەگلىكىنى بەرمەكچى ... كېيىن قەشقەرگە ۋالىي بولىمەن ، ئۇ چاغدا ئالتۇن ، يەر ـ زېمىن دېگەنلەر قانچىلىك ئۇيلىسام شۇنچىلىك بولىدۇ . ئەڭ مۇھىمى مېنى راخمان ئوغرى ، راخمان قالماق دەپ كۆزىگە ئىلماي يۇرتۇمغا پاتۇرمىغانلارغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى كۆرسەتمىگۈچە ئىچىم بوشىمايدۇ ، دەردىم چىقمايدۇ .

خېنيا سايىت ئورنىدىن تۇردى ، قىزمۇ قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى . راخمان قالماق قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ ئۈلگۈرگەندى . خېنيا سايىت بىلەن قىز ئۇزاق تۇرالمىدى ، مادارسىزلىقتىن يەنە ئولتۇرۇپ قالدى .

— بەش تۈلۈم ئالتۇننى ئاتقا ئارتىپ مېنى ساقلاپ تۇرغانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن ... ياخشىلىقچە ، چىرايلىقچە تۇرۇڭلار ...

خېنيا سايىت بىر ئىسقىرتىۋىدى ، ئۈچ پۇتلۇق تايغان

راخمان قالماققا ئېتىلدى . قالماق قىلىچىنى شىلتىپ ئىتنى يېقىن
يولاتمىدى . بىردەم ئىت بىلەن ئالدىغا ، كەينىگە دەسسەشكەن-
دىن كېيىن ، ئامالسىز ئىتىغا مىنىپ نامازشام قاراڭغۇسىدا ئىتىنى
چاپتۇرۇپ كۆن چىقىشقا چىپىپ كەتتى .
خېنيا سايىت بىلەن قىز ئۆمىلەپ ، دەلدۆگىنىپ دېگۈدەك
گەمىدىكى بەش تۆلۈمنى تەستە سۆرەپ چىقىپ ، قاڭقىپ كەل-
گەن ئىككى ئاتقا ئارتىپ بولغۇچە مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدى . گەمى-
دىكى شېپىتلەر بىلەن خوشلىشىپ ، تۆلۈم ئارتىلغان ئاتلارنى
ئېقىن ئىچى بىلەن ماڭغۇزۇپ ، ئات ئۆستىدە قىينىلىپ ، ئاران
دېگەندە ئېقىن دەرياغا قۇيۇلىدىغان ئېگىز يارداڭغا كەلدى . تۆ-
لۈملارنى چۈشۈرۈپ ، ئاتلارنى ، ئۈچ پۈتلۈق تايغاننى كەتكۈ-
زۈۋەتتى . ئېقىن سۇ دەرياغا شارقىراپ چۈشىدىغان ئۈچ غۇلاچ
ئېگىزلىكتە بولۇپ ، شارقىراتما تېمىغا ھەرخىل يىلتىزلار قاتمۇ-
قات مىنگىشىپ ، ئىككى گەز قېلىنلىقتا مەلەڭزە شەكىللىك
ساڭگىلىما تام ھاسىل قىلغان ، ئۇنىڭ ئارقىسى بىلەن يارداڭ
تېمى ئوتتۇرىسىدا ئۈچ غېرىچ بوشلۇق بار ئىدى . خېنيا سايىت
بۇلتۇر تۆلكە قوغلاپ ، مۇشۇ يەردىن تۆلكە ئۇۋىسى تاپقاندا
ھەيران قالغانىدى . سىرتتىن قارىغاندا سۇ سىرىلىپ چۈشىدى-
غان بۇ يارلىق يىلتىز تام بىلەن تۇپراق تام ئارىسىدا كاۋاك بار-
لىقى ئىنساننىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى .
ئىككى نىمجان بەش تۆلۈم ئالتۇننى مىڭ بىر ئازاب ئە-
چىدە سۆرۈلۈپ يۆرۈپ يىلتىز تام بىلەن توپا تام ئارىسىدىكى
چوڭقۇر تۆلكە ئۇۋىسىغا كۆمدى . ئۆزلىرى تامغا يۆلىنىپ يىلتىز
تامنىڭ ئارقىسىدا ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلار ئەمدى
ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا ساناقسىز مەشئەل توقايلىقنى يورۇتۇپ ،
جىمجىتلىق ئىچىدىكى كۆيۈك توقايلىقنى چېرىكلەرنىڭ غوۋ-

غاسى قاپلىدى. بۇ غوۋغا - ۋارقىراشلاردىن بۇ قېتىم راخمان قالماق باشلاپ كەلگەنلەر پۈتۈنلەي شىڭنىڭ چېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى ئىككى ئۆلەرمەن ياردار تۇيۇپ ئولتۇردى. ئاتلار ھەر تەرەپكە چاپتى. چېرىكلەر پۈتكۈل توقايلىقنى قېدىرىپ، كۆيگەن، چالا كۆيگەن دۆڭ، توغراق كۆتەكلىرى ئاستىنى كولاپ، كۆل ئاستىدا قالغان توقايلىقتا ساناقسىز ئازگال قېزىۋەتتى. گەمىدىكى ئىككى شېھىتنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ چىقىپ، قارنىنى يېرىپ ئۈچەي - باغرىدىن ئالتۇن ئىزدىدى.

چېرىكلەر توقايلىقنى ئۈچ كۈن قېزىپ كۆلنى كۆككە سورىدى. يۇرت - يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن ئىزچىلار يەر يۈزىدىن ھېچبىر ئىز تاپالمىدى، ئىككى نىمجان قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندەك ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم ئەقلىگە كەلتۈرەلمىدى. خېنيا سايىتنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يۇرتتىكى ھەممە ئادەملەرنى ھەيدەپ كېلىپ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان دالادا يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەتتى، ئەمما خېنيا سايىت، ئالتۇن، ھېلىقى قاچقۇن قىزدىن دېرەك بولمىدى. خەقلەر ئارىسىدا ئۇلارنى خىزىر ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، دېگەن رىۋايەت تارقالدى.

نىمجان قىز قوينىدىن بىر خالتا چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر سىقىم نان جىگدە چىقاردى. ئىككىيلەن ئون بىر كۈن يىلتىزلار ئارىسىدا نان جىگدە شۈمۈپ، ئاغزى قۇرۇسا يىلتىز چايناپ ئولتۇرۇشتى.

ئۈچ كۈن ئاختۇرۇپ ئىككى جەسەتتىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىغان شىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئوفىتسېرى راخمان قالماقنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ قارنىنى يېرىۋېتىپ، چېرىكلىرىنى ئېلىپ ئەلەم بىلەن كېتىپ قالدى. راخمان قالماق ئىچىنىشلىق ئىڭراپ كۆل

ئۈستىگە يىقىلدى ، ئۈچەي ــ باغرى كۆلگە مىلەندى . بۇ بىچارە
قارا نىيەتلىكلىكىدىن يا ئۆزىنى ، يا يۇرتىنى ، يا قوۋمىنى ، يا
ئۆزى يالاقچىلىق قىلغان خوجىسىنى رازى قىلالماي ، نەپسىنىڭ
كەينىدىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى .

× × ×

ساناقسىز يىلتىز بىر ــ بىرىگە مىنگىشىپ ھاسىل بولغان
يېرىم غۇلاچ قېلىنلىقتىكى تامنىڭ كەينىگە قۇياش نۇرى ئۆتكۈر
بىگىزدەك ئۆتۈپ ، يان كاۋىكى ئىككى غېرىچ ، كەڭلىكى ئۈچ
غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ياردىكى كاۋىكنى نامازشام ۋاقتىدىكىدەك
يورۇتۇپ تۇراتتى . توغراق ، يۇلغۇن ، جىگدە ، جىغان ، كۆۋ-
رۈك ، يانتاق ، سۆك ــ سۆك ، قومۇش ، يەنە ئىسمىنى بىلىپ
بولماس سانسىز ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزى يېڭى تۇغۇلغان سېرىق
مۇزاينىڭ يۇمران مويىدەك پارقىرايتتى . چېرىكلەر تىنماي ئاخ-
تۇرغان ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ ئىككى نىمجان ھەمراھلار گەپ قى-
لىش تۈگۈل چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي تۈگۈلۈپ ، بەزىدە
يېقىن ، بەزىدە غېرىچ ئارىلىق ساقلاپ ئۆز ھالى بىلەن يېتىشتى .
چېرىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ، باش ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئۇياق ــ
بۇياققا ئۆتتى . بەش ــ ئالتە چېرىك يىلتىز ئارىسىغا مىلتىق ئىش-
تىكىنى تىقىپ باقتى . پەرۋەردىگارنىڭ پاختا ئارىسىدا چوغنى
ساقلايدىغان ئاجايىپ ھېكمەتلىك قۇدرىتى بىلەن مىلتىق ئىش-
تىكى ، قىلىچ ئۇچى بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېلى تۇمشۇقى ، ھېلى
قۇلاق تۈۋى ، ھېلى يانپاش ــ قورساقلىرىدىن قىلدەك قالغاندا
تارتىپ كېتىلدى . مانا شۇ چاغدا بۇ ئىككى نىمجان موردىدەك

قېتىپ قېلىشاتتى. ئۇلار نان جىگدىنى كاپ ئېتىپ شۇمۇپ قورسافنى گوللايتتى، يىلتىزلارنى شۇمۇپ تەشنالىقنى قاندۇراتتى.

قىزغا تېزلا جان كىرىپ قالدى. خېنىيا سايىت بولسا ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېسىلغان هامان ئاغرىق ئازابىدا ئىڭرايتتى. ئىچ – ئىچىدىن چىققان ئاغرىق، پۈتۈن بەدەننىڭ كۆيۈشۈپ ئېچىشىشى، بولۇپمۇ هېلىقى جەينەكتەك چېرىك مىجىقلاپ ئېزىۋەتكەن تۇخۇم خالتىسى قاتتىق لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. زەكىرىدىن قان ئورنىغا يىرىك ئېقىپ ئىشتان ئېغىنى قاتۇرۇپ تارشىدەك قىلىۋەتكەنىدى. قاتتىق تارشا جان يېرىگە هەر قېتىم يېپىنىك تەگسە ياكى سۈركەلسە، شۇ يەردىن كىرگەن ئاغرىق ئۇدۇل بېرىپ مېڭىسىگە سانجىلىپ قاتتىق ئازابلايتتى. تۇخۇم شاقىداق قىلغان ماتاغا ئورالغان تېرىسى بىردەم ئوت ياققاندەك كۆيۈپ، بىردەم زەهەردەك ئېچىشىپ، بىردەم تاتلىق قىچىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى چېرىكلەر يوقىلىپ توقاي جىملىققا پاتقان ۋاقىتقىچە ئاران چىدىدى. قىز خېنىيا سايىتنىڭ ئازابىغا چىديالماي، لايداڭ تامنى تاتىلاپ ئۈچ كۈندە خېلى چوڭقۇر كاۋاك پەيدا قىلدى، قولىنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ قاناپ كەتتى...

چېرىكلەر جىمىققان هامان خېنىيا سايىت بوش گۇڭگۇرلىدى:

— سىزنى قىزىم دەيمۇ... خېنىم دەيمۇ؟

— ئۇنداق دېمەي گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ يا بولمىسا ئېتىمنىلا دەڭ. ئەمدى سىزدىن يوشۇرىدىغان يېرى قالمىدى، دادام ئەزان چىللاپ قويغان ئېتىم ئانارخان، — دېدى قىز گەپ سېغىنىپ ئاران تۇرغان هالدا قويۇق خوتەن تەلەپپۇزى بىلەن.

— پەقەت چىدىيالمىدىم، شاقىدىغان ماتانى ئېلىۋېتىڭا.

— ئۇنداق قىلساق زەي، سوغۇق گەمىدە سوغۇق ئۆتۈپ

يارا يېرىڭداپ يامان بولۇپ كېتىدۇ ، بەنە چىداڭ .
— ھېلىمۇ يېرىڭ جاپا قىلىۋاتىدۇ ... پەقەت چىدىيالمى-
دىم ، ئۆلۈپ كەتسەممۇ شاقىداقنى ئېلىۋېتىڭ ...
ئانارخان خېنيا سايىتنىڭ ناللىسىگە چىدىيالمىدى . ئۇ
ئاخىر بىر خەنجەرنى چىقىرىپ ، ئالدى بىلەن ئىككى بىلەكتىكى
جىگدە قوۋزىقىدەك داشماق بولۇپ كەتكەن ماتانى كەستى ، ماتا
قۇرۇپ قالغان تېرەك قوۋزىقىدەك سويۇلۇپ ، بىلەكنىڭ بىر قات
نېپىز تېرىسىنى سويۇپ چىقتى . زەھەردەك ئېچىشقان بولسىمۇ
لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان ، ئىششىغان ئېغىر قول دەرھال يەڭگىل-
لىدى .
— يائاللا يەڭگىللىدى ، قوللىرىم يەڭگىپ قالدى ، پات
بولۇڭ ، ھەممىنى يېرىۋېتىڭ .
ئۇستۇردەك خەنجەر ھەمساتنا بەدەندىكى تۆمۈر چاپاندەك
قاتتىق ماتا شاقىداقنى كېسىپ بوشاتتى . مورىغا چاپلىشىپ قال-
غاندەك سىقىلىپ تىنالماي قالغان خېنيا سايىت راستتىنلا يېنىك-
لەپ قالدى . بەدەندىكى ساناقسىز قامچا ئىزلىرى كۆكلەپ ئەت
ئۆرۈشكە باشلىغان ، يېڭى قىزىل تېرە ئۇستىدە سېرىق زەرداپ ،
ئۇ يەر - بۇ يەردە يېرىڭ شەلۋەرەپ قالغانىدى . ئانارخان پۈتۈن
دىققەت - ئېتىبارى بىلەن نازۇك ، كىچىك قوللىرىدا شىلىمشىق
زەرداپلارنى سىقىپ ، يۇمشاق خوتەن يىپەكىدىن كەشتە قىلغان
ياغلىقتا بەدەنلىرىنى سۈرتتى . زەھەردەك ئېچىشىپ ، نەشتەر
تىققاندەك ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ ، خېنيا سايىتقا ئانارخاننىڭ سى-
لىق ، ئىسسىق ، چاققان قوللىرى قورساق ، دۈمبىلىرىدە يېڭى
تۇغۇلغان يۇمشاق ، يۇمران ئاسلان مېڭىۋاتقاندەك شۇنداق يې-
قىملىق تۇيغۇ بەردى . قىز ئۇنىڭ كاداڭ قورساقلىرىنى ، قارا
ئوغلاقنىڭ تېرىسىنى چاپلىۋالغاندەك يۇڭلۇق مەيدىسىدىكى يۇ-

لىنىپ كەتكەن تۈكلەر ئارىسىدىكى يىرىڭلىق يارىلارنى سىققاندا ، زەرداپلارنى سۈرتكەندە دەسلەپ خىجىل بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى ...

ھەر يىلى كونا يىل ئۇزاپ يېڭى يىل باشلىنىدىغان — يىل ئۆرۈلگەن كېچىسى ئۇنىڭ تاغىل مۈشۈكى تام مەشىنىڭ يېنىدىكى ئوغلاق تېرىسىگە تۆت ، بەشنى ئاسلانلايتتى . ئاسلانلارنىڭ تۈكلىرى شۇنداق يۇمشاق ھەم ئىسسىق ئىدىكى ، پاختا ، تۆگىنىڭ تىۋىتىمۇ ئۇنداق يۇمشاق تۇيۇلمايتتى . ئاسلانلار يېرىم كېچىگىچە تام مەشىنىڭ يېنىدىكى ئۆچكە تېرىسى ئۈستىدە ئانىسىغا چاپلىشىپ ئۇخلايتتى . تۈن تەڭدىن ئاشقاندا مەشتىكى ئوت ئۆچۈپ ، ئۆي سوۋۇشقا باشلايتتى . بۇ چاغدا ئانا مۈشۈك ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن خېنىيا سايىتنىڭ يوتقىنىنى پەم بىلەن قايرىپ ئاسلانلىرىنى ئىسسىق يوتقانغا باشلاپ كىرەتتى . ئاسلانلار ئىسسىق يوتقاندا ئۇياق — بۇياققا سۈركىلىپ ماڭاتتى . ئاسلانلارنىڭ ئىسسىق ھەم يۇمشاق بەدىنى ، ئوتتەك يېقىملىق ئىسسىق تىنىقى چالا ئۇيقۇلۇق خېنىيا سايىتقا شۇنداق تاتلىق تېتاتتىكى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىق سېزىمدىن يايراپ كېتەتتى ... قىزنىڭ تىنىقلىرى ئۇنىڭ كاناي ، قولاق تۈۋى ، بوينى ، مەيدىسىدە كېپىنەك ئۇچقاندەك توختىماي ئەگىيتتى . ئاچ قورساق ، ئاچچىق تاياقنىڭ ئاغرىقى نەلەرگە كەتكەندۇر ، خېنىيا سايىتنىڭ ئىششىپ ، توختىماي يىرىڭ ئېقىۋاتقان جان يېرى بۇ ئىللىق مېھرىبانلىقنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ، قولىقى بىلەن ئاڭلىغاندەك بىرلا سىلكىنىپ خېنىيا سايىتنى تايچاق كىشنىگەندەك چىرقىرىتىۋەتتى ... ئانارخان قاتتىق چۆچۈپ توختاپ قالدى . ھەر ئىككىسى بىردەم جىممىدە بىر — بىرىگە تىكىلىشىپ قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى . قىز ھەم ھەيران ، ھەم

خىجىللىقتىن كىرپىكلىرى قايرىلىپ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چوڭ قارا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىرايلىق لېۋىنى گۈرۈچتەك چىشلىرىدا چىشلىدى. خېنىيا سايىتنىڭ كۆزلىرى چىرايلىق قىزغا مۇلۇندەك تىكىلگەن، قۇلاقلىرى سىرتتىكى تىۋىشقا سەگگىرىگەن، ئەس ـ يادى بىردەم قىزنىڭ ھۆسنىدە، بىردەم تالادىكى شەپىدە ئىدى. ئەتراپ تىمتاس، ئاندا ـ ساندا توقايلىق تەرەپتىن قاغىنىڭ قاقىلدىغىنى، تۈلكىنىڭ ھۇۋۇلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قىزمۇ خۇددى خېنىيا سايىتتەك كۆزى ئاغرىقتىن تارتىشىپ، كالپۇكلىرىنى چىشلىۋالغان خېنىيا سايىتتا، قۇلىقى سىرتتىكى شەپىدە ئىدى.

— خاپا بولماڭ، شۇنداق ئاۋايلىسامۇ يەنە ئاغرىتىپ سالدىم...

— ياق... ياق... ئۆزى... ئۆزىلام... ئەمدى بولدى قىلىڭ، — خېنىيا سايىت چەكسىز ئاغرىقتىن گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن ئاران چىقىرىپ شۇنداق دېدى. قىز خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرىنى تۇتۇپ بىردەم ئۈنسىز ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— مەن... غا... غازاتچى... بىزنىڭ تۈزۈمىمىزدە يىغلاشقا بولمايدۇ... ئۇزاق بولغان يىغلىمىغانىدىم... ئەمدى... بولالمىدىم... چىدىمىدىم...

— سىز دېگەن قىز بالا... قىز بالا دېگەن يىغلايدۇ، ئادەم ھەر قانچە چىڭ بولغان بىلەن ئۇنىڭ چىدايدىغان ئاخىرقى بىر چېكى بولىدۇ، چىدايدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتسە چىدايمەن دېمۇ چىداپ بولغىلى بولمايدۇ... — دەپ تەسەللى بەردى خېنىيا سايىت.

دەھشەتلىك بىر ئاغرىق بىلەن بىر مۇنچە قان ـ يىرىڭ ئېتىلدۇرۇپ چىقارغان جان يېرى يەنە شۇنداق تېز بېسىلىپ

قالدى. ئاغرىق خېلى ئۇزاقتا پەسكويغا چۈشتى، ئەمما بېسىلمىدى.

— ياپاللا، بالدۇرراق ئېلىۋەتكەن بولساق كاشكى، بارغانچە يېنىكلەۋاتىمەن.

— پاچاقتىكىنى ئېلىۋېتەي ئەمدى، تېخىمۇ ئاۋايلاپ ئالىمەن، ئاغرىتماسلىققا، سىلىق جۈندەشكە ۋەدە بېرەي... — قىز جانلىنىپ پىچىرلىدى.

— ياق... ياق... ئۇ يەرنى ئۆزۈم قىلىمەن. سىز قىز بالا، ھېلىمۇ بەك ھەددىمدىن ئېشىپ كەتتىم، ھەرقانچە بولسىمۇ ئەمدى بولار. بىز ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان، ھەر قانداق قاتتىق بالايى ـ بەتتەر ئاستىدا قالغاندىمۇ بىز مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى يادىمىزدىن چىقىرىۋەتسەك ئىمانىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىمىز.

— دېگەنلىرىڭىز ھەق گەپ. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش، ھۆرلۈكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ماللىرىمىزنى، جانلىرىمىزنى، ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزنى قۇربان بەردۇق. بىزنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك قۇربانلىقلىرىمىز ئىچىدە ئەلۋەتتە ئاشۇ قىممەتلىك يوسۇنلىرىمىزمۇ بار. بىز ئۆزىمىزنى، دىنىمىزنى، زېمىنىمىزنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا قۇربان قىلغان مۇسۇلمانچىلىق يوسۇنلىرىمىز ھازىرمۇ ئامالسىزلىقتىن قۇربان قىلىنسا ئوخشاشلا تۆھپە ـ ساۋاب، ئىبادەت بولىۋېرىدۇ. ئۆزىمىزنى، ئېتىقادىمىزنى، ئەركىنلىكىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ئاشۇ قىممەتلىك قۇربانلىقلار قاتارىدا شەرمى ھاياني، نامەھرەمنى قۇربان قىلساق ئەرزىيدۇ... بۇلارمۇ قۇربانلىقلار جۈملىسىدىن...

خېنىيا سايىت بۇ قىزنىڭ ئۇنچىۋالا سۆزلىيەلەيدىغانلىقىغا

ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ قاراپ قالدى .

قىز خېنىيا سايىتنىڭ ئىشتان بېغىغا ئېسىلىۋىدى ، خېنىيا سايىت چىلىق چاڭگاللاپ زادى ئۈنىمىدى :

— ھەر قانچە بولسىمۇ ... ئۆلسەممۇ ئۈنىمايمەن ... ئايانغا قاراپ تۇرۇڭ ، مەن ئۆزۈم قىلىمەن .

قىز ئامالسىز خەنجەرنى خېنىيا سايىتقا بېرىپ نېرىغا سۇ-رۇلۇپ قارا تونىنى خېنىيا سايىتقا يېپىندۇرۇپ قويدى . خېنىيا سا-يىت قېرى تورپاقتەك ئىنجىقلاپ ـ قاقشاپ ئىشتانىنى بىر ئاش پىشىمدا ئاران سالدى .

ئانارخان ئارقامدىن ماراپ تۇرمىسۇن ، دېگەندەك كەي-نىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ، خەنجەرنى ئېلىپ شاقىدالغان ماتانى نەدىن باشلاپ يارسام بولار دەپ ئويلاندى ، ئاخىر شاقىداقنى تىزىدىن باشلاپ يارماقچى بولۇپ خەنجەرنى سالدى . قولى جانسىزلىقتىن قولىشىپ بېرەلمىدى ، ئۇزاق ھەپىلىشىپ ھېچ قاملاشتۇرالمىدى .

— نىكاھ پەتىسى ئوقۇڭ ! ...

قىز ئارقىدا تۇرۇپ نىدا قىلدى . خېنىيا سايىت تېخىمۇ داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى . يۈرىكى ئۆپكىسى بىلەن پۇلاڭلاپ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك تىنالماي ھاسىرىدى ، ئۈندىمەي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى .

— بىز ئورۇس ھەم شىلىق چېرىكلىرىنىڭ قاتتىق باس-تۇرۇشى بىلەن قانلىق مەغلۇپ بولۇپ ، كاتتىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار غىچە قىرىلىپ ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتۇق ، ئەمما بىزنىڭ ئادەملىرىمىز يەنە بار . بىز يەنە كۈرەش قىلىمىز ... بىز قىرىلىپ تۈگىگۈچە ... ئاخىرقى نۇسرەت بىزگە كۈلۈپ قا-رىغۇچە ئۇرۇشىمىز . سىز پۈتكۈل يايلىقىڭىز ، مال ـ چارۋا ،

جەننەتتەك قورۇقىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز، جېنىڭىزنى دوغا تىكىپ بىزنى پاناھىڭىزغا ئالدىڭىز، قوغدىدىڭىز، زور بەدەل تۆلىدىڭىز. مەن ئەمدىلا ئون يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىز. مېنىڭ ئائىلەمدىكى دادام، ئانام، ئاكا – ئاچىلىرىم بولۇپ توققۇز جاننىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگەپ پەقەت مەنلا قالدىم. مەن كۈرىشىمىزنىڭ جەۋھەر ئامانىتى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئامانىتىمنى سىزدەك مەرد ئوغلانغا، بىزنى قوغدىغان باھادىرغا تەقدىم قىلدىم. مەن سىزگە خوتۇن بولۇشقا رازى، تەيەممۇم[1] بىلەن پەتە قىلىڭ، شۇ چاغدا مەن سىزنى تولۇق كۈتەلەيمەن، بىز نامەھرەم بولمايمىز.

قىزنىڭ جەڭگىۋار خىتابى خېنيا سايىتنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى ۋە ئىرادىسىنى ئويغاتتى. ئۇ توختاۋسىز ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئويغانغان سۆيگۈ غەليانىنىڭ تۈرتكىسىدە قىزنىڭ دېگىنىنى ياۋاشلىق بىلەن ئورۇندىدى:

— مەن خېنيا سايىت، باش – پاناھسىز قىز ئانارخاننى ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئۆزۈم ئىختىيار قىلىپ نىكاھىمغا ئالدىم. ئاللا ئۆزۈڭ قوبۇل ئەتكەيسەن، ئامىن.

— مەن ئانارخان، مېنى ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھىمايىسىگە ئالغان ھىماتچىم خېنيا سايىتقا ئۇ دۇنيا – بۇ دۇنيا رازىلىقىم بىلەن تەگدىم. ئاللا ئۆزۈڭ مەقبۇل كۆرگەيسەن.

ئانارخان بىر جىگدىنى چىقىرىپ يېرىمىنى خېنيا سايىتقا چىشلىتىپ، يېرىمىنى ئۆزى چىشلىدى. خېنيا سايىتنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ شەلۋەرەپ تۇرغان يارا يۈزلىرىگە ئانىسىنى تاپالماي ئېمەلمەي يۈرگەن قوزىدەك ئۇزاققىچە سۆيۈپ كەتتى. خېنيا سايىت ئاغرىققا چىدىماي قاقشاپ ۋارقىرىۋەتتى،

[1] تەيەممۇم — ئامالسىز شارائىتتا توپىدا ئالىدىغان تەرەت.

قىز ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى قويۇپ بەرمەستىن يەنە چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى.

قىز ئۇنىڭ جان يېرىنى پەم بىلەن سىقىپ نۇرغۇن قان - يىرىڭ، زەرداپنى چىقىرىۋەتتى. ئىششىپ نوگايدەك بولۇپ قالغان ئۇرۇقدانىنى ئاستا بېسىۋىدى، ئىششىق تاشتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خەنجەرنىڭ ئۇچىنى كىچىككىنە پاتۇرۇپ قويۇۋىدى، يىرىڭ سۈيدۈكتەك چاچراپ چىقتى. دەھشەتلىك ئاغرىق يىرىڭنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ پەسىيىشكە باشلىدى. خېنيا سايىت شۇئان ئۇھ دەپ ئىچىگە بىر تىنغانچە ئارام تېپىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئانارخاننىڭ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك بىر كۆچىيىپ، بىر پەسەيدى. ئانارخان بۇ بىچارە ئادەمگە قارىسىلا ئىچ - ئىچىدىن يىغا قاينايتتى.

خېنيا سايىت شۇ ئۇخلىغانچە ئەتىسى پېشىنغىچە ئويغانماي ئۇخلىدى. ئاندىن قىزىتىپ جۆيلۈشكە باشلىدى، تەرلىدى. ئانارخان ئۇنى ئۇنىڭ، ئۆزىنىڭ بارلىق تاشقى كىيىمى بىلەن يۆگىگەندىن باشقا، بىردەم دۈمبىسىنى قۇچاقلاپ، بىردەم ئالدى تەرەپتىن باغرىغا چىڭ بېسىپ خۇداغا نالە قىلىپ ئامانلىق تىلىدى.

شۇ كۈنى خېنيا سايىتنىڭ چوڭ - كىچىك خوتۇن، بالىلىرى، تۇغقانلىرى قاتتىق ئىزدەپ ۋارقىراشتى، يىغا - زارە قىلدى. ئۇلار ياتقان يارلىق يېنىغىمۇ قانچە ئادەملەر كەلدى. بۇنى قىز تۇيۇپ تۇردى، ئەمما خېنيا سايىت بىلمىدى.

كىمدۇر بىر ئەر:

— خېنيا سايىتكامزە، قارا قاشلىق چىرايلىق قىز بىلەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ يۇرت، بالا - چاقا، تۇغقان، ئۆزى جېنىدىن

ئەتىۋار كۆرىدىغان توقايىنى ناشلاپ قېچىپتۇ ــ دە ، ــ دېدى ھەسرەت بىلەن .

ــ بەش تۇلۇم ئالتۇننى تۇگگانغىمۇ ، ئورۇسقىمۇ ، شىلڭ چېرىكلىرىگىمۇ تارتقۇزۇپ قويمىغان قارىقاشلىق جادۇگەر قىز ، بىزنىڭ خېنىيا سايىتقا تۇتقۇزۇپ قويارمىدى ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان گەپ ...

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاتايىن ئانارخاننى ئاڭلىسۇن دەپ ئېيتىلىۋاتقاندەك ئىدى . بەشىنچى كۈنى دەريا بويى ، توقايلىق يەنە تىنجىمىدى . خېنىيا سايىتمۇ خېلى ئوڭشىلىپ جانلىنىپ قالدى . ئۇلار ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق ھال ــ مۇڭ بولۇشتى ...

× × ×

ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە يار بېشىدىن ئىتنىڭ ھۇۋلاپ قاۋىغان ئاۋازى كەلدى . ئىككىسى دىققەتتە بولۇپ شەپىگە قۇلاق سالغاندى ، ھېچبىر غەلىتە شەپە ئاڭلانمىدى ، پەقەت خېنىيا سايىتنىڭ ئىتىلا پىسىلداپ ، بىردەم ھۇۋلاپ يىغلايتتى . يىراق ــ يىراقلاردىن ئىتنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى تاماشا قىلغاندەك تولكە قاۋىدى . تېخىمۇ يىراقتىن بۆرە كۈچىكىنىڭ ئېچىرقاپ يىغلىشى ئاڭلاندى .

خېنىيا سايىت ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ، خۇددى ئىتنىڭ پىسىلداپ ئىسقىرتقىنىدەك ئىسقىرتتى . ئىت ياردىن غىڭشىپ تەستە سىرىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆك كۆزى ئالماستەك چاقناپ يىلتىز تام ئاراشلىرىدىن كۆرۈندى . ئىت ئۇزاق تىمىسقىلاپ پۇراپ يەنە پىسىلدىدى . خېنىيا سايىت يات

شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، يەنە ئىتقا ئوخشاش پىسىلداپ ئىسقىرتتى ھەم يىلتىزنىڭ قورۇق يان تېمىدىن كىچىك يوچۇق ئاچتى. ئىت ئاستا كىردى. ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر نەرسە چىشلەكلىك ئىدى. خېنىيا سايىت سىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن بىر زاغرا نانلىقىنى بىلىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ سىلاشتۇرۇپ ئىتنىڭ ئۈچ پۇتلۇق ئالا پوكان تايغان ئىكەنلىكىنى بىلدى. ناندا ئىتنىڭ شالى، بىرئاز ئىت پۇرىقى بولسىمۇ، ئانارخان بىلەن ئىككىسىگە قەنتتەك تېتىدى. ئىت ئۇزاققىچە غىڭشىپ خېنىيا سايىتقا سۈركىلىپ ياتقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىر توشقاننى چىشلەپ كەلدى.

— بىز بۇنى پىشۇرالمايمىز ۋاپادارىم، ئۆزۈڭ يېگىن...

ئىت خىجىل بولغاندەك ئۇزاققىچە جىمىپ يېتىپ توشقاننى چىشلەپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى يېرىم كېچىدە بىر بوخچىنى چىشلەپ كۆتۈرۈپ كەلدى. خېنىيا سايىت سىلاشتۇرۇپ بېشىۋىدى، ئىچىدىن ئىككى قاتلىما، يەتتە پىششىق تۇخۇم، يوغان بىر ساپ ئۆزۈم چىقتى.

— بىچارە، يۇرتقا بېرىپ دەڭدە ياتقان مۇساپىرنىڭ بوخچىسىنى ئوغرىلاپسەن ـ ھە، ئاللا كەچۈرەر...

شۇنداق قىلىپ ئون بىر كۈنگىچە ئىت ئۇلارنى باقتى. بىر جۈپ نىمجان ھەمراھ ئەمدى خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالدى. ئون بىرىنچى كۈنى كېچىدە ئىتقا ئەگىشىپ خېنىيا سايىتنىڭ جەدە ئېتى پەيدا بولدى. خېنىيا سايىت ئاتنى پەم بىلەن دەريا ئىچىگە چۈشۈرۈپ، بەش تۇلۇم تىللانى ئاتقا ئارتىپ، ئانارخاننى ئارقىغا مىنگەشتۈردى، ئاتنىڭ تۇيىقىغا لاتا پايپاق يۆگەپ، دەريا ئىچى بىلەن دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنىغا قاراپ يول ئالدى. ئۈچ پۇتلۇق تايغان ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى.

تـورغاي سايرىغان مەھەللىدە ئۇلار مارالبېشى تەۋەسىـ
دىكى چىتلىق دېگەن غورا توغراقلىقىغا يېتىۋالدى . ئۇ يەردە
كۈندۈزى ئۇخلاپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن توغراقلىقنىڭ تېـ
خىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ داڭقان چۆلى ئەتراپىغا كەلدى . ئۇ
يەردە بىر قانچە كۈن ئارام ئالدى . بىر جەرەننى چۈماغداپ سو-
قۇۋېلىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى . خېنىيا سايىت شۇ كېچىسى
تۈنجى قېتىم ئانارخان بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق بوسۇغىسىدىن
ئاتلاپ ئانارخاننىڭ ئەيىبكىنى چاقتى . ئۇلار يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ
تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ـــ ئۈچ مىڭ
يىللىق توغراقلىقتىكى ئەختەمباينىڭ مورىسى دېگەن يەرگە
كەلدى . بۇ يەردىن بىر كۈن ماڭسا تەكلىماكاندىكى قەدىمىي
خارابىلىك قاراساي شەھىرىگە يېتىپ باراتتى . ئۇلار بەش تۇلۇم
تىللانى ئەختەمباينىڭ مورىسىدىكى ئېگىز قۇملۇق چوققىدىكى
بىر قەبرىگە كۆمۈلگەن سىرىق چاچلىق بىر سەركەردىنىڭ يېـ
نىدىكى كونا گىلەمگە يۆگەپ جەسەت ئاستىغا كۆمدى . ئۆز-
لىرى دەريا بويىغا يېقىن يەردە گەمە كولاپ ئوۋچىلىق قىلىپ
جان باقتى . قىش مانا شۇنداق جاپالىق ، ئەمما تاتلىق ئۆتتى .
نـورۇز كۈنى خېنىيا سايىت بۇغا قوغلاپ ئىچكىرىلەپ
گـەمىسىدىن يىراقلاپ كەتتى . ئېزىپ قېلىپ ئەتىسى چاشكا بىـ
لـەن گەمىگە قايتىپ كەلدى . گەمىدە ۋە ئەتراپىدا ئانارخان
كـۆرۈنمەيتتى . خېنىيا سايىتنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشتى .
گەمىدىكى جەرەن تېرىسى جايناماز ئۈستىدە ئانارخاننىڭ ئاق
يېپەك ياغلىقى ئوچۇق تۇراتتى . ياغلىققا قان بىلەن يېزىلغان
خـەتلەر بار ئىدى . خېنىيا سايىت خەت بىلمىسىمۇ بۇنىڭ جۇدا-
لىقتىن دېرەك بەرگىنىنى سېزىپ قارا تەرگە چۆمۈپ ، ھېرىپ
ئاران كـەلگەن ئېتىنى قامچىلاپ ھەر تەرەپكە چاپتۇردى . ئانار-

خان پىيادە كەتكەندى . ئۇنىڭ ئىزى ئۇزاققا بارمايلا يوقىلىپ كۆچۈپ تۇرىدىغان قۇملۇقتا بىلىنمەي قالدى . ئۇ يېپەك قول ياغلىقنى قوينىغا سېلىپ پات ـ پات ھۆكرەپ يىغلايتتى . ئاخىر ئەختەمباينىڭ مورىسىدىكى قەبرە جايلاشقان ئېگىز قۇمغا كەلدى . قەبرە بۇرۇنقىدەك ھالەتتە بولۇپ ، ئۇ يەردە ئانارخاننىڭ ھېچقانداق ئىزى كۆرۈنمىدى . ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىزدەپ تاپالماي ئاخىر توغراقلىق ئارىلاپ ئاقساق مارال بازىرىغا كەلدى ، بىر قېرى موللىنى تېپىپ ئوۋۇلغان بۇغىنى بېرىپ قول ياغلىقتىكى خەتنى ئوقۇتتى ، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى : « مەن قەسەم بەرگەن ئىشىمنى داۋام ئېتىش ئۈچۈن يارەنلىرىمنى ئىزدەپ كەتتىم . بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق ئىش . ئامانەتنى ئوبدان ساقلاڭ ، ئاللا خالىسا بىر كۈنى يارەنلىرىم بىلەن قايتىپ كېلىپ ئامانەتنى سىزدىن تاپشۇرۇۋالىمىز . مەن شۇ چاغدىلا ئامانلىق تاپىمەن ، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا يۈزۈم يورۇق بولىدۇ . بىزنى ساقلاڭ .

ئانارخان . »

خېنىيا سايىتنى قارا تەر بېسىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئاقساق مارال بازىرىدىن توغراقلىق ئارىسى بىلەن مېڭىپ ئەختەمباينىڭ مورىسىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمىدى . يىغلا ـ يىغلا ھەپتە ئۆتتى . بىر ھەپتىدىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئاتلىق ، پىيادە ئادەملەر خېنىيا سايىتنى ئىزدەپ تېپىپ بەش تۇلۇم ئالتۇننى ئېلىۋالىمىز دېيىشىپ توغراقلىقتا چېكەتكىدەك يېغىپ كەتتى .

خېنىيا سايىت ئېگىز قۇم چوققىسىدىكى سەركەردىنىڭ قەبرىسىنى تۈزلەپ قۇمغا باستۇرۇۋېتىپ ، ئەختەمباينىڭ مورىسىدىن ئاچچىق قۇدۇق تەرەپتىكى تېخىمۇ قويۇق توغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى . ئادەملەر خېنىيا سايىتنى تاپالماي

ئۆمىدسىز قايتىپ كېتىشىپ ھەسرەت بىلەن جىم بولۇشتى.

ئاي ئۆتتى، يىل ئۆتتى، ئانارخان قايتىپ كەلمىدى. خېنىيا سايىت ئەختەمباينىڭ مورىسى ئەتراپىغا پات ـ پات كېلىپ، ئېگىز قۇم چوققىسىنى ئايلىنىپ ئاچچىق قۇدۇققا يەنە قايتىپ كېتەتتى. ئۇ مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، قاراقاش تەۋەسىگە ئىككى قېتىم يوشۇرۇنچە بېرىپ، ئانارخاننىڭ ھېچيەردىن ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى. مەكىتتىكى خەق يەنىلا خېنىيا سايىتنى تاپساق باي بولاتتۇق، دېگەن كويدا ئىدى. خېنىيا سايىت بەش تۇلۇم تىللانى خەققە ئۆلەشتۇرۇپ بېرىۋېتىپ يۇرتۇمدا ئامان خۇدا ياشايمۇ، دەپمۇ ئويلىدى. ئەمما، بۇ ئادەتتىكى ئامانەت بولماستىن، ئانارخاننىڭ ھەق يولىدا جان بەرگەن مىڭلىغان سەپداشلىرىنىڭ مۇقەددەس ئامانىتى، مۇقەددەس زېمىننىڭ ئامانىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇ تەكلىماكان جاڭگىلىدىكى مەڭگۈلۈك تۇغراقلاردەك ئانارخاننى مەڭگۈ ساقلاشقا قەسەمياد قىلدى. كېيىن ئۇ يۇرت ـ يۇرتتىكى سۇخەنچىلەرگە بۇغا ئوۋلاپ بېرىپ، خېنىيا سايىت خېنىيانىڭ جاڭگىلىدا ئۆلۈپتۇ، دېگەن يالغان گەپنى تارقاتتى.

# ئون بىرىنچى باب

چېرىكلەر يەكەننىڭ دۆڭباغ دېگەن يېرىگە چۈشكۈن قىلدى . شىڭ چېرىكلىرى ئىدرىسخان غوجامنىڭ بېغىغا ، ئو- رۇس ئەسكەرلىرى خوجىخان ئىشانىنىڭ سۆگەتلىكىگە ئو- رۇنلاشتى . يەكەن ئامبىلىنىڭ پەرمانىغا قۇلچىلىق كۆڭلىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئەجدادىدىن مىراس قالغان — زۇلۇم قىل- غۇچى ياتلارغا ئاشۇرۇپ غالچىلىق قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە ، ئاپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان بۇ ئىككى سوپى ئىشان خوجاي- ىندىن بەگلىك مەيىسىنى تەمە قىلىپ ، چېرىكلەرنى بەس - بەستە كۈتۈشكە تۇتۇندى . ئۇلار يۇرت - يۇرتلاردا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، قىرغىن قىلىپ كۆيدۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن ئو- رۇس ، شىڭ بىرلەشمە چېرىكلىرىگە ھاردۇق ئېشى قىلىپ كالا ، قويلارنى توپ - توپى بىلەن سويدى ، تاغار - تاغار گۈرۈچ ، ئۇن ، سېۋەت - سېۋەتلەردە ھەرخىل مېۋە ، قوغۇن - تاۋۇز دۆۋىلەپ باغلىرىغا خامان ياسىدى .

ئىدرىسخان غوجام ئوتتۇز يەرگە قازان ئېسىپ شورپا ، پولۇ ، مانتا تەييارلىدى . يۇرتتىكى ئاشپەز ، ناۋاي يېتىشمەي ، مەكىت ، مارالبېشى ، يەكەن شەھەرلىرىدىن ئاشپەز ، ناۋاي كەل- تۈرۈپ سامسا ، گۆشگىردە تەييارلاتتى . ئېچىرقاپ ، ھېرىپ ھا-

لىدىن كەتكەن چېرىكلەر جەننەتتەك باغدىكى خېمىردەك پىش-
قان پاخلان گۆشلىرى، يېغى ۋىژىلداپ ئېقىپ تۇرغان گۆش-
گىردە، سامسا، پەرمۇدە، موزاي گۆشىدە قىلغان مانتىلارنى ياۋا
چۈمىلىلەر توپى تاپنى يېگەندەك تازا يايراپ يەپ، قېنىپ
ئۇخلاپ مادارىغا كېلىشتى.

غوجىخان ئىشان تۆگە، كالا، قوي سويۇپ ئورۇس
ئەسكەرلىرىگە تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرت-
تىكى خەلققە ئالۋان سېلىپ مىڭدەك كەپتەرنى ئۆلتۈرۈپ پىشۇ-
رۇپ چېرىكلەرگە ئەكېلىۋىدى، ئورۇس ئوفىتسېرى يېنىدىن
قىلىچىنى چىقىرىپ ئىشانىنىڭ قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىغىلى تاس
قالدى. ئۇ رۇسچە ۋارقىراپ ــ جارقىراپ باغنى بېشىغا كىيدى.
ئىشان ئۆزىنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى بىلمەي، پۇت ــ
قولىدا جان قالماي تاتىرىپ ئىزىغا گۇپ قىلىپلا يىقىلىپ، ئىش-
تىنىغا چىقىرىۋەتتى. ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ هوشىدىن كەتتى.
بۇ هالنى كۆرۈپ رۇس ئوفىتسېرى بوشاپ قالدى ــ دە، بوشراق
بىر قانچىنى كولدىرلاپ چېدىرىغا كىردى. غوجىخان ئىشانىنىڭ
چاكارلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىشانىنىڭ
چوڭ ــ كىچىك خوتۇنلىرى، بالا ــ چاقىلىرى چۇرقىرىشىپ
يىغلاپ، ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، چىرايى سېسىغان شاپتۇلدەك
توپا ئەت بولۇپ بوزىرىپ كەتكەن بەگنىڭ بېشىدا هازا ئاچقىلى
تۇردى. بىر ئورۇس ئەسكەر كېلىپ بىر ۋارقىرىۋىدى، ئۇلار
قۇشقاچ ئۇۋۇسىغا سار كەلگەندەك تىنىشقىمۇ پېتىنالماي جىم بو-
لۇشتى. ئورۇس قولىدىكى جىگەررەڭ كۆن ساندۇقىدىن ئىشان
بالىلىرى كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئىشا-
نىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، كىچىك شىېشىدىكى سۇيۇق دورىنى
ئۇنىڭ كىرىشىپ قالغان چىشلىرى ئارىسىدىن قۇيدى. سارغۇچ

سۇيۇق دورا ئىشاننىڭ ئاغزىدىن ئېشىپ چار ساقاللىرىغا يامراپ
كەتتى . ئىشاننىڭ چوڭ خوتۇنى « بۇ سەت سېرىق مۇشۈك ئې-
رىمگە توڭگۇزنىڭ يېغىنى ئىچۈردىمۇ نېمە ، ئۇ ھارام ، ئىچۈر-
مەيمەن » دېمەكچى بولدى . بىراق ، ئۇرۇسنىڭ كۆك كۆزىدىكى
شۇملۇق يېغىپ تۇرغان سوغۇق نۇردىن قورقۇپ ئېغىز ئېچىشقا
پېتىنالمىدى . ئۇرۇس بىر نېمىلەرنى دەپ كولدىرلىۋىدى ، ھەم-
مىسى گاچىدەك زۇۋان سۈرەلــمــدى . ئىشانــنىڭ ئىشــتانــ
لىرى چوڭ - كىچىك تەرەتتىن بۇلغانغان ، ئۆيىنىڭ ئىچى نى-
جاسەتنىڭ پۇرىقىدىن تىنغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇرۇس
گەپ ئۇقتۇرالمىغىنىغا ئىچى پۇشۇپ ، يېنىشلاپ قاراپ قويۇپ
كۆن سومكىسىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇرۇس ئەس-
كەرلىرى كەپتەر گۆشىنى يېمىگەندىن كېيىن ، چاكارلار قازان
بىلەن كۆتۈرۈپ ئىدىرىسخان تۆرەمنىڭ بېغىدىكى شىلىڭ چىرىك-
لىرىگە ئاپىرىپ بېرىۋىدى ، سېسىق كېكىرىپ توقلۇق ئازابى
تارتىۋاتقان شىلىڭ چېرىكلىرى ، شاپاققا ئولاشقان چېۋىندەك يو-
پۇرۇلۇپ كېلىپ كەپتەرنىڭ نازۇك ئۇستىخانلىرىنى گۆشى بى-
لەن قوشۇپ چايناپ يەۋەتتى . بۇنى كۆرگەن ئىدىرىسخان تۆ-
رەمنىڭ غوجا ئىشانغا ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپ ، پۈتۈن يۇرتقا
قۇشقاچ تۇتۇشقا ئالۋان سالدى . غوجا ئىشان كەپتەر بىلەن مېھ-
مان قىلىپ مەندىن ياخشى بولماقچى بولسا ، مەن شىلىڭ دوبەڭ-
نىڭ پۈتۈن چېرىكلىرىنى قۇشقاچ گۆشىدە كۈتۈپ دوبەڭ ، ئام-
بالنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىمەن ، دەپ چوت سوقتى . غوجا
ئىشان كەچتە ھوشىغا كېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .
— بىلدىڭلارمۇ ، ئۇرۇس غوجامنىڭ پەيلى قانداقراق ، ئۇ
زاتى مۇبارەككە قانداق تەخسىرات كېتىپتىمىز ، — دېدى .
— تىلماچ بېگىمنىڭ دېيىشىچە ، ئۇرۇسلار كەپتەرنى

خۇدانىڭ زېمىنغا چۈشۈرگەن تىنچ ـ ئامانلىق ئەلچىسى دېيىدىكەن . كەپتەرنى ئۆلتۈرگەننى ، يېگەننى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىدىكەن . يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق ئادەم كەپتەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ ، يېمەيدۇ . سىلەر خۇدانىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگىنىڭلار ئۈچۈن ، خۇدا سىلەرنى جازالايدۇ ، دەپ بىزنى قارغاپتۇمىش . تاس قاپتۇ ئۇ سەت مايمۇن سىلىنى قىلىچ بىلەن چاپقىلى ، — دېدى ئىشاننىڭ چوڭ خوتۇنى ئېسەدەپ يىغلاپ .

— شۇ ئىشمىكەن ، ياللا ، نېمە تەخسىرات كەتكەندۇ مەن دەپ بىلەلمەي ئېلىشىپ قالاي دېدىم . ئورۇس غوجامنىڭ پەيلى يانغان بولسا تەزىم قىلىپ ئەپۇ سوراپ كۆڭلىنى ئېلىۋالاي .

غوجا ئىشان ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، چوڭ خوتۇنى توستى .

— تىلماچ بېگىمنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ سەت ئورۇسنىڭ سىلىنى كۆرەر كۆزى يوقمىش ، كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن دەپتۇمىش ، كۆرسىلا سەپرايى تۇتارمىش . بۇ بالا ـ قازالار ئەتە ـ ئۆگۈن يەكەنگە ياكى مارالبېشى تەرەپكە كېتەرمىش ، شۇنىڭغىچە ئۆزلىرى مىدىرلىماي ياتسىلا . بۇ سەت ئوغرى مۈشۈك ئورۇسلار بىزنىڭ باغقا چۈشكىچە شىلىڭ دوبەن غوجامنىڭ چېرىكلىرى چۈشكەن بولسا ئىگەكىم . دوبەن غوجامنىڭ چېرىكلىرى نېمە بەرسە شۇنى يەيدىكەن ھەم بۇ سەت ۋاپاسىز ئورۇسلاردەك قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن ، — دېدى چوڭ خېنىم مىشىلداپ يىغلاپ .

— زۇۋانىڭنى ئۈچۈر ! دوبەن غوجامنىڭ مېھمانلىرى بىزنىڭ مېھمانلىرىمىز . ھازىر گەپ ، ئورۇس غوجام بىزدىن خاپا بولۇپ كەتمىسە بولاتتى ، خاپا بولۇپ كەتتىمۇ ، كاللام ئامان

قالمايدۇ . مەن كۆرۈنمىسەممۇ بۇ غوجامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يولغا سالمىسام مېنىڭ بەگلىكىم تۈگۈل كاللام ئامان قال- مايدۇ .

— بۇ ئورۇسنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ھېلىقى قاراقاش- لىق غازاتچىلارنى تۇتۇش ، ئۇلارنى تۇتۇشتىكى مەقسەت ئال- تۇنلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بايلىق يىغىش ئىكەن .

— ھەببەللى خوتۇن ، ئەقلىڭگە بارىكاللا . بىر خۇرجۇن يامبۇ تەييارلاپ ، مەھەللىدىكى گادايلارنىڭ بالىلىرىدىن يەتتە - سەككىزنى تۇتۇپ ، سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن قاراقاشلىق غازاتچى ئوغرىلارنىڭ شېرىكلىرى مۇشۇ ، دەپ ئالدىغا ئاپارساق ، ئورۇس بېگىمنىڭ كۆڭلى خۇش بولىدىكەن . چاكارلار كەلسۇن ، ئوغرى تۇتۇشنىڭ ئېپىنى قىلايلى .

كەچتە يالڭاچلاپ باغلىنىپ ، ئاغزىغا لاتا تىقىلغان ئون بىر بالا غوجا ئىشان بەگنىڭ سۆگەتلىكىدە ئېسىپ قويۇلدى ، پۈتۈن يۇرتنىكى خالايىقنى يىغىپ ، خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا بىرلەشمە چېرىكلەر قىلىچ بىلەن ئۇلارنىڭ قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىدى ، ئاندىن كىرسىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتتى .

يۇرت جامائەت چوڭقۇر تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ، جەسەت- لەر ئېسىلغان قېرى سۆگەت قوشۇلۇپ كۆيۈپ تۈگىگۈچە بې- شىنى ئېگىشىپ جىم تۇرۇشتى . بالىلارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ سۆگەتكە ئاسقاندا غوجا ئىشان بەگ خالايىققا سۆزلىدى :

— ئىشتىمىدىم دېمەڭلار ، كىم ئەرسىكى بۇنىڭدىن كې- يىن مۇشۇ گەدەنكەشلەردەك قاراقاشلىق ئوغرىلارغا دوست تار- تىپ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ، مۇشۇ تۇزكور ، دىن ئاسىي- لىرى ، مۇناپىقلاردەك ، مۇقەددەس دىن ھامىيسى شىڭ دوبەن جانابلىرىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . شىڭ دوبەن

جانابلىرىنىڭ كۆچى يەتمەمدىكىن ، دەپ خىيالىڭلارنى خام چاغلىماڭلار ، دىن ئاسىيلىرىنى جازالاشتا شىلڭ دوبەن جانابلىرىنىڭ ئارقىسىدا تاغدەك يۆلەك بولغۇچى ئورۇس ھاكىمىيىتى بار . ئۇلار ئاسىيلارنى جازالاشتا ئاللانىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەندۇر ، — دەپ بىر ھازا سۆزلىدى .

كىمدۇر بىرسى خالايىق ئارىسىدىن :

— غوجامنىڭ ھەقتۇر ، پىرىمنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى ، — دەپ دوست تارتىپ ۋارقىرىدى . پۈتۈن خالايىق شۇ سۆزنى تەكرارلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ پىر ئۇستازىنىڭ ، يۇرت ئاتىسى ، باش پاناھىنىڭ پەرمانىغا قول باغلاپ تۇرۇپ پېقىرچىلىق قىلدى . توپ ئىچىدىكى سۆگەتكە باغلانغان ئاسىيلارنىڭ ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ پىرنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ بالىلىرىدىن ۋاز كەچكەن ، ھەتتا مۇشۇنداق بالىنى باققىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزىدىنمۇ ، بالىسىدىنمۇ نەپرەتلەنمەكتە ئىدى . غوجا ئىشان بەگنىڭ تۆھپىسى ئىدرىسخان تۆرەمنىڭ ھەسەت ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ دوبەنگە قوشىدىغان تۆھپە ئۈستىدە جىددىي ، قاتتىق باش قاتۇرغۇزدى ۋە ناماز بامداتتىن كېيىن شىلڭ دوبەننىڭ ئوفىتسېرىنىڭ ئالدىغا ئاشمانتا ، قىرغاۋۇل ، ئاق قۇشقاچ گۆشى كۆتۈرۈپ كىردى .

شىلڭ ئوفىتسېرى ئالدىغا قويۇلغان ئېسىل تائاملارغا ئالدىنقى كۈنىدىكىدەك ئېچىرقاش بىلەن ئەمەس ، مەنسىتمەسلىك ، خۇش ياقماسلىق بىلەن قاراپ قويدى . ئىدرىسخان تۆرەم بىردە ھورى چىقىپ تۇرغان تائاملارغا ، بىردە ئوفىتسېر غوجامغا قاراپ : « ھەي ، ھورى قاچقۇچە ئىسسىقىدا يېگەن بولسا تازا بەلەن بولاتتى ، سوغى ئېشىپ كېتىپتۇ باشلىق غوجامنىڭ » دەپ قول باغلاپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى . شىلڭ ئوفىتسېرى ئورنىدىن

ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تۇرۇپ قوللىرىنى كۇرۇك مېكىيانىنىڭ قانىتىدەك كېرىپ ئەسنىدى.

ئۇ مۇلازىم چېرىك قەلەي داستا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىسسىق سۇغا ئاق ماتانى چىلاپ يۈزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئالدىرىماستىن كېلىپ قىرغاۋۇلنىڭ پاچىقىنى قايرىپ، ئۇستىخاندىن يۇلۇپ ئاجرىتىپ، قاپىقىنى تۇرۇپ ئەزمىلىك بىلەن كۆشەشكە باشلىدى.

ئىدرىسخان تۆرەم بىلەن تەڭ قول باغلاپ تۇرغان ئوفىتسېرنىڭ تىلماچى تۆرەمگە كۆز قىسىپ قويدى. تۆرەم چەكەردىسىنىڭ قولىدىكى يېپەك داستىخاننى قولىغا ئېلىپ ئېگىلگەن هالدا ئوفىتسېرنىڭ ئالدىدىكى يېمەك داستىخنى بىلەن يانداشتۇرۇپ قويۇپ يېپەك داستىخاننى ئاۋايلاپ ئاچتى. تۇچ پەتنۇسقا مانتا تىزغاندەك تىزىلغان ئالتۇن يامبۇ مېنى كۆر دېگەندەك ۋاللىداپ پارقىراپ كەتتى. قېرى كالىدەك گۆش چايناۋاتقان ئوفىتسېرنىڭ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆزلىرى كېرىلىپ قىزىرىپ كەتتى، قاپاقلىرى ئېچىلدى. ئۇ ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناشنى ئۇنتۇپ، بىردەم پەتنۇستىكى يامبۇلارغا، بىردەم ئېگىلگىنىدىن يۈزلىرى كۆرۈنمەي قالغان ئىدرىسخان تۆرەمگە قاراپ لەززەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— كەمىنە قۇللىرى لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ تاپقىنىمنى ئۆزلىرىگە قويدۇم، كەمدە ـ كېرەمدە بولسىمۇ قوبۇل كۆرەلا.

تىلماچ ياغلىما تىللىرى بىلەن قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ ئۆرۈپ بەردى. ئوفىتسېر باش بارمىقىنى چىقىرىپ:

— تۇرە... غوجا... خو، — دېدى. ياغلىشىپ كەتكەن قوللىرىدا قاردەك ئاق يېپەك داستىخاننى يۆگەپ كۆن ساندۇقىغا سالدى ـ دە، ئىشتەيلىرى ئەمدى ئېچىلغان هالدا تاماقنى قايتىـ

دىن يىگەچ سۆزلىدى :

— تۆرە ... غوجا ... خو ... خو ... سەندە قانداق ... تەلەپ بار ... دە ... مەن ئورۇندايدۇ . دوبەن جانابلىرىغا مەلۇم قىلىپ سىنى پات ئارىدا مۇئاۋىن ئامباللىققا كۆتۈرگۈزىمەن .

ئوفىتسېر گەپىنىڭ بېشىنى ئۇيغۇرچە باشلاپ ، ئاخىرىنى ئۆز تىلىدا سۆزلەپ تىلماچقا ئىشارەت قىلدى . تىلماچ ئىلھاملىنىپ غوجىنىڭ گېپىنى پىلىموتتەك سايراپ ئۆرۈپ ئۈلگۈردى .

— رەھمەت غوجام ، ھەشقاللا ، رەھمەت چېرىكچى غوجام . ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى ، يۇرتقا قىلغان خەير - بەرىكەتلىرى ئۈچۈن پىرىم سىلىگە مەدەت قىلىپ دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغاي .

ئىدرىسخان تۆرەم ئوفىتسېرغا توختىماي تەزىم قىلىپ ئوفىتسېرنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى يۈزلىرىگە سۈۋاپ سۆيۈپ كەتتى . خۇشاللىق ياشلىرى چار ساقاللىرىغا سىڭىپ توختىماي تامچىلىدى . ئوفىتسېر تۆرەمنىڭ بېشى يەرگە تەگكۈدەك ھەر بىر ئېگىلىشىدىن سىدام ئېڭىكىنى سىلاپ كۈلەتتى ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە قىلغان سەجدىسىگە ھۇزۇرلىنىپ ماقۇللىغاندەك باش لىڭشىتاتتى .

ئىدرىسخان تۆرەم سەجدىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئوفىتسېرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئىلھامى بىلەن غوجا ئىشان بەگدىن ئېشىپ كېتىش ، مۇئاۋىن ئامبال بولۇش تەمەسىنىڭ تاتلىقلىقىدىن مەستخۇش بولدى ، ئۇ كۆڭلىدە غوجا ئىشان بەگنىڭ ئەخمەق ، دۆتلۈكىنى ، ئورۇسلارنىڭ شىلىڭ دوبەنگە توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ، يەكەندىكى ھەربىي ئايرودرومدىكى ئايروپىلانلىرىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىدىغان ئورۇسلارغا خوش - خوش قىلغانلىقىنى مەسخىرە قىلدى . ئو-

رۇسلار دېگەن شىلڭ دوبەنگە ياردەم بەرگىلى كىرگەن ، تو-
پىلاڭ تىنجىغاندىن كېيىن كېتىدۇ . جاھاننى ئورۇس ئەمەس ،
شىلڭ دوبەن بىلەن ماۋۇ چېرىكچى غوجاملار سورايدۇ . ئو-
رۇسلارنىڭ مەقسىتىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ يۇرت سوراش ئەمەس ،
يۇرتنى ئۆزىمىز سورايمىز دەپ ئاسمانغا مۇشت ئېتىپ يۇرگەن
چوماقچىلارنى دوبەن غوجامغا باستۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كې-
تىش . ئۇلۇغ بوۋام بىزلەرگە « ئېشەكنىڭ كۆتىگە ئاپتاپ
چۈشسە يۇزۇڭلارنى ئىسسىتىڭلار » دەپ ۋەسىيەت قىلغان . ئا-
كاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ ، دەپ سەن غوجا ئىشان ئورۇس-
نىڭ پېشىگە ئېسىلساڭ ، مەن شىلڭ دوبەننىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ،
سەندىن ئېشىپ كەتمىگىنىمنى كۆر قېنى . قايسىمىز مەنسەپنىڭ
كالىلىسىغا ئېرىشىدىكەنمىز كۆرىمىز تېخى .

— جانابىي ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغايكى ، — ئىدرىس-
خان تۆرەم قەددىنى سەل رۇسلاپ ، كۇلاسىنىڭ پەتلىسىنى
سىلاپ قويۇپ ، ئوفىتسېرنىڭ تاۋۇز ئورۇقىدەك كۆزلىرىگە تەمە
بىلەن تىكىلىپ روھلىنىپ سۆزلەپ كەتتى ، — بىزنىڭ بۇ خەق
قوتۇر ئېشەككە ئوخشايدۇ . سەل ئۇچىسى ئىسسىپ ، ھەلەپنى
ئوبدان يەپ ھاللىنىپ قالسا ، سىلى بىزدەك ئىگىسىگە پۇت ئېتىپ
بوي بەرمەيدۇ . مۇشۇ بىر قانچە يىلدا سەل بوش قويۇپ بېرى-
ۋىدۇق ، قورسقى تويۇپ ئۇچىسى ئىسسىنغانغا شۇكۇر دەپ ،
سىڭگەن نېنىنى يېمەي ، ھەدېسە ھۆكۇمەت ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى
كۆزگە ئىلمايدىغان ، گۇما ، قاراقاشتىكى چوماقچىلارنىڭ پىتنە ـ
پاساتلىرىغا دوست تارتىپ ، ھۆكۇمەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن
قول ئېتىپ پىرنىڭ ئەمرىنى تۇتماي ، غوجاملارنىڭ دۇئاسىنى
ئالمايدىغان پىركوپلاردىن [1]بولۇپ كەتتى ...

① پىركوپ — پىر ـ ئۇستازدىن يۇز ئۆرۈگۈچى .

تىلماچ ئىدرىسخان تۆرەمنىڭ ھاياجانلىق چېقىملىرىنى تاپنى تەڭ تالىشىپ يېگەن بىر ئوۋچىنىڭ ئىتلىرىدەك توختىماي تەڭ غىڭشىپ ئۆرۈپ بىرىپ تۇردى.

— شۇڭازە، بۇ ئېشەكلەرنى سىرىقتال قويۇپ، تاغارنى بېلى قىسماقتەك ئېگىلگۈچە ئارتىپ، قەرزگە كۆمۈپ قولىدا بىر نان، تۆت تەڭگە ئوشۇق تۇرمايدىغان، ئەتىگەنلىكىگە تاپسا كەچلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىلەن پىر غوجاملارنىڭ قولىغا قارايدىغان پېقىر - پۇقرا قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ. قولىدا تۆت تەڭگە ئېشىنىپ قالسا ھۆكۈمەتكە، پىر كامىللارغا ھاجىتى چۈشمەيدىغاندەك، ئۆزلىرىچە نوچىلىشىپ يۇرت سورىغۇسى، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولغۇسى كېلىپ گەدىنىنى قوپۇرىدۇ. شۇڭا، ھەر باب بىلەن بۇ گادايلارنىڭ قولىدىكى ئارتۇق تەڭگە، زىيادە چارىپايلارنى تارتىۋېلىپ، يېسە، ئىچسە، كىيىسە بىزنىڭ ئالىقىنىمىزغا بويۇن قىسىپ تەلمۈرىدىغان، بىز بەرسەك يەيدىغان، بەرمىسەك بىزگە ھاجەتمەن بولۇپ يالۋۇرىدىغان قىلمىساق، بۇ خەقنى قىنىدا تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. قورسىقى تويۇپ كەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ بىر يىلدا ئۈچەيىگە يىغىۋالغان چاۋا مايلىرى ئىچىنى قىزىتىپ ھۆكۈمەتكە، غوجا - ئىشانلارغا بوي بەرمىگەن بۇ خەقنىڭ يانچۇقىدىكىنى قاساپ ئاچچىق ئۈچەي سىرىغاندەك سىرىۋالساق، بىر تەرەپتىن جانابلىرى قولغا چۈشۈرەلمەي ئارماندا قالغان بەش تۈلۈم ئالتۇن يانلىرىغا چۈشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھاللىزى ئېتىپ تۇرالماي قالغان چوماقچىلارغا ئەگەشكەن خەق دېمى كېسىلىپ، سىلىگە ھاجەتمەن بولۇپ ياۋاشلايدۇ. شۇڭا، دەررۇ بۇ خەقنىڭ قولىدا بار - يوقنى ھەر سىياسەتلەر بىلەن ھاياللاشماي يىغىۋالماق زۆرۈردۇر. بۇ جانابلىرىغا قوش پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، خەق ھەم

جىمىقىدۇ ، ھەم يانچۇق تومىلىشىدۇ .

ئىدرىسخان تۆرىنىڭ بايانلىرى چىرىكچى جانابلىرىغا با-يىقى بىر پەتنۇس ئالتۇن - يامبۇدىنمۇ بەك ياقتى .

— خو ... سىز ... بەك يارايدۇ ، — چىرىكچى ئوفىتسېر باش بارمىقىنى چىقىرىپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ، گۆش ، ماي يۇقى قوللىرى بىلەن ئىدرىسخان تۆرەمنىڭ پارقىراق بەقەسەم تونلۇق مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى . ئىدرىسخان تۆرەم چەكسىز پەخىرلىنىپ ، يەنە بىر دەرىجە ئۆسكەندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى .

— سىز ... چوقۇم ... ئۆسىدۇ ... بۇ خەقتىن تارتىۋېلىش-نىڭ قانداق ئەپلىك چارىسى بار ، سىز بىلەمدۇ ؟ — ئوفىتسېر بارغانچە خۇشال بولۇپ قىزغىنلىشىپ ئىدرىسخان تۆرىنى قۇ-چاقلاپ ، ئۇيغۇرچىنى ئۆزى چالا بۇزۇپ سۆزلەپ مەقسىتىنى بىلدۈردى .

— بولمامدىغان ئالىيلىرى ، مەن ئاللىقاچان بۇ ئىشنىڭ ئورىسىنى پۈتتۈرۈپ ئۆزلىرىگە يازما مەكتۇپ تەييارلاپ قويغان . ئىشنى مۇشۇ بويىچە ئەپلىسەك قوش مەقسەت ئەلھازا مۇستاپا ھاسىل بولغۇسى .

ئىدرىسخان تۆرەم قوينىدىن يۆگەلگەن خوتەن قەغىزىنى چىقىرىپ ، بېشىدىن ئېگىز قىلىپ ئوفىتسېرغا قوش قوللاپ سۇندى . ئوفىتسېر تىلماچقا دەرھال ئۆرۈشكە پەرمان قىلدى .

× × ×

ئانارخان ئاقساق مارالغا كېلىپ تۈلكە ، قاما ، بۆرە ، جە-رەن تېرىلىرىنى تۇماقچىغا سېتىپ ، ئەسكى چاپان بازىرىدىن

قىرى مەزلۇملارنىڭ كونا تون ، ماتا تامبال ، سەگاز كۆڭلەك ، قارا تور رومالىدىن ئالدى ، رومالدا يۈزىنى يۆگەپ مىسكەردىن بىر ساپايىنى سېتىۋالدى ــ دە ، تىلەمچىلىك تۇرمۇشىنى باشلاپ ، ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ سېرىق بۇيا بازىرىغا كېلىپ مەھەللىمۇ مەھەللە ساپايە چېلىپ قەلەندەر ناخشىسىنى توۋلاپ تىلەمچىلىك قىلدى :

پاتىمەمنىڭ كۆڭلەكى ،
يەتمىش يەردە ياماقى .
باراي دېسە ئۆيى يوق ،
يول ئۈستىدە قوناقى .
مىنەي دېسە ئېتى يوق ،
ساپاي دېسە ئاياغى .
غېرىبلارغا ئاش يوقكەن ،
ئاش تاپقاندا قاچاسى .

ئانارخان قىرى مەزلۇملارچە مېڭىپ ، مومايلاردەك مۇڭلۇق دىۋانە ناخشىسىنى توۋلاپ ، ئۆي ــ ئۆيلەرگە كەلگەندە ، ئېچىلغان ئىشىكلەردىن پارچە نان كۆتۈرگەن باللار ، ئاياللار چىقىپ ناننى بېشىدىن ئۆرۈشەتتى ــ دە ، تىلەمچى ئايالغا بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىشەتتى . ئانارخان ھەربىر مەھەللىگە كېلىپ ساپايە بىلەن ناخشا توۋلىغاندا ، مەھەللە ئىتلىرى ئېتىلىپ چىقىپ قورشىۋېلىپ ، دەرغەزەپ بىلەن قاۋاپ ، ئانارخان تاكى مەھەللىدىن چىقىپ كەتكۈچە ئارقىسىدىن قاۋاپ ئەگىشىۋالاتتى . ئانارخان سېرىق بۇيا بازىرىدا ئىككى ھەپتە ئايلىنىپ تىلەمچىلىك قىلدى . بارمىغان مەھەللە ، قاقمىغان ئىشىك قالمىدى . بەزى كۈنلىرى ئۆيدە ئادەم بولمىسا ، ئەتىسى ، ئەتىسى بولمىسا تاكى

شۇ ئۆيدە ئادەم پەيدا بولغۇچە كوْن ئارىلاپ كېلىپ تىلەمچىلىك
قىلدى . ئۇنىڭ يارەنلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇلى تىلەمچى-
لىك قىلىش ، بەلگىسى قەلەندەر ناخشىسى ، ئۇچرىشىدىغان ئۆ-
تەڭلەرنىڭ بىرى سېرىق بوْيا ئىدى . ئانارخان سېرىق بوْيا با-
زىرىدىن ھالقىپ ئەتراپىنىكى سەھرا ، مەھەللە ، جاڭگاللاردىكى
پادىچىلارنىڭ قوتانلىرى ، خوْمدانچىلارنىڭ خوْمدانلىرىغىچە
باردى . ئادەم كەمدىن كەم ئاياغ باسىدىغان بوْقا پاتا تەرەپكە ـــ
دەريا بويىغا كەلگەندە نەشە چېكىدىغان بىر گاچىغا يولوْقوْپ
قالدى . بوْ گاچا ناھايىتىموْ يوغان ، قارا كەلگەن ، پېشى ئوت-
توْزلاردىن ئاشقان تەلۋە بىر نەرسە ئىدى .
ئانارخان چىڭقى چوْش مەزگىلىدە يىراقتىن ئوتلاپ
يوْرگەن قوي ، ئۆچكە ، كالا ۋە بىر قانچە ئېشەكنى كۆروْپ ، پادا
بار يەردە ئادەم بار ، دېگەن ئوْمىد بىلەن بارغانىدى . قويۇق
توغراقلار ئارىسىدىن ئۆتوْپ يوْلغۇن ، كۆك يانتاق ، ئاق يانتاق ،
توغراق شالاڭلاشقان دالاغا چىققاندا ، بىر توپ يوغان قاپاق تال
تۈۋىدە گەمە كۆروْندى . تورپاقتەك يوغىنىغان پادىچى ئىتلىرى-
دىن ئىككىسى يەۋېتىدىغاندەك ئېتىلىپ كەلدى . ئانارخان ئوْ-
زوْن قەلەندەر ھاسىسى بىلەن جاڭگالدا ئىگىسىدىن باشقا ئادەم
كۆرمەي ياۋايىلىشىپ كەتكەن غالجىر ئىتلارنى قوروْپ ئوْلگوْ-
رەلمەي قالدى . شۇ چاغدا گەمىدىن كالتە ئىشتاندىن باشقا ئوْ-
چىسىغا ھېچ نەرسە ئارتمىغان ، بېشىغا قارا سالۋا توْماق كىيگەن
قارا دارازا ئادەم چىقتى . ئۇنىڭ بىر قولىدا ئۇزوْن ساپلىق نەيزە ،
يەنە بىر قولىدا ئۇزوْن پادىچى قامچىسى بار ئىدى . قورقۇنچلۇق
قاپقارا تەلەتى غالجىر ئىتلىرىدىنمۇ سوْرلۇك ئىدى . ئانارخان قە-
لەندەر ناخشىسىنى دەرھال باشلىدى . ئىتلار تېخىمۇ ئەسەبىيلە-
شىپ قاۋىدى . پادىچى « ھا ... ھا ... قىغ ... قىغ » دەپ ۋارقى-

رىدى . ئىتلار ئىگىسىگە بويسۇنماي ئاپال كىشىنىڭ ناخشىسى
بىلەن ساپايىغا تېخىمۇ ئۆچەكەپ غالجىرلاشتى . گاچا گېپىنى
ئاڭلىمىغان ئىتلىرىنى قامچا بىلەن كېلىشتۇرۇپ نەچچىنى ئۇرۇ-
ۋىدى ، ئىتلار ئىگىسىگىمۇ غىڭشىپ قاۋاپ يۇلغۇنلار ئارىسىغا
قاچتى . ئەمما ، يىراقتا بارماي كاڭشىپ ئەلەم بىلەن يەنە
قاۋىدى .

گاچا ئوغلاق مەرىگەندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىشتىن
باشقا هېچ نەرسە دېيەلمەيتتى . غەلىتە ۋارقىراپ قوللىرىدا ئىشا-
رەت قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى . ئانارخان قورقۇش ئىچىدە
ئۇنى ، بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ دېدىمىكىن دەپ پەرەز قىل-
دى . گاچا قولىدىكى نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن « شارت » قىلىپلا
ئانارخاننىڭ بېشىدىكى چۈمبەلنى تارتىپ ئېلىۋەتتى . ئانارخان
تۇيۇقسىز « ۋاي جېنىم » دەپ ۋارقىراپ رومالغا ئېسىلدى . گاچا
نەيزە بىلەن رومالنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالدى . ئانارخاننىڭ ئايدەك
جامالى ، قىرىق كوكۇلىسىنى كۆرگەن گاچا هالىڭ قېتىپ بېشى-
دىكى سالۋا تۇمىقىنى ئېلىپ يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ قايتا قا-
رىدى . ئانارخان روملىنى ئالالمىغاندىكىن ، قوللىرى بىلەن يۈ-
زىنى يۆگىۋالدى . گاچا تۇمىقى بىلەن نەيزىنى چۆرۈۋېتىپ ئا-
نارخاننى بېلىدىن قۇچاقلاپلا كۆتۈرۈۋالدى . ئانارخان تېپچەك-
لىدى ، گاچا ئۇنى گەمسىگە ئەكىرىپلا بېسىۋالدى . ئانارخان
خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر گەۋدىدىن
قوللىرىنى تەستە سۇغۇرۇۋېلىپ ، خەنجەرنى كۈچىسىز ئۇردى .
گاچا توڭگۇزدەك چىرقىراپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . خەنجەر
گاچىنىڭ سۆڭكىچىگە ئۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇچى ئازراقلا پاتقا-
نىدى . ئانارخان سەكرەپ قوپۇپ خەنجەرنى يەنە بىر شىلتىپ
بولغۇچە ، گاچا ئانارخاننى پۇرلاپ ئۆچكە تېرىسى ئۆستىگە يەنە

بېسىۋالدى . قوللىرىنى قايرىپ خەنجەرنى ئېلىۋېلىپ مۇشت بې-
لەن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . ئانارخاننىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ-
لۇق تىقىلىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى ، پۇت ـ قوللىرى سىر-
قىراپ ئۆرە تۇرغۇدەك مادار قالمىدى . يىرىك ساقال ـ بۇرۇت
يۈزلىرىگە تېگەندەك سۈركىلىپ ، كۆيگەن زاغرا كۆمەچنىڭ پې-
يازلىق قېيمىسى پۇراپ تۇرىدىغان يات تىنىق ئۇنىڭ دىمىغىغا
ئۇرۇلدى . يېرىم سەزگۈسى سەگاز كۆڭلىكى ، ماتا تامبىلىنىڭ
قوپال تارتقۇشلاشتىن يىرتىلغانلىقىنى بىلدى . ئۇنىڭ بېشى قې-
يىپ پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتالىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى ...
خورازنىڭ چىللىشى ئانارخاننىڭ پۈتۈن سېزىمىنى
ئەسلىگە كەلتۈردى . بېشى چىڭقىلىپ لوقۇلداپ ئاغرىغاندىن
باشقا ، پۇت ـ قولىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرىمۇ تېلىپ ئاغرىيتتى .
ئەمما خېلى جان كىرىپ قالغانىدى . كۆزىنى ئېچىۋىدى ، كۆزى
زەھەردەك ئېچىشىپ بىگىز تىققاندەك قادىلىپ ئاغرىدى . قولىنى
ئاستا سىلاشتۇرۇپ يۈز ـ كۆزىنىڭ ئىششىغانلىقىنى بىلدى .
گەمە ئىچى قاراڭغۇ ، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بول-
مايتتى . گاچا يېنىدىلا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . ئانارخان
تامبىلىنىڭ لىپىزىنى سىلاشتۇرۇپ ، ئانىسى رەھمەتلىك : « قىز
بالىنىڭ بېشىغا ھەر بالا كېلىدۇ ، بۇ ھىندىستاننىڭ بىھۇش دو-
رىسى ، ئېپىنى تېپىپ بۇرنىغا پۇراتساڭ بالادىن قۇتۇلىسەن ،
ياخشى كۈنىڭ يامىنىدا جېنىڭغا ئەسقاتار » دەپ تىكىپ بەر-
گەن تۇمارنى ئالدى . ئىچىدىن چىمچىلاقتەك شىشىنىڭ ئاغزىنى
ئاۋايلاپ ئېچىپ گاچىنىڭ بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇراتتى . گاچا بىر
چۈشكۈرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئۇگدىسىغا تاشلىنىپ جىملا
ياتتى .
ئانارخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ساپال چىراغنى ياقتى .

ئاستىدىكى ئۆچكە تېرىسى ، ئانارخاننىڭ قوللىرى ، پاچاقلىرى ، سەگاز كۆكلەكمۇ ، تامبىلمۇ قان بولۇپ قېتىپ قالغانىدى . بۇ قانلار گاچىننىڭ سۆگىكىچىدىن چىققان قانلار ئىدى . ئانارخان تورۇستىكى ئۇزۇن قامچە بىلەن گاچىننىڭ پۇت ــ قوللىرىنى باغلاپ ، گەمىننىڭ ئالدىدا باغلاقلىق ئېشەكنى توقۇدى . ئىتلار كېچىننىڭ ئۇيقۇسىدا سوزۇلۇپ ياتقان جاڭگالنى بېشىغا كىيىپ بار ئاۋازى بىلەن قاۋىدى . گاچا قىمىرلىماي ياتاتتى . ئانارخان ئېشەكنى مىنىپ تۈن قاراڭغۇسىدا توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئىتلار بىردەم ئالدىغا ئۆتۈپ ، بىردەم ياندىن ، بىردەم ئارقىدىن ئەگىشىپ قاۋاپ ، ئانارخان دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ئەگەشتى .

باش ئەزان چىققان مەزگىلدە ئانارخان سېرىق بۇيا بازىرىغا ئۇلاشتى . ئۇ ئېشەكنى قانداق قىلاي دەپ تۇرۇشىغا چوڭ كوچىدا جىسەكچىننىڭ جاڭ ئۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئانارخان بىر دەڭنىڭ يان تېمىدا ئېشەكتىن چۈشۈپ ، ئېشەكنىڭ دالدىسىدىكى قاراڭغۇدا جىممىدە تۇرۇپ قۇلاق سالدى . ئۆي ــ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، تاڭ قاراڭغۇسىدا ئەرلەر مەسچىتكە مېڭىشتى ، دەڭنىڭ دەرۋازىسىمۇ غاچىلداپ ئېچىلىپ دەڭدە ياتقان يولۇچى ، چار بازارچى مۇساپىرلارمۇ مەسچىتكە مېڭىشتى . جاكارچى ئېشەك ھاڭرىغاندەك يۇقىرى ئاۋازدا جاكار توۋلاپ ماڭدى :

ــــ سېرىق بۇيىدىكى بارلىق خالايىق ، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ئامبال غوجامنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سېلىڭلار . ئاۋۋال ھېزى بولۇڭلار، كېيىن پۇشايمان يېمەڭلار . ئامبال غوجام ياخشى كۈن ، ياخشى سائەتتە ئاللا دىلىغا سېلىپ ، ئىمان بەرمىسمۇ ئىنساب بېرىپ ، دىللىرى ئېرىپ ،

مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ دىنىغا ھامىيلىق قىلىپ ، مۆمىنلەرگە ئاـ
ئىدارچىلىق قىلماقتا . بۇگۈندىن باشلاپ دىن ئاسىيلىرىنىڭ
مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇپ بالاغا ئىتتىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، پاك
ئېتىقادنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ، بارلىق خالايىققا مەسچىتكە
كىرىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىدۇ . مەسچىتكە كىرىدىغان ھەرـ
بىر ئادەم بىردىن مەسچىتتە ناماز ئوقۇش گۇۋاھنامىسى ئالىدۇ .
گۇۋاھنامە ھەققى ئۈچۈن چوڭ ئادەم بىر كالا ، ئون ئىككى ياشـ
تىن ئاشقان باللار بىردىن قوي تاپشۇرىدۇ . ناماز ئوقۇش
گۇۋاھنامىسى ئالماي ، مەسچىتكە كىرمەي ناماز ئوقۇيدىغانلار
ئىككىدىن كالا جەرىمانە تۆلەيدۇ . ئوغۇل بالا ئون ئىككى ياشـ
تىن ئاشقان بولسا ، قىز بالا توققۇز ياشتىن ئاشقان بولسا ، مۇشۇ
جاكار ئېلان قىلىنىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە گۇۋاھنامە ئالمىسا ئۈچ
قوي ياكى ئون بەش چارەك بۇغداي ، قىرىق تاغار سامان ، يۈز
باغ بېدە جەرىمانە تۆلەيدۇ . جەرىمانە تۆلىيەلمىسە ئۆيدىن
قوغلاپ چىقىرىلىپ يۇرت تېشىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ ، ئەرلىرى
بىر يىللىق ، ئاياللار يېرىم يىللىق سەيسە ھاشارغا تۇتۇلىدۇ .
مەسچىتكە كىرمەيمەن ، ناماز ئوقۇمايمەن ، دىندىن چىقىمەن
دېگۈچىلەر ، ھاراق ئىچىش ياكى نەشە چېكىش گۇۋاھنامىسى
بېجىرىدۇ . بېجىرمىگەنلەر ئون بىر چارەك قوناق ياكى بەش دانە
قوي تېرىسى ، ئىككى دانە كالا تېرىسى جەرىمانە بىلەن گۇۋاھـ
نامىنى مەجبۇرىي بېجىرىپ ، ھەر كۈنى ئەڭ كەم دېگەندە بىر
ئاپقۇر ھاراق ئىچىپ ، بەڭگىلەر بىر قېتىم كەيىپ بولغۇدەك نەشە
چېكىپ يۈرۈش كېرەك ، ھاراق ئەرزان باھادا بىر تۇتاش تارقىـ
تىلىدۇ . نەشە ساتقۇچىلار مۇكاپاتلىنىپ ، چەككۈچىلەر ھەرـ
قايسى بەڭگىخانىلارغا ھەر ئايدا ئون بەش كۈن سولاپ خۇمارى
قاندۇرۇلىدۇ ، قاتتىق جازالانمايدۇ . ھاراقكەشلەر ، بەڭگىلەر

گۈۋاھنامە ئالغان تۇرۇقلۇق ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بەلگىلىمە بويىچە ئىچمەي ياكى چەكمەي يۈرسە، بەلگىلىمە بويىچە چوماقچىلارنىڭ شېرىكى دېگەن جىنايەت بىلەن قاتتىق جازالىنىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغانلار مەسچىتنىڭ، ئوقۇمايدىغانلار شوپاڭخانا، بەڭخانىنىڭ گۈۋاھنامىسىنى چوقۇم ئېلىشى كېرەك. مەسچىتكىمۇ، شوپاڭ، بەڭخانىغىمۇ كىرمەي ئارىدا سۇقۇندى بولۇپ يۈرۈشكە يول يوق، ئارىدىن نەپ ئالىمەن دېگۈچىلەرمۇ چوماقچى ئاسىيلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ...

دەڭدىن مەسچىتكە قاراپ يول ئالغان مۇساپىرلار بۇ جاكارنى ئاڭلاپ يېرىم يولدىن ئارقىسىغا يېنىپ دەڭگە مېڭىشتى.

— سېرىق بۇيىنىڭ ئامبىلى ساراڭ بولدىمۇ ياكى ئاخىر زامان بولدىمۇ، قانداق قاملاشمىغان ئالۋان بۇ ئەمدى. بۇ يەردىمۇ تۇرۇپ بوپتىمىز، كۆدە ـ كۆرپىمىزنى ئېلىپ بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى. ئەمدى خۇداغا قىلىدىغان خالىس ئىبادەتكىمۇ ئالۋان سالسا، قانداق دېگەن ساراڭ ئامبال بۇ. سېرىق بۇيىنىڭ ساراڭ ئامبىلى مۇشۇنداق قىلىپ باي بولاي دېگەن ئوخشايدۇ.

مۇساپىرلار بىردەمدىلا دەڭنىڭ دەرۋازىسىدىن توپ ـ توپ قوي، كالا ھەيدەپ، رەۋەندىلەر قېچىرغا ئارتىلغان ئۇنلىرىنى، چار بازارچىلار خام ـ سەگازلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ دەرۋازىغا پاتماي گۈرۈلدەپ چىقىپ سەپەرگە ئاتلاندى. خېرىدارلىرىدىن تۈيۈقسىز ئايرىلغان قېرى دەڭچى موماي:

— زۇۋانىڭغا ھونناق چىقىپ، زۇۋانىڭ دارغا تارتىلىپ بوينىڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن، — دەپ جاكارچىنى بىر مۇنچە قارغىدى. جىسەكچى چېرىكلەرنى كۆرۈپ قېلىپ غىپپىدە دەرۋازىسىنى تاقاپ غايىب بولدى.

ئانارخان چۈمبىلىنى بېشىغا ئارتىپ، ئىشەككە مىنىپ

يولغا پاتماي دۈرۈلدەپ كېتىۋاتقان توپقا قوشۇلۇپ سېرىق بۇيا بازىرىدىن چىقىپ كەتتى. ھېلىقى گاچا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىدىغاندەك ياكى چېرىكلەر تونۇۋېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. تاڭ سۈزۈلگۈچە توپا توزىتىپ سېرىق بۇيا ئامبىلىنى تىللاپ — قارغاپ قەشقەر يولىغا قاراپ كېتىۋاتقان مۇساپىرلار بىر كارۋان بولدى. ئانارخان ئەرلەرگە قاراپ دەرھال خۇرجۇندىن گاچا پادىچىنىڭ يۇڭلۇق سالۋا تۇمىقىنى ئېلىپ چۆكۈرۈپ كىيدى - دە، قىرىق كۇكۇلىسىنى بىر - بىرلەپ سالۋاسىنىڭ ئىچىگە تىقىشتۇردى. ئۇزۇن قارا تونىنى كىيىپ بېلىنى كۆك ماتا بەلباغدا باغلاپ، ئۇزۇن بوي تاسمىلىق خەنجەرنى ئېسىۋالدى. تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا يول ئۈستىدە بامداتقا تۇرغان كارۋان جامائىتى سېپىدە چىرايلىق بىر يىگىت جامائەتكە قوشۇلۇپ نامازغا ئولتۇردى...

ئادىمى بىر دەم ئازىيىپ، بىر دەم كۆپىيىپ قالىدىغان كارۋان يول ئۈستىدە خاڭدى، ئۇدان، تېرىم، خانئېرىق، ئۆردەكلىكتىن چىققان دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئۇلار ئامبالنىڭ «قوشقاچ ئالۋىڭى»، «ساقال — بۇرۇت قويۇش ئالۋىڭى»، «قوناق تېرىپ بۇغداي تاپشۇرۇش ئالۋىڭى» دەك ئادەم ئەقلىگە سىغمايدىغان ئالۋاڭلىرىدىن زار قاقشاپ، ئالۋاڭ تۆلىيەلىگەنلىرى خانىۋەيران بولۇپ، تۆلىيەلمىگەنلىرى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ چىققانىدى. ئېشىكى بارلىرى يۈك — تاقىسىنى ئېشەككە ئارتىپ، يوقلىرى خۇرجۇن — قاچىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بەزىلىرى توپلىشىپ، بەزىلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر بولۇپ، خۇددى بۆرىدىن ئۈركىگەن قوي پادىسىدەك ئۆلەر — تىرىلىشىگە باقماي مېڭىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بارغان يېرىدە ئامانلىق، پاناھلىق

تـاپـالماي قوٗملوٗق دالادا بىشى قىيسىپ ، نىمە قىلارىنى بىلمەي تىپ-
نەپ يوٗرگەنلەرمو ئاز ئەمەس ئىدى .

يىلىكى شورىلىپ مادارسىزلانغان يوٗرت خەلقى يەر تەۋ-
رەش ئالدىدا ئوٗۋىسىنى تاشلاپ قاچقان چوٗمۆلىلەردەك تەرەپ -
تـەرەپكە پىتىراپ كەتكەنىدى . ئانارخان قوشۇلۇۋالغان كارۋان
نەگە بىرىپ ، نەدە توختىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى ، ئوٗلار
نىمجان هالەتتە قىمىرلايتتى ...

بەش يىل ئوٚتكەندە ئەختەمبايىنىڭ مورىسى دىگەن جاڭ-
گالدا قوٗروٗپ بىر تىرە ، بىر ئوٗستىخان بولوٗپ قالغان بىر ئايالنىڭ
جەسىتى ئوٗچرىدى . خىنيا سايىت بىر قاراپلا ئوٗنىڭ ئانارخان
ئىكەنلىكىنى تونوۋالدى . پەقەت توٚت ئايلا بىللە بولغان ، ئەمما
مەڭگۈلوٗك ئوتىنى سىلىپ كىتىپ قالغان بوٗ مەهبوٗبىسى پىراقىنى
سىلىپ قويوٗپ ، يەنە ئوٗنىڭغا ئەقىدە قىلغان ماكانغا كىلىپ
مەڭگۈلوٗك كوٚز يوٗمغانىدى ...

× × ×

— ئاشىق - مەشوٗق دىسە شوٗنى دىسە بولىدو ، ئوٗ مانا
هازىر غىچە ئانارخان ئوٗچوٗن ياشاۋاتىدو . ئوٗنىڭدەك ئوغلاقچىنىڭ
پىرى بوٗ ئىقلىمدا يوق ، ئاتام زامانىسىدىن قالغان ئوغلاقچىلىق
تـىللىرىنىڭ هەممىنى سوٗدەك بىلىدو . ئاتنى كوٚروٗپ ئەمەس ئى-
زىدىن ، يوٗگوٗرگەن ئاۋازىدىن قانداق ئاتلىقى ، بوي توٗرقى ،
رەڭگى ، ئايغىر ياكى بايتاللىقى ، قىرى - ياشلىقى ، ئىش قىلىپ
هەممىنى ئىيتىپ بىرەلەيدو ، دەپ ئىيتىپ بەرگەنىدى قاسىم قارا
ساي .

— قاسىم قارا سايىنى ساڭا كىم دەپ بەردى ؟
— ھېيزى بەگ ھاجىم .
— ھىم ، شۇ بولماي كىم بولاتتى . يۇرتتىكى ئىككى پۇتلۇق گەپ قىلالايدىغان مەخلۇقلار ئارىسىدا بىر ئادەم بار يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ، خۇدا ئۇنى زىيادە قىلسۇن ، — دەپ جىمىپ قالدى خېنىيا سايىت .
شەيخ قوينىدىن بەش دانە ئالتۇن يامبۇ ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى . خېنىيا سايىت پارقىراپ تۇرغان يامبۇلارغا كۆزىنى يۇمغاندەك قاراپ :
— ھەممىسى شۇمۇ ؟ — دېدى .
شەيخ شۈركۈنۈپ كەتتى .
— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ...
— ساقالدىكى ئاشتا قورساق تويمايدۇ . مەن خېنىيا سايىتنى تويغۇزالىغۇدەك ئىش بولسا ، چىش كاۋىكى بىر نېمەڭگە مېنى سۆرەپ چىقىپ ، ئۇ پاسىق يۇرتۇڭغا ئېلىپ بارىمەن دەپ چۆچۈرەڭنى خام سانىما .
— قانچىلىك بولسا بولار ...
— مەن بولدى دېگۈچە ...
شەيخ قارا تەرگە چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى . توغراقلىق تىلسىمدەك جىمجىت ئىدى ، ھايۋان ، ئۇچار - قاناتلارمۇ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ئاسماندا غۇۋا يۇلتۇزلار پارقىرايتتى . خېنىيا سايىت يامبۇلارنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن :
— ماڭا قارا شەيخ ، مەن ئادەملەردىن ئىمتىنى ياخشى كۆرىمەن ، شۇڭا ئىت بىلەن بىللە ياشاۋاتىمەن . ئىت نامەرد ، ۋاپاسىز ئەمەس ، — دېدى ۋە يامبۇلارنى پايخۇننى [1] چۆرىگەندەك

[1] پايخۇن — بوتا سۆڭەك .

چۆرىدى . يامبۇلار تورۇكلاپ چۈشۈپ توپا توزىتىۋەتتى . تـوغراق كاۋاكلىرىدىن بىر مۇنچە ئىتلار سەكرەپ چۈشۈپ ، يـامبۇلارنى بىر - بىرلەپ پۇراپ بېقىپ ، پۈشايمان قىلغاندەك تۇمشۇقىنى ئىگىسىگە سوزۇپ غىڭشىپ ئاستا كېتىشتى .

— ئىتلىرىمغا لازىمى يوق نەرسىنى مەن نېمە قىلىمەن . ئۇلار ساڭا لازىم ، ئال ، تېرىۋال .

شـەيخ ئەلەمدىن يېرىلىپ كېتەي دېدى ، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋالدى . قاتتىق چىشلەنگەن كالپۇكىدىن قان تەپچىرەپ چىقتى .

— قاچان تارتىسەن ؟

— نۇرۇز ئېيىدا .

— خوپ ، بوپتۇ .

— ....

— ئاڭلا ، شەيخ چوكان ، يىكچىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن .

— مەندە تۇزغا چىلانغىلى ئون ئۈچ يىل بولغان يۇلغۇن يىكچىسى بار ، خۇمرا بىلەن ئېلىپ كېتىسەن . بىرەر نامەرد ئوغلاقـچـى ئىزدەپ كېلىپ قالسا بېرەرمەن دەپ توپا بىلەن كۆ-مۈپ قويۇپ ساقلىغان . ئۇ سەن ئىكەنسەن ، بىلىۋال ، ئۇنى نې-مىگە ئىشلىتىمىز ؟

— ئوغلاق ئېتـىنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە ئويغان يېغىرىغا .

— قانداق چاغدا ؟

— ئوغلاق قولغا ئۆتكەندە .

خېنيا سايىت كۈلدى .

— چوكان مىجەز بولغاچقا ، نامەرد ئوغلاقچىلىقتىن خە-ۋىرىڭ بار ئىكەن . ئوغلاق قولغا ئۆتكۈچە يىكچىنى نەدە

ساقلايسەن ؟

— ئاغزىمغا توغرا چىشلەيمەن .

— بولدى ، بىلىدىكەنسەن ، مېنى نېمشقا چىللايسەن ؟

— ھېززى بەگ ھاجىم ئۇ بولمىسا بولمايدۇ ، ئۇ دەسسەپ تۇرمىسا ئۇتالمايمىز ، دەيدۇ .

— ئات چاپارلىقنى پەقەت شۇ ئادەملا بىلىدۇ . ئۇلار بىكار ئات چاپارلىقلار دەپ ئاتالمىغان . شەيخ ، سەن مۇرادىڭغا يەت ، مەن ساڭا ئات چاپارلىقنىڭ كونا سىرىدىن بىرىنى دەپ بېرەي . ئۇلار بۇ قېتىم شۇ ھۈنىرىنى چوقۇم ئىشلىتىدۇ . سەن ئېچىڭگە قېلىن كۆڭدىن كىيىم تەييارلا ، كىيىم قېلىن بولسۇن . گېپىمنى ئوبدان ئاڭلا ، كۆن قورسىقىڭدىن تىزىڭغىچە كەلسۇن . ئۇلار-نىڭ بۇ سىرىنى مەنلا بىلىمەن ، مەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيت-ماسلىققا قەسەم قىلغان . ئاشىقنىڭ ئالدىدا قەسەمنىڭ نېمە كې-رىكى ، خۇدا گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلار ، بۇ تەقدىرىمۇ بەلكىم خۇدانىڭ ئۆزى پۈتكەندۇر . ئۆتۈكىڭنىڭ ئۇچىدىكى نالىسى بى-لەن پاشنىسىدىكى نالىسىغا بىگىزدەك ئۆتكۈر مىختىن ئۈچتىن بەشكىچە ئورنات ، ئوغلاقنى تارتقاندا پەملەپ تۇرۇپ ئاتىنىڭ قورساق ، بېقىن ، يوتىسىغا تاپاندىساڭ ، سۇنۇق قولۇڭنىڭ كۈچسىزلىكى چانمايدۇ .

— ئۇلارمۇ بۇ ھۈنەرنى ئىشلەتسىچۇ ؟

— ئۇلار ئىشلەتمەيدۇ . ئەيسا بەگ مەرد ، ۋەدىسىدە تۇ-رىدىغان ئادەم ، بۇ نامەردلىك ئادەملەرگە بىزدىن قالمىسۇن ، ئىنس - جىن ئۇقمىسۇن ، دەپ ئۇمۇ يۇرتنى قەسەم ئىچۈرگەن . ئۇ مېنى كۆرمىسە ، بىلمىسىلا بۇ ئىشنى قىلمايدۇ . ئۇ مېنى ئۇن-تۇپ كەتتى ، ئۇنتۇپ كەتمىسىمۇ مېنىڭ ھاياتلىقىمغا ئىشەنمەي-دۇ ، چۈنكى مېنىڭ قەبرەمنى ئۇ زىيارەت قىلىپ كەتكەن .

— سىزنى ھەممە ئادەم بار دەيدىكەن، بىلىدىكەن.
— مەن يالغان ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ جاڭگالدا يالغان خېنيا سايىتلار كۆپىيىپ كەتتى، راست خېنيا سايىتنى قاسىم قارا سايدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەيسا بەگ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە، مەن بىلەن سۆزلەشمىگۈچە بىلمەيدۇ. مەنمۇ سىلەردەك مەخلۇقلارنىڭ ئارىسىغا سىلەردەك مەخلۇق بولۇپ بارىمەن. ئۆزۈڭ بىل، ئاتاڭغىمۇ، ھېزى بەگ ھاجىمغىمۇ، قاسىم قارا سايغىمۇ تاپالمىدىم دە. مەن ئىككى كۈن بۇرۇن ... ۋاقتى كەلگەندە ئىككى كۈن بۇرۇن كېچىدە بارىمەن.
— رەھمەت سىلىگە خېنيا سايىتكا ... خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.
— ئاغزىڭغا پوق، شۇم ئىپىز مەخلۇق. ماڭا خاسىيەتلىك جۇمە، ھېيت كۈنىدىكى ئۆلۈمنىڭ پاتراق كېلىشىنى تىلە، ئاتقا توخوم ئىچۈرۈشنى بىلەمسەن؟
— ھەئە.
— گەمىدە كەپتەر توخۇمى بار، ئاپىرىپ ئېتىڭغا ئىچۈر. بىچارە جانىۋار ... خۇدا بەندىلىرىنى ھەممە جانىۋارنىڭ بېشىغا شۇم بۇيا قىلىپ يارىتىپتىكەن، ھەممىنىڭ بېشىنى يەپ تويغىتىپ ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ بېشىنى يەيدىغان ئوخشايمىز ...
خېنيا سايىت گۈلخان يېنىدا توپىغىلا يانپاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. شەيخ گەمىگە ماڭدى.

# ئون ئىككىنچى باب

تەكلىماكاندىكى بۇ يۇرتتا سۇس ياغىدىغان سېرىق قار-
دىن كېيىنلا ھاۋا بىراقلا ئىللىشقا باشلايدۇ.

ئىسسىق يەر بېتىگە تېپىشى بىلەنلا، قومۇشنىڭ ئىنچىكە سۇيىسى[①] تۇپراقنى يېرىپ چىقىپ، بىگىز ئۇچىدەك ئۆتكۈر بېشى يۇمران تۈكچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ پارقىرايدۇ. بۇجۇق توپىلىق يەر، چەش قۇملۇقلار، بەزدەك قاتتىق ئاق پۇستەك يەرلەر، شەلۋەرەپ تۇرغان سازلىقلار، تېرىلغۇ يەرلەر، باغلاردا، دۆڭلەردە ساناقسىز يۇمران مايسىلار باش كۆتۈرىدۇ. قىشچە جىگدە ئۇرۇقى شۈمۈپ كاماردا قىشلىق ئۇيقۇنى قېنىپ ئۇخلىغان ھۆپۈپ، ئالا بالداقلار قاناتلىرىنى كېرىپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئۇچۇپ سايرايدۇ. ئەنجان پاختەكمۇ پېشايۋانغا قونۇۋېلىپ «خوتۇندىن قورقىدۇ» دەپ سايراپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان ئەر - خوتۇنلارنى كۈلدۈرۈپ يەملەشتۈرۈۋېتىدۇ. قىز - جۇۋانلارنىڭ كۆڭۈل بۇغۇچلىرىنى يېشىپ، مەشرەپكە بارمىسا تاڭ ئاتقۇزالماس قىلىپ قويىدۇ. باللار بېدىلىكلەرگە قارا قاغىدەك يامراپ يەرگە سالجىدەك چاپلىشىپ تۇرۇپ تېرىپ كەلگەن بېدە كۆكلىرىدە ئانىسىنىڭ چۆچۈرە، مۇنەك، سامسا تۈگۈپ

① سۇيا — قومۇشنىڭ يېڭى چىققان مايسىسى.

بېرىشنى كۈتۈشىدۇ . يەرلەر ئۇرۇق چۈشىسلا تۇتال[1] بولىمەن دەپ تازا ئېسىلىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ .

جۈمە نامىزىدىن كېيىن پۈتۈن يانتاق ئەھلى قۇمۇرۇلۇپ دېگۈدەك جەرەن دۆڭگە قاراپ ئاقتى . ياربيار ھارۋىلار قاتارلىشىپ يولغا پاتماي قالدى . ئاق لېچەك ئارتقان موماىلار ، ئات ـ ئېشەكلەرگە مىنگەن بوۋايلار ، ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلغان بالىلار ، ئوسمىنى دەمدەك قويغان قىرىق كۆكۈلىلىق قىزلار ، بېلەكتەك ئىككى ئۆرۈمە چاچلىرى تاپان ـ تېقىملىرىغا ساڭگىلاپ ، كۈمۈش چاچ تەڭگە ، ئالتۇن چاتقۇلار جىلدىرلاپ تۇرغان ساغرىسى ئېسىلىپ ، كۆكسى تولغان ، خۇمار كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ ، قاش ـ كۆزلىرى بېلىقتەك ئويناپ تۇرغان غەزەلچى نەۋ جۇۋانلار يىگىتلەر بىلەن گەپ ئېتىشىپ ، قوشاقچىلىق قىلىشىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ۋارقىرىشىپ ، ئات سېلىشىپ يولغا چىقىشقانىدى . ئۆگۈنلۈككە كۈن بىلەن تۈن توختىغان كۈنى نۇرۇز كۈنى . ئىككى تەرەپ دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا چېدىر تىكىپ چۈشكۈن قىلىپ ، ئوغلاقنى دەريا ئىچىدە باشلايدىغان بولدى . ھازىر ئەتىياز ، دەريادا سۇ يوق ، دەريا ئىچى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ ئىدى .

— يۈرىكىم سىلىپ كېتىۋاتىدۇ ھەمزە ، ئىشىم ئاقماي قالسا تۈگەشكىنىم شۇ ، — دېدى مامۇت شەيخ ياندىشىپ ئات سېلىپ كېتىۋاتقان ھەمزىگە . ھەمزە خىيالچان ئىدى .

— خۇدا ئۇنداق كۈننى كۆرسەتمەس مامۇتخان ، ئۇ چاغدا مەن سىلىدىن بەك تۈگىشىپ كېتىمەن دەڭلا .

— نېمىشقا ؟ — مامۇت شەيخ ھەمزە ئاققاشىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى . ھەمزە يىراق دەريا ئۇيۇقىغا قاراپ

---

① تۇتال — يېڭى چىققان تۆرەلمە .

تۇراتتى . قۇرۇق دەريا ئۈستىدە ئاقۇچ تۇمانلار لەيلەپ ، تۇمانلار ئارىسىدا بىر توپ كەپتەر بىر ئېگىزلەپ ، بىر پەسلەپ ئۇچۇۋاتاتتى . موللاقچى كەپتەر پات ـ پات توپتىن ئايرىلىپ كۆتۈرۈلۈپ ، قاناتلىرىنى جۈپلەپ موللاق ئاتاتتى ـ دە ، يەنە ساڭگىلاپ توپقا قوشۇلاتتى .

— مېنىڭ تارتقان جاپايىم ، ئەجرىم ، سىلىنىڭ چەككەن ئازاب ، تارتقان دەردلىرى ئازمۇ ، شۇنىڭغا دەيمىنا ، — دېدى ھەمزە ئۆزىنى ئاشۇ موللاقچى كەپتەرگە ئوخشاش موللاق ئېتىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىپ .

— سەن يېقىندىن بۇيان باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدىڭ ھەمزە باي ، — دېدى شەيخ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغاندەك .

— بۇرۇن ئالدىڭلىدا ئادەم ئەمەسمىدىم ؟ — ھەمزە ئېسلىپ كەتتى ، — پەقەت كىيىمىم كونا ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇم چاكىنا ئىدى ...

— ياق ... ياق ... نېمانداق تاۋى نازۇك خېنىمدەك بولۇپ قالدىڭ . گېپىمنىڭ ئۇڭ ـ تەتۈرىنى بايقا ئاققاش . سېنى بۇرۇن ئادەم ئەمەستى دېمىدىم ، سەن ، مەن ئوخشاشلا خۇدانىڭ بەندىسى ، مەن ئەۋلىيا ، سەن دەرۋىش ئەمەس . يېقىنىنىڭ ياقى شۇكلەپ كەتتىڭ ، ئېسى يوق ئادەمدەك بولۇپ قالدىڭ ، كۆڭلۈڭدە مەندىن يوشۇرۇۋاتقان بىر نەرسە باردەك كۆرۈنىسەن . بىز سىرداش ، مېنى يات كۆرمە ، نېمىلا بولسا ھامان مېنىڭدىن يوشۇرۇپ بولالمايسەن ، ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىمەن يا مەن خوتۇننى قوشلاپ ئالسام ، سەن خوتۇنسىز بولغاچقا جاھان نېمانداق تەڭشەلمىگەندۇ دەپ پۇشۇقنىۋاتامسەن ؟① ئالدىرىما ،

① پۇشۇقۇنۇش — غەم قىلىش ، ھەسرەت چېكىش .

خۇدا ھەممىنى ئالدىرىماي تەڭشەيدۇ ، تەگرىنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن ، جاھاننىڭ مەنزىلى چەكسىز ، بۇنى سەن ، بىز ئويلاپ يېتىپ بولالمايمىز . چۈنكى ، بىزنىڭ بېشىمىز ئاران شۇنچىلىكلا باش ، دۇنيانى پاتقۇزالمايدۇ . بىز بېشىمىزنىڭ ئىچىگە پاتقاننى ئاران بىلىمىز ، پاتمايدىغاننى بىلەلمەي ئىشنىڭ ھەممىسى شۇمدۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز . شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئازدۇرىدىغان گەپ . خاتىرجەم بول ھەمزە ، زۆھرەنى ئۇتتۇۋالسام ، بۈگۈن يۆتكەپ ئەتىسلا سېنىڭ ئىشىڭنى ئۆزۈم توغرىلايمەن ...

شەيخ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ھاياجاندىن قىزىرىپ ئېسىلىپ ، زىلۋا ئېگىز گەۋدىسىنى ئاتتىن سەل كۆتۈرۈپ قويدى . ھەمزە تاتىرىپ ، قىزىرىپ غەلتىلا كۈلۈمسىرىدى . ئۇلار ئالدىدىكى هارۋا ـ ئاتلار ، ئادەملەر توپىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق توپىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا قامچا سېلىشتى .

ـــ ئەنە ... قاراڭلار ، شەيخ ھېلىقى قۇلاق كەستى ئوغرى ھەمزە بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتىدۇ . ھەمزە ئاققاشنىمۇ دوتەينىڭ كۈيئوغلىدەك ياسىۋېتىپتۇ ...

ـــ ئات چاپارلىقلار يامان ، قىز تالىشىدىغان ئىسمائىل بەگمۇ ئەيسا بەگنىڭ قىزىغا ئاشىقمىش ...

ـــ ئوغلاققا يامان بىر نېمە دەيدۇ ئۇنى ...

ـــ شەيخنىڭ ئوخرىكى سۇنۇپ يېرىم جان بولۇپ قالغان تۇرسا ئىسمائىل بەگدىن تارتالارمۇ ؟

ـــ خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت . ئەگەر توشقان تەتۈر قاچسازە ، يانتاق شەيخنىڭ قولىدا ئىككى مەرتەم يەرگە ئۇرۇلغان بولىدۇ .

ـــ قىزنى ئۇتتۇۋالسىغۇ ، ئۆزىدىن ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ شەرمەندە قىلغان بايتالنى خوتۇن قىلىپ ئەنتىنى تازا ئالغان بو-

لىدۇ .

— بۇ دۆرەم كەتسە پۈتۈن ئون ئۆستەڭ مەكتىنىڭ يۈزى كېتىدۇ ...

بۇ گەپلەر شەيخنىڭ كەينىدىن ئېنىق ئاڭلاندى ، ئۇنىڭ پۈت - قوللىرى سىرقىراپ كەتتى .

دەريا ئىچىدىن قۇرۇق سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى . شەيخ دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى چاتقاللار ئارىسىدا يېنىپ تۇرغان ساناقسىز گۈلخانلار ، قارىيىپ كۆرۈنگەن كىگىز ، تېرە چېدىرلار ، ساتمىلار ئالدىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئالدىراپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاتلىق ، پىيادە ئادەملەرگە ، ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا قاراپ خىيالغا چۆككەندى .

« قانداق بولار ؟ ... ئۇلۇغ ئىگەم رەسۋا قىلمىغايسەن ، ئالدىڭغا بىئەجەل بارماي ... شۇ تاپتا ئۇ جانان نېمە كويلاردىدۇ ياكى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنمىدۇ ؟ »

ياق ، ئۇ شەيخنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ مۇناجات قىلىۋاتىدۇ !

كۆكتىن شۇنداق سادا كەلگەندەك بولدى . شەيخ چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدى ، ئۆپچۆرىسىدە ئادەم يوق ئىدى ، « ئۆزۈم دېگەندىمەن ، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەندۇر ، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدەك قىلىدۇ ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ ، — ھەي ، خېنىيا سايىت نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ ؟ ... »

قولىغا تەگكەن تاياق ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاچچىق ئېچىشتۇرۇۋەتتى ، ئۇ چۆچۈپ تولغىنىپ كەينىگە قارىدى .

ئاق ئات مىنگەن ، سېرىق سەللە ئورىغان ، سېرىق بەقەسەم تونلۇق ، ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي يېنىدا تۇراتتى . شەيخ چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى .

— هه ... بابا كۆڭلۈمدىكى خىيالنى بىلىپ جاۋاب قايـ
تـۇرغـان سىز خىزىر بوۋام ئىكەنسىز ـ دە ، — دەۋەتتى ئۇ تىنـ
رەپ ، ئاندىن ئاتتىق سەكرەپ چۈشۈپ تىزلىنىپ تەزىم قىلدى .
— ئۇلـۇغ خـىزىر بوۋا ، ماڭا مەدەتكار ، يار ـ يۆلەك بو-
لۇڭ . مەن ئۆمۈر بويى ئىبادەت بىلەن ئۆتەي ، مەسچىت سالاي ،
مەدرىس ، يول ، كۆۋرۈك ياساي ، هاممام ، دەڭ ، ساراي سالاي ،
غېرىب ـ غۇرۇۋالارنى يۆلەي ...
— قۇرۇق خىيالغا پېتىپ هاڭۋېقىپ تۇرامسەن لامزەللە ،
تۇر ئورنىڭدىن ، سېنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ .
— ۋۇي خېنىيا سايىتكا ...
— يـۇم ئاغزىڭنى ، — خېنىيا سايىت ئەتراپقا ئىتتىك
قاراپ قويدى .
— ئېتىمنى ئاغزىڭدىن ئىككىنچى چىقارغۇچى بولما !
— سىز راستلا خىزىردەك ئادەمكەنسىز ، هازىرلا يېنىمدا
ئىنس ـ جىن يوق ئىدى ، غايىبتىن چۈشكەندەك پەيدا بولدۇـ
ڭىز ، مەن شۇ مىنۇتتا سىزنى خىيال قىلىپ ...
— تولا كاسىلـدىما ، گـېپىمـنى بۆلـمە ، ئەر كىشىمۇ
سەندەك ۋالاقتەككۈر بولامدۇ . هازىردىن باشلاپ مەن سېنىڭ
غورۇ چۆللۈك مەشرەپ ئۇستازىڭ ، ئېتىم ئابدۇللا مەشرەپ ،
بىلدىڭمۇ ؟
— بىلدىم .
— مېنى خالىي يەردە هېززى بەگ هاجى ، ئاتاڭ ، نىياز
بەگلەر بىلەن كۆرۈشتۈر ...
— ئوبدان .
ئۇلار هېززىبەگ هاجىنىڭ خوتەن گىلىمى سېلىنغان ئاق
تېرە چېدىرىدا كۆرۈشتى . خېنىيا سايىت هېززىبەگ هاجىم بىلەن

قـۇچاقلىشىپ كەتتى ، باشقىلار بىلەن ئادەتتىكىچە كۆرۈشتى . كېرىم ھاجى يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ ، خېنيا سايىتنىڭ بېشىدىن يـاغاچ ئۆشتىدى . چاكارلار قولغا سۇ بېرىپ داستىخان تارتىپ ، سۇت ، قېتىق ، ئايران ، قاتلىما ، ھەسەل ، خورما ، كاۋاپ ، پاخلان گۆشى كەلتۈردى . داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، خېنيا سايىت شەيخنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان كۆن كىيىمى ، مىخلىق ئۆتۈكنى كۆردى ، ئاندىن مەخپىي گەمىگە باغلاپ قويۇلغان ئون دانە ئاتنى كۆرگىلى ماڭدى . ھېزىزبەگ ھاجى ، نىياز بـەگ ، كېرىم ھاجى ، مامۇت شەيخلار ئەگەشتى . ئۇلار ئۇزاق تاللاشتىن كېيىن مۇشۇ ئون ئاتنى يارامىلىق تېپىشقان ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىيالماي خېنيا سايىتنىڭ تاللاپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى . ھەممە ئاتنىڭ يايلى ئاخىرلاشقان تىك كۆمۈچەك سۆڭەك بار يېرىدىن بىر ئۇيۇمدىن گۆشى ئېلىۋېتىلىپ ، سۆڭىكى كۆرۈنگۈدەك قىلىپ قويۇلغاندى . ئاتلار بەك تاللانغان بولۇپ ، بىر ــ بىرىدىن كېلىشكەن ، كۆركەم ، ئىچى تارتىلىپ قورساق ، بەللىرى يۇملاق بولۇپ كەتكەنىدى . تۆت مىراخور كېچە ــ كۈندۈز چىراغ تۇتۇپ ئۇخلىماستىن ئاتقا قارايتتى . خېنيا سايىت ئاتلارنىڭ تۇكىنى تەتۈرسىگە سىرىدى ، تۇكلەر كەينىگە ياتماستىن تىكەندەك ئالىقىنىغا ئۇرۇلدى .

ــ سۇزۇك سۇدا تاڭ ئاتقۇچە يۇيۇپ چىقىڭلار ، قويرۇق يايلىلىرىنى ئوبدان تاراڭلار ، ــ دېدى خېنيا سايىت مىراخورلارغا .

ــ ئوبدان .

ــ مۇشۇ بولسۇن ، ــ دېدى خېنيا سايىت جۇغى كىچىكرەك كەلگەن كۇل رەڭ بىر ئاتنى كۆرسىتىپ .

ــ تاس قاپتۇق بۇنى يارامسىزغا چىقىرىپ ئىگىسىگە بې-

رىۋەتكىلى ، — دېدى ھېززى بەگ ھاجى كۈلۈپ .
— نېمىشقا ؟ — دېدى خېنيا سايىت ئاتقا باشتىن سىن‍چىلاپ قاراپ .
— بەك ياۋايى ، ئۈركۈگەك ، تەلۋىدەك قىلىدۇ ...
— مەنمۇ شۇنداق كۆرۈپ مۇشۇ بولسۇن دېدىم . يەنە ئاغزىمۇ قاتتىق ، شۇنداقتۇ ؟
— ئاتنىڭ قاناتلىقى دېسەك بولىدىكەنغۇ ، — دېدى نىياز بەگ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ .
— توپقا قېتىلغىلى ئۇنىماي ئىشنى بۇزارمىكىن دەيمەن ، — دېدى ھېززى بەگ ھاجى .
— ئوغلاقچىمۇ ، ئوغلاق ئېتىمۇ توپتىن ئۈركۈپ تۇرسا ئىشى ئوڭ . ئاغزى قاتتىق ئات قانداق مېڭىشنى ئۆزى بىلىدۇ . تەلۋە ئات غالجىرلىقى تۇتقاندا ھېچقانداق ئۇچقۇر ئاتمۇ يېتەل‍مەيدۇ ، يېنىغا ھېچنېمە يولاتمايدۇ . توپقا ئاپىرىشتا بۇنداق ئاتنى ئۇدۇل ئەمەس ، يىراقتىن ئەگىتىپ ئاستا ـ ئاستا ئالدىنى قىلىپ قويسا ، قىزىغاندا ئۆزى يېرىپ كىرىدۇ . بەك بولمىسا بۇرنىغا نەشە پۈركۈپ مەس قىلىمىز ، توپتىن ئايرىلغان چاغدا زىدىسىگە تۇزلۇق يىكچىنى پاتۇرۇپ مەسلىكىدىن يېشىمىز . يىكچىنى ئال‍دىراپ ئىشلەتمە . ئوغلاق رەسمىي قولۇڭغا ئۆتۈپ ، رەقىبىڭ تەڭ قولاق بولۇپ قالاي دېگەندە ، بولالمىغاندا ئىشلەت ، بولمىسا كاشىلا چىقىدۇ . كۆن ئىگىنىڭنى مەن ھەر ئېھتىمالغا دەپ تەي‍يارلا دېگەن ، ئەتە ئات كۆرىكىدە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ـ ئىشلەتمەيدىغانلىقى بىلىنىدۇ ، شۇنىڭغا بېقىپ « كەي » يا « كىيمە » دەيمەن .
— خوپ .
— گەپ تۈگىدى ، قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ،

بەك ھېرىپ كەتتىم، ئۇيقۇمۇ قىستاۋاتىدۇ.
ئۇلار گەمىدىن چىقىشتى.
خېنىيا سايىت ھېچكىمنىڭ گېپىنى تىڭشىماي، ئۆزىنىڭ توقايلىقىغا كەتتى. ئۇ داق، ئۇچۇق يەردە يالغۇز يېتىپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئادەملەر بىلەن بىرگە تۇرۇشتىن بىزار ئىدى.

× × ×

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئىككى يۇرتتىن يىغىلغان ئادەملەر ئات كۆرىكىنى كۆرۈشكە دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى.
يانتاق تەرەپكە تۇمەنتال، بۆرە ئېغىزى، قۇرما، بۇقا پاـتا، ھاجى ئاۋات، جىرىڭلىما، تۆگە دۆڭ، يار كۆل، خانىناماز، داۋزا توغراق، مىنەك، ئازلاڭقا، خامان كۆيدى، ئۇزۇن مەللە، كېپەك مەت، مەكىت، غوجا ئاۋات، ھاڭغۇتلۇق، شېھىت دۆڭ، قاپاق ئاستى، غاز كۆل، پاختىلىق، كامار كۆل، قۇم قىسار، ئۇكا، بېلىقچى يۇرتلىرى؛ ئاۋات تەرەپكە تۆۋەنكى ئاۋات، چوڭقۇر چاق، ئالاقىر، ئاق دۆڭ، سېرىق بۇيا، يېڭى ئۆستەڭ، تام توغراق، ئانار كۆل، مارالبېشى، خاڭدى، ئۆردەكلىك، پەيزاۋات، كەلپىندىن ئادەملەر قۇمۇرۇلۇپ دېگۈدەك تاماشا كۆرگىلى كېلىشكەنىدى.
پۈتۈم بويىچە يانتاقتىن راخمان دورغا بىر تورۇق ئاتقا مىنىپ دەريا ئىچىگە ئون ماڭدام مېڭىپ توختاپ، سوزۇپ ـ سوزۇپ ئۈچ قېتىم بۇرغا تارتتى. ئاۋات تەرەپتىن ئاق ئاتقا مىنـگەن بىر دورغا داريا ئىچىدە ئون ماڭدام ئات سېلىپ جاۋابەن

ئۈچ قېتىم بۇرغا تارتتى.

بېشىدىن ئايغىچە ئوخشاش قارا كۆرپە تۇماق، قارا تون، قارا بەلۋاغ، قارا تامبال، قارا ئۆتۈك كىيگەن، ئوخشاش كۆك ئاتقا مىنگەن، ئوندەك ئادەم ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ تەك قۇلاق بولۇپ دەريا ئىچىگە ماڭدى. ئاۋات تەرەپتىن ئاق ئات مىنگەن، تۈلكە تۇماق، ئاق تون، ئاق تامبال، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ئون ئادەم تەڭلا دەريا ئىچىگە تەك قۇلاق بولۇپ، يورغا مېڭىشتا ئات سالدى. ئىككى قىرغاقتىكى خەق تەڭلا چوقان كۆتۈرۈپ دوست تارتىشتى، تەييار تۇرغان ئىككى تەرەپنىڭ ناغرا ـ سۇنايچىلىرى جېنىنىڭ بارىچە ناغرا ـ سۇناي چېلىشتى، بالىلار سەكرەپ چۇرقىراشتى، مومايلار لىچىكىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىۋېلىپ ھوقۇيتىشتى، بوۋايلار قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئاللا سالدى، قىز ـ يىگىتلەر بار ئاۋازى بىلەن چۇقان سېلىپ ساماغا سەكرىدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن شىددەتلىك غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ، تىمتاس دەريا بويىنى چاڭ كەلتۈردى.

ئاتلىقلار ئۇدۇل كېلىشىپ، ئارىدا ئون گەز قالغاندا چوڭقۇرراق بىر سۇزۈك تارامنى پاسىل قىلىپ توختىدى. يانتاق ئاتلىقلىرى ئىچىدە ماھۇت شەيخ بوز يىگىت بولۇپ، چۆرىسىگە سېرىق پەۋاز تۇتۇلغان قىزىل ئەلەمنى ئوڭ مۈرىسىدىن سول بېقىنىغا ئارتىلدۇرۇپ ئاسقان، ئاۋات ئاتلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىسمائىل بەگ بوز يىگىت بولۇپ، سېرىق پەۋاز تۇتۇلغان كۆك ئەلەمنى ئوڭ مۈرىسىدىن سول بىقىنىغا ساڭگىلىتىپ ئاسقانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىدا تەتۈر ئۇستىخان، تومپاي كەلگەن ئەللىك ياشلاردىكى كۆك كۆز، سېرىق كەكە ساقال بىر ئادەم ماھۇت شەيخكە قاتتىق تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. قارا كۆرپە تۇماقنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ئاقساقال خېنيا سايىتمۇ ئىسمائىل

بەگ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەمگە سۇرلۇك قېتىپ قارايتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپ سالام بەردى مامۇت شەيخ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دەپ جاۋاب سالام قىلدى ئىسمائىل بەگ .

مامۇت شەيخ ئېتىغا قامچا سالدى . ئىسمائىل بەگمۇ تەگلا قامچا سالدى . ئىككى ئات پاسىل تارامنىڭ ئىچى بىلەن سۇلارنى چاچرىتىپ دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ چاپتى . قالغانلار جىممىدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى . ئىككى ئاتلىق چېكىتكە ئايلىنىپ كېيىن كۆزدىن يىتتى . بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ، ئاتلىرىمۇ ، ئۆزلىرىمۇ قارا لايغا پېتىپ ، يەنە تەڭ قۇلاق هالەتتە تارامنىڭ ئىچىدە سۇ چاچرىتىپ يېنىپ كېلىشتى . هەر ئىككىسى هاسىراپ - هۆمىدەپ ئۆز توپىدىكى ئۆز ئورنىغا كېلىشتى . ئاتلار تازاقىزىغان بولۇپ ، كىشنەپ ، تېپىرلاپ ، پۇشقۇرۇپ ئورنىدا تۇرالمايتتى .

بوز يىگىتلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، هەرقايىسىسى ئۆز قىرغاقلىرىغا چىقىپ كەتتى . ئات كۆرىكى ئاخىرلاشتى . ئەتە ئوغلاق تاشلىناتتى . ئىككى تەرەپ مۆلچەرلەپ ئاتنە يۈزدىن ئوغلاقچى سالىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى .

— بولماپتۇ ، كۆڭلۈمگەن كەلگەن زادى ، سىلەر ئات تاللىيالماپسىلەر . ئەيسا بەگ بوش ئادەم ئەمەس ، بۇ يۇرتلۇقنى بىكار ئات چاپارلىق دېمەيدۇ . نەدىن تاپقاندۇ ، شۇ ئاتلا بولىدىكەن ، ئۇتتۇرغىنىمىز ئۇتتۇرغان ، — خېنيا سايىت چېدىرىغا كىرە - كىرمەيلا پۈتىدىكى ئۆتۈكىنى سېلىپ تاشلاپ قايناپ كەتتى ، — ئەجەب قاملاشمىدىم بۇ ئۆتۈك بىلەن ، قېنى مېنىڭ چورۇقۇم ؟

— مانا ... مانا هازىر .

— بىز تاللىغان ئون ئات ئىچىدە ئۈنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغىنى زادى يوقمۇ ؟

— خۇۋەيىننى تاللىغاندۇق ، ئۇمۇ يەتمەيدىكەن . نەدىن تاپقاندۇ كاساپەت ئاتنى ، بۇ ئات يەرلىك ئات ئەمەس ، پەرەڭ ئارغىمىقى بىلەن يۈلتۈز ئېتىدىن چۈشكەن شالغۇتكەن ... بولماپتۇ ، ئىشىمىز چاتاق ، يانتاقلىق ...

خېنيا سايىت ئالدىغا قويۇلغان قېتىقنى كوزا بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى ، جاۋغىيىدىن ساقىغان قېتىق كۈمۈشتەك ساقال - بۇرۇتىغا چاپلىشىپ قالدى . ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشۈپ چېدىر ئىچىنى سۈكۈت باستى . نىياز بەگ ھېززى بەگ ھاجىغا تەبەسسۇم بىلەن باقتى ، ھېززى بەگ ھاجى ساقال - بۇرۇتىنى سىلاپ قويىدى .

— يانتاقلىقنىڭ ئىشى چاتاق بولسا ، ئۆلمەيلى دەپ تاغدەك ئىشىنىپ ئۆزلىرىگە تېۋىنغانىدۇق ، چارىسىنى قىلسىلا ... — دېدى نىياز بەگ .

— نامەرد جاھانغا ئارىلاشسا ، نامەردلىك ئادەمنىڭ خۇي - پەيلىگە ئورناپ كېتىدىغان گەپكەن ...

خېنيا سايىت بېشىدىكى تۇماقنى زەردە بىلەن يەرگە ئۇرۇپ قايناپ كەتتى . تۇماقتىن بۇلۇڭ چىقىپ گىلەمدىن سۇس توپا كۆتۈرۈلدى . ئۇ چىكىلداپ بىردەم جىلىنخورلۇق قىلغاندىن كېيىن بوشاپ قالدى .

— خۇدا ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن بەندىلىرىڭنىڭ نامەردلىكىنى . قېنى سەن شەيخ .

— لەببەي ئۇستازىم .

— قوي ئوسۇرۇق گېپىڭنى ، مەن سېنىڭ ھېچنېمەڭ

ئەمەس ، خالىس قىلىۋاتىمەن . ماڭا گەپ قىلغاندا لالما ئىتتەك كۈچۈكلەنمەي ، مېنىڭ ئىتلىرىمدەك تۇر ، ھېلىقى ھەمزە ئاققاش چوكان سۆلەت تاز قېنى ؟

— ئۇمۇ بار .

— كارغا كېلەمدۇ ؟

— ئىشەنسىلە بولىدۇ ، — دېدى ھېززى بەگ ھاجى كەسكىن قىلىپ .

— چىللا ئۇنى .

ھەمزە كىرىپ خېنىيا سايىتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ- رۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى . خېنىيا سايىت ئۇنىڭ مولۇننىڭ- كىدەك كۆزلىرىگە گۇمان بىلەن قاراپ دېدى :

— نامەردلەرنىڭ بەدىنىدىن يەكچەشمىنىڭ كۈچى مۇقسۇپ تۇرسىمۇ ئاجىز كېلىدۇ . نامەردلەرنىڭ دۇنياسىدا ئوغ- رىلىقمۇ سەندەكلەرگە قاپتۇ — دە ، ھە . ئاڭلا ھەۋلىمۇنەك ، سەن ئەل ياتقۇدىن تارتىپ تۈن تەڭگىچە ھېلىقى ئاتىنىڭ قۇيرۇق ، يالىنى قويماي قىرقىپ سولتەك قىلىۋېتىپ كەل . شۇنداق قىلالامسەن ؟ ئىنس — جىن تۇيمىسۇن . تۇتۇلۇپ قالساڭ تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆزۈڭنى ئويۇپ ، قۇلاق — بۇرنىڭنى كېسىپ ، قو- لۇڭنى چاناپ تاشلىۋېتىدۇ . بۇ كونا قائىدە ، بەس باسسا ئۆ- زۈڭگە ھېساب . ھېلىقى ئاتنى تونۇۋالدىڭمۇ ؟

— ھە ... ئە ...

— گېپىڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . ئۇنداق بولسا ئۇلار- نىڭ ئاتلىرى ئارىسىدىكى ھەممە ئاق ئاتلارنىڭ قۇيرۇق — يالىنى قىرقىۋەت ! قىلالامسەن ، قائىدە بويىچە سولتەك ئات مەيدانغا چۈشۈرۈلمەيدۇ ، قىلالامسەن ؟ مامۇت شەيخ ، ھېلىقى بەش يام- بۇنى بۇنىڭغا بەر .

ھەمزە يامبۇلارنى قويىنىغا سالدى .

— تۇن تەڭ بىلەن ئىشنى تۈگىتىپ كېلىپ ماڭا ئۇچۇر قىل ، ماڭ .

ھەمزە چىقىپ كەتتى . خېنىيا سايىت جىم بولۇپ خىيالغا پاتتى .

— بۇنداق قىلساق ئارىغا نىزا چۈشۈپ ئىش بۇزۇلۇپ نامەردلىك چاۋىمىز چىنتقا يېيىلىپ كېتەرمۇ ، قانداق ؟ — دېدى ھېزىزى بەگ ھاجىم .

— بۇ قەدىمدىن قالغان كونا نامەردلىك ھاجىم ، بۇنى ئەيسا بەگ ئوبدان بىلىدۇ . چىدىغانغا چىقارغان . ئۇ يەر تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ئادەم ، تېخى ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ . بىزمۇ غەپلەتتە ياتمايلى . بۇگۈنكى كېچىنى ئۆتكۈزمەك ناھايىتى تەس . بۇ ھەم تاڭ ئاتماس كېچە ، ھەم بالدۇر تاڭ ئاتىدىغان كېچە ، بىلدىڭىزمۇ ؟ بارىنى ئوغرى ئالدى ، قالغىنىنى رەمبال دەپ ، بار ئېتىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى . ئاتلارنى قاتتىق يوشۇرۇڭلار ، ئادەملەر ئات ئەتراپىدا قارا شامدەك تىك تۇرۇپ ساقلىسۇن ، يەنە مەخپىي پايلاقچى ، تىڭ-چىلارنى ئات بار گەمە ئەتراپىغا قويۇڭلار ، ئاۋات تەرەپكىمۇ ئە-ۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ نېمە كويدا بولۇۋاتقىنىنى بايقاڭلار . شەپە بولسا مەن بىخەۋەر قالماي .

— ئىش شۇنداق بولدى ، — دېدى نىياز بەگ .

— مەگەركى ، ئاتنىڭ قۇيرۇق - يالىنى بىر ھىيلە بىلەن چاپلاپ ئوغلاققا سالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ — دېدى كېرىم ھاجى .

— كىچىك بالىدەك جۆيلۈيدىكەنلا ھاجىم . بوز يىگىتلەر قارانچۇق ئەمەس . ئوغلاق باشلاشتىن بۇرۇن ، ئوغلاق تاشلاي-

دىغان يىگىتئۆيشىلىرى ئىككى تەرەپىنىڭ ئېتىنىڭ بىر تال مويىـ غىچە بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ .
كېرىم هاجى قىزىرىپ ـ ئېسىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى .
ــ ئىش تامام ، خۇدا ئامەتنى بىزگە بەرگەي ، ئۇخلايـ مەن . ئىش چىقسا ، ھېلىقى تاز كەلسە ئويغىتىڭلار .
خېنىيا سايىت شۇنداق دەپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى .
كۈن ئولتۇردى . بۇگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ، سوغۇق خېلى كۈچ كۆرسەتمەكتە ئىدى . يۇلتۇزلار خىرە ـ شىرە كۆـ رۈنۈپ ، يەنە يوقايتتى ، ھەممە ئالدىراش ئىدى .
ئالدىراپ بېسىلغان ئاياغ تىۋىشىدىن قۇلىقىنى دىڭ قىــ لىپ يانــپاشــلاپ ياتــقان خېنىيا سايىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولـ تۇردى .
ئىككى قارا كۆلەڭگە كىرىپ كەلدى .
ــ ھەمزىمۇ سەن ، نېمە قىلدىڭ ؟
ــ ھەئە ، پۈتتى .
ــ ھازىر نەۋاخ بولدى ؟
ــ تۈن تەڭگە ئاز قالدى .
ــ ھەممىنىمۇ ، بىرىنىمۇ ؟
ــ ھەممىنى قىرقىۋەتتىم . ئىت چىشلىۋالدى .
ــ خۇداغا شۈكۈر .
شەيخ كۈلۈپ كەتتى .
ــ ئۇخلايمەن ، ئەمدى ئاسمان ئۆرۈلسىمۇ ئۇيقۇمنى بۇزماڭلار .
ئۇلار كەتتى .
بىر كالا ھۆركىرەپ كېلىپ خېنىيا سايىتنى ئۇستى . خېنىيا سايىت كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ تۇرتىدى ، كالا

پىسەنتىگە ئالماي ئۇنى ئەسكى سېۋەتنى ئىلغاندەك ئېلىپ يەرگە ئاتتى .

— هۇ خۇمپەر ...— تۈپىغا مىلەنگەن خېپىا سايىت ئاچچىقىدىن غۇدۇڭشىپ تىللىدى .

— ئىش چاتاق بولدى ، ئاكا .

— نېمە بالا بولدى ؟ — خېنىيا سايىت ئاغرىققا پىسەنت قىلماي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى . ھېزى بەگ هاجى ، نىياز بەگ ، كېرىم هاجى ، شەيخ ، ھەمزىلەر ئۇنىڭ بېشىدا تېپىرلىشىپ تۇرۇشاتتى .

— ھەمزە قۇيرۇقىنى قىرقىۋەتكەن ئاتلار باشقا ئاتلار ئىكەن . ئۇ ئاتنى ئاللىقاچان يۇرت ئىچىگە يۆتكەپ تىقىپ قويۇپتۇ .

— مەن دېدىم زادى ، ئەيسا بەگ بوش ئادەم ئەمەس ، بۇ گەپنى كىم تاپتى ؟

— بىزنىڭ تىڭچىمىز ئاشۇ تەرەپتىن بىرسىگە بىر تىللا بېرىپ ئۇقۇپتۇ .

— ئون ئالتۇن يامبۇ بەرسەڭلار ئات بار يەرنى دەپ بېرىمەن دەپتۇ . شۇنداق قىلامدۇق يا ؟ — دېدى كېرىم هاجى .

— ئاتنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلەمدۇ يا ، — دېدى مامۇت شەيخ .

— مىدە كۆي گەپ ، نېمىدېگەن پەسلىك ، نامەردلىكنىڭ ئەڭ رەزگىسى . ئاتنىڭ نېمە گۇناھى بار ؟ ئۇ خۇدانىڭ هايۋانلار ئارىسىدىكى ئەزىزى ، چىرايلىق ، قاۋۇل ئۇنداق ئاتنى مىنگەن ئەركەك ئون جۇۋانىنى باسۇرۇق قىلغاندىن زىيادە هۇزۇر ئالىدۇ . ئۇ تۇلپار ، ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ سەرخىلى بولغاچقا ئۆلتۈرەمدۇق ؟ ھەي ، بىز ئادەملەر ھەممە ۋەھشىي يىرتقۇچلاردىنمۇ

ۋەھشىي مەخلۇقمىز . كۆرەلمەسلىك ئۇرۇق ــ نەسلىمىزنىڭ جېنى . ئاللانىڭ ئەڭ ئېسىل ھايۋىنىنى ئۆلتۈرەمدۇق ؟

ــ بولدى رەنجىمىسىلە ، قۇيرۇق ــ يالنى قىرقىۋېتىپ كەلسۇن ، ھازىر تۈن نىسپىدىن ئاشتى ، ۋاقىت چولتىلىق قىلمىسۇن ، ــ دېدى ھېززى بەگ ھاجى .

ــ ئەيسا بەگنىڭ قورسىقىدا مىڭ شەيتان دەرس ئاڭلايدۇ . ئۇ چارىمۇ بولمايدۇ . ھەمزە قېنى سەن ، يىقىن كەل ، چۈچۈتۈلگەن كەندىر يىغىدىن بىر قاپاق ئېلىپ بېرىپ ، چاندۇرماي ئاتنىڭ كۆتىنى ياغلىۋەت ، ئاندىن ئاچچىق يۇمشاق شور توپىدىن سىڭا چاڭگالنى ياغقا مىلەپ لاي قىلىپ ئاتنىڭ كۆتىدىن كىرگۈزۈۋەت ... ھەي ئىسىت ، قىينىلىدىغان بولدى بىچارە جانىۋار ، چاققان بول . ئىشنى قانداق قىلدىڭ ، ئۇدۇل يېنىمغا كېلىپ ئۇچۇر قىل ، سەن كەلگۈچە ئۆرە ئولتۇرىمەن .

ــ قانچە ئاق ئات بولسا شۇنچىغىمۇ ؟

ــ ئەمدى يوقال ، ئەمدى قانچىسى بولمايدۇ ، بىرسى بولدۇ ، ئىشنى بۇزما .

ھەمزە قۇيۇندەك بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى .

ــ ئۇھ ... گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن تەڭرىم . بىچارە جانىۋارغا جىق ئازاب سالىدىغان بولدۇم . نامەردلەر دۇنياسىغا ياراتقۇچە ياراتمىغان بولساڭ ، شۇنچە گۇناھكار بولۇپ دەرد تارتماسىدىم ...

ھاۋا ئېچىلىپ قالغانىدى . ئۆكەر يۇلتۇز مەغرىبكە قىيسىيىپ يەتتە قوزۇق خىرەلەشتى . تاڭ قاراڭغۇسى ئەتراپقا قويۇق يېپىلدى . ئاۋات ھەم جەرەن دۆڭ تەرەپتىن خورازلارنىڭ بەس ــ بەس بىلەن سوزۇپ چىلىلغان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى . دەريا ساھىلىدىكى سەھەرچى پاقىلار جىنىنىڭ بارىچە

كۇركىراشقىلى تۇردى . « بۇ ئىشلارنىڭ توغاي ـ پاختىكى چۆش پىشمىغۇچە ئايرىلىپ بولسا دەررۇ ماكانىمغا يانمىسام بولمىدى ... باياقى كالا ... نېمە گەپ ئۆزى ... خۇدا ئامان قىلغايسەن . »

جەرەن دۆڭ تەرەپتىن مۇڭلۇق باش ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى . خېنيا سايىت تۈزۈك ئۇخلىيالمىغىنىغا سەپرايى ئۆرلەپ ، ئەسنەپ : « ئەستاغپۇرۇللا شەيتان » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىپ ئۇيقۇ باسقاندەك قىلىسمۇ ، ئەمما مېڭىسى بەك سەگەكلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ دەريا ئىچىدىكى بىر ئۆزۈك تارامغا چۈشۈپ تەرەت ئالدى . ئاقىرىپ كۆرۈنگەن سۇ بېتىدە يۇلتۇزلار قوقاستەك پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا بەش ـ ئالتە ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراش كەلدى . ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ـ بەتبەشرە بولۇپ كەتكەن ھەمزە ھاسىراپ كەتكەنىدى .

— ئىشنى دېگەنلىرىدەك ئورۇندىدىم ، — دېدى ئۇ ناھايىتى خۇشال ھاسىراپ تۇرۇپ . خېنيا سايىت تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى .

— كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنىسەنەي ، — دېدى ئۇ چاقچاق مۇقامىدا . ھېزى بەگ ھاجى ، نىياز بەگ ، كېرىم ھاجى ، مامۇت شەيخلەرمۇ كۈلۈشتى . ھەمزە سۆزلەپ بەردى :

— ئادەملەر مەھەللە ـ كوي ، ئېرىق ، ھەتتا دەرەخلەرگىچە قارا شامدەك قونۇۋاپتۇ . ئاخىر بولماي بىر بىچارىنىڭ ئۆيىدىن كىگىز بىلەن بىر قاپاق ياغ ئوغرىلاپ چىقتىم ، ياغنى كىگىزگە چېچىپ ئوت يېقىپ ، بېشىمدىن پۇتۇمغىچە ئارتىپ بىر يۇگۈرۈپتىكەنمەن « جىن ... جىن كەلدى » دەپ قاچىدىغىنى قېچىپ ، قالغىنى سۇبھان ئاللانى ئوقۇپ دۇم يېتىۋالدى . تامغا

يېتىۋېلىپ كىگىزنى سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىققا تاشلىۋەتتىم . بىر كەمدە قىلىچ ـ نەيزە تۇتقان تۆت ـ بەش يۈز ئادەم مەھەللىنى قېزىپ بىر ئالدى . مەن ئۆگزىدىكى كېۋەز قاچىلاقلىق باداڭغا كىرىپ كېۋەزگە كۆمۈلۈۋالدىم . قۇلاق سالسام :

— ۋاي جىن ... جىن ئېرىقتا ... سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ ... سۇمۇ كۆيۈۋاتىدۇ ، — دېيىشىپ ھەممىسى دۈرۈت ئو-قۇشتى . ئۆگزىگە ئىككى ئادەم چىقىپ گۈرسۈلدەپ يېنىمغا كەلدى . قورققىنىمدىن تامبالغا قويۇۋەتتىم .

— ئات تىنچلىقتۇ ؟ — دېدى بىرسى . مەن ئۇنى ئەيسا بېگىممىكىن دەپ قالدىم .

— تىنچلىق بېگىم ، — دېدى چىققانلارنىڭ يەنە بىرسى .

— ھېززى بەگ ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن بىر شەيتاننىڭ جىلۋىسى كېلىدۇ . مىڭ شەيتاننى بىلسەڭمۇ ، بىرىنى بىلەلمەي-سەن ، قاتتىق ھېزى بولۇڭلار . مۇشۇ كېچىدىن ئامان چىقساق ئامەت بىزنىڭ ...

ئۇلار چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئادەملەر ، مېڭىشلار بىردەم تىنجىدى . پەم بىلەن چىقىپ موردىن چۈشتۈم دېسلە ، دىمىقىپ ئۆلگىلى قىل قالدىم ، ئىش پۈتتى .

ھەممىسى كۆلۈشۈپ كەتتى .

بامدات ئوقۇلۇپ ناشتا قىلىندى .

— ئىش چاتاق ، ئاتىنىڭ مېھرىنى خۇدا قىزىغا سالىدۇ دەيدۇ . ئۇ قىزىغا چىدىمىغانلىقتىن قەسەمنى بۇزۇپ نامەردلىكنى قىپتۇ . كۆن كىيىمگىنى پۇختىلاپ كىي ، ئەمدى گەپ كۆچتە ئەمەس ، قاپاق كاللاڭدا . كۆزۈڭ ئۆتكۈر ، مۇلۇندەك چاققان بول . بوشاڭلىق قىلساڭ داغدا قالىسەن . تاپىنىڭدىكى مىخنى

ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە قادا ، ئوغلاق موككىدە قولۇڭغا چىقىدۇ . ئەمدى سېنىڭ ئېتىڭغا ئۇ ئات مەڭگۈ يېتىشەلمەيدۇ ، بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم ...

× × ×

پۈتۈم بويىچە چاشكا ۋاقتى بىلەن دورغىلار بۇرغا تارتتى . ئالتە يۈزدىن ئاتلىق ۋە بوز يىگىتلەر دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى .

بۇ ياقتىن مۈرىسىگە پەۋازلىق قىزىل ئەلەم ئاسقان مامۇت شەيخ بىلەن نىقابلانغان خېنيا سايىت ، ئۇ ياقتىن پەۋازلىق كۆك ئەلەم ئاسقان ئىسمائىلبەگ بىلەن سېرىق كەكە ساقال ، كۆك كۆز ، تەتۈر ئۇستىخان ، تومپاي ئادەم دەريا ئوتتۇرىسىغا ئات سېلىپ كېلىپ سالام بېرىشىپ ئاتتىن چۈشۈشتى . مامۇت شەيخنى ئاۋاتنىڭ يىگىتۇېشى — ھېلىقى تومپاي ئادەم ، ئىسمائىل بەگنى خېنيا سايىت ئاقتۇرۇپ يانلىرىدىكى چۇماق ، قىلىچ ، خەنجەرلەرنى ئېلىۋالدى . ئىككى يىگىت بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان يىرتقۇچلاردەك مىختەك قادىلىشىپ ، چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ جىممىدە تۇرۇشتى . يىگىتۇېشلىرى يېشىۋالغان تىغ - چۇماقلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىدىكى خۇرجۇنغا قاچىلاپ بولۇپ ئاتلارنى ئاختۇرۇشتى . ئىگەر - يۈگەننى ئېلىپ ، قات - قېتىدىن قاراشتۇردى .

خېنيا سايىتنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى ، ئات شۇ ئېسىل ئاق ئارغىماق ئىدى . ئۇ چاندۇرماي ئاتنىڭ قۇيرۇقى

ئاستىغا قارىۋىدى ياغلىشاڭغۇ كۆرۈندى . ئاتنىڭ يالىلىرى ئا-
رىسىنى سىلاشتۇردى . ئاتنىڭ تۇمشۇقلىرى كېرىلىپ تىنىقى
سۇس ئىنجىقلىغاندەك بىلىندى . « ئىسىت ، بىچارە ، قورسىقىڭ-
نىڭ ئاغرىقى باشلىنىپتۇ - دە ، نامەردلىكىمنى ئەپۇ قىلارسەن . »
ئاتنىڭ ھازىرقى ھالىنى خېنيا سايىتتىن باشقا ئادەم بىلمەيتتى .
ئاختۇرۇشلار ئاخىرلاشتى . ئاختۇرۇشتىن تېپىلغان نەرسىلەر
يىگىتۋېشلىرىنىڭ تاپان ھەققى ھېسابلىنىپ ، ئۇلار بۇ ئېسىل
جابدۇقلارنى ئابرۇي بىلىپ ئىشلىتەتتى ، بۇ قەدىمدىن قالغان
ئادەت ئىدى . بۇ تىغلارنىڭ ساپلىرى كۈمۈشتىن ياسىلىپ ، يا-
قۇت ، قاشتېشى ، ئالماستىن كۆز قۇيۇلاتتى . مامۇت شەيخنىڭ
چومىقىنىڭ دەستىسى ئىچىگە ئالتۇن قۇيۇپ ياسالغان ئاق قاش
تېشىدىن بولۇپ ، ئۇنى بىر سودىگەردىن بەش تۆگىگە تېگى-
شىۋالغانىدى .

ئىككى يۇرتنىڭ يىگىتۋېشلىرى ئوغلاقنى تەڭ تۇتۇپ ،
دەريا ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تارام سۇنىڭ ئوتتۇرىدا ئاتلىرىنىڭ
ئالدىنى دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قارىتىپ تۇرۇشتى . بۇرغا ئىككى
تەرەپتىن ئۈچ مەرتەمدىن تارتىلدى . دەريا قاسنىقىدا تۇرۇشقان
ئىككى يۇرت ئاتلىرى پاسىل تارام بويىغا كېلىشتى . ئىككى يى-
گىتۋېشى بىر - بىرى بىلەن قارىشىۋېلىپ تەڭلا :

— ئاللاھۇ ئەكبەر ، — دەپ ئوغلاقنى باشلىرىدىن ئېگىز
كۆتۈرۈپ تاشلىدى . ئوغلاق « پالاق » قىلىپ سۇنىڭ ئوتتۇرىغا
چۈشتى . ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىرى توشقانغا ئېتىلغان ئوۋ ئىت-
لىرىدەك تاشلاندى . جىممىدە ئېقىۋاتقان سۈزۈك تارام سۇ قارا
لايغا بۇلغاندى . ئاتلار ئىرماش - چىرماش بولۇپ گىرەلىشىپ
كەتتى . قاتتىق كىشنەش ، ۋارقىراش - تىللاشلار ، « تاراس » ،
« پاس - پۇس » قىلىپ تېگىۋاتقان قامچىلار ، ناله - پەرياد دەريا

ئىچىنى بىر ئالدى . دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا گۈمبۈرلەپ ئۇ-
رۇلغان ناغرا ، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك چېلىنىۋاتقان سۇناي ،
ھۇيقۇتۇشلار ، مەدەتلەپ ۋارقىراشلار ، دوست تارتىشلار ، ساما
قايناپ كەتتى . ئىككى يۇرتنىڭ يۇرت كاتتىلىرى دەريا قاسنىقىدا
ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە چەپراس ئولتۇرۇپ ، ئوغلاقچىلار قاياققا
سۈرۈلسە دەريا قاسىنىقىنى بويلاپ شۇ تەرەپكە سۈرۈلۈپ
كۆزىتىپ تۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئىچىگە پاتماي ،
بەزىدە « ئاللا » دەپ سالسا ، بەزىدە « ئاپلا » دەپ پېشانىسىگە
شاپىلاقلاپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى .
ئوغلاقچىلارنىڭ باش ـ كۆزى قامچا ئىزىدىن قانغا بو-
يالدى ، چىرايلىق تۇماقلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ ئاتلارنىڭ ئايە-
غىدا خەمەك بولۇپ چەيلەندى . چىرايلىق تونلار تىتىلىپ
رەسۋالىشىپ كەتتى . ئوغلاق ھېلى ئۇ تەرەپنىڭ قولىغا ، ھېلى
بۇ تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قولدا تۇرمىدى . ئاتلار ھېلى دەريا
ئىچىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قۇمساڭ بۇجۇق سېغىز توپىلىقتا قو-
يۇق چاڭ تۇمان چىقىرىپ كۆرۈنمەي ، پەقەت ئادەملەرنىڭ ۋار-
قىراش ـ تىللاشلىرى ، ئاتلارنىڭ شىددەتلىك كىشنەشلىرى
ئاڭلانسا ، ھېلى سۇ ئىچىدە سۇ چاچرىتىپ ، قارا لايغا مىلىنەت-
تى . ئاتلار شىددەت بىلەن چېپىپ مۈدۈرۈپ ئىگىسى بىلەن
قوشۇلۇپ موللاق ئاتاتتى ۋە يەنە ئىگىسى بىلەن قوشۇلۇپ
سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتى . قوپالمىغان ، پۇتى سۇنغان ئاتلارنى ،
قوۋۇرغىسى سۇنۇپ ، قولى چىقىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئىككى
تەرەپتىن ئادەم كېلىپ زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى .
بىر توپ ئاتلىقلار ئۆزىنىڭ باش ئوغلاقچىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ
قۇرۇقداپ يۈگۈرۈيتتى ، يەنە بىر توپ سىرتتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ
ئوغلاقنى تارتىۋالاتتى ، تارتىۋالغان ھامان ئوغلاقنى باش

ئوغلاقچىغا بېرەتتى. سەپ مانا مۇشۇنداق تۈرۈپ تالاشماقتا ئىدى.

ئاۋاتلىقلارنىڭ ئاتلىرى خىل بولغاچقا ھە دېگەندە ئوغلاق ئۇلارنىڭ قولىدىن ياناتاقلىقنىڭ قولىغا ئۆتمەي، ئۆتسىمۇ ماموت شەيخنىڭ قولىغا كەلمەي تۈرۈپ تارتىلىپ كەتتى. شەيخنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ غالجىرلىقى تۇتتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى ئېتى بولامدۇ، ئۆزى بولامدۇ قامچىلاپ، تىللاپ، ھەممىنى ھۇجۇمغا قوزغىدى. ئادەملىرىنىڭ باش ـ كۆزىمۇ، ئۆزىنىڭ باش ـ كۆزىمۇ قانغا بويىلىپ، چىرايلىق پېتىدىن چۈشتى. سەپ بۇزۇلدى، ھەممە ھەر تەرەپتىن ئاۋات توپىغا ئۆزىنى ئۇردى. شەيخ يىگىتنى ئېلىپ چىشلىدى. زەھەرنىڭ يامانلىقىدىن تولغىنىپ، ئاغزى ھەمساتتا قۇرۇپ كەتتى. « چىدا ... چىدا ... ھەمساتتا كۆنۈپ كېتىسەن. » ئۇ قوش زەھەرنىڭ ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي سەپكە ئۆزىنى ئۇردى. ئاستىدىكى تەلۋە كۆك بوز ئاتنىڭ غالجىرلىقىمۇ ئىگىسىدىن قېلىشمايتتى، چۈنكى قامچا ئۇنىڭ يامان يېرىگە تەگكەنىدى. ئات تۈگۈلۈپ توپقا ئۆزىنى ئۇردى. بىر قانچە ئاتلىق ئېتىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ئات ئايىغىدا قېلىپ پەرياد كۆتۈردى. ساناقسىز قامچا شەيخنىڭ باش ـ كۆزىنى تىتىپ كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئۇ قىزىق چاي ئاغزىنى كۆيدۈرگەندەك سېزىمىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى. ئۇ قورشاۋ ۋە توپلاردىن ئۆتۈپ ئىسمائىلبەگنىڭ ئالدىغىلا توغرا چىقىپ قالدى. ئەمدى ئۇلار سۇغا كىرىپ قالغانىدى. يۈزى قانغا بويالغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، بەتبەشىرە بىر ياۋايىنى كۆرۈپ ئىسمائىلبەگنىڭ تەلەتى تۈرۈلۈپ كەتتى، ئاتنى تونۇغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەرۋاھى ئۇچتى. رەقىبلەر ئاخىر يۈز ـ

تـۇرانه دوقۇرۇشتى . شەيخنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى ئىسمائىل-
بـەگـنىڭمۇ ئاغزىدا يىكنه چىشلەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى .
ئوغلاق ئىسمائىل بەگنىڭ تىقىمىغا باستۇرۇقلۇق ئىدى . ساناق-
سىز قامچا ئاستىدا ، مىڭ مۇشەققەتتە ئوغلاقنىڭ بىر پۇتى
شەيخنىڭ قولىغا ئىلىندى . ئۇ تارتتى . ئىسمائىل بەگنىڭ ئىتى
ئۆره تىنىپ خىلىلا بوشاپ قالغانىدى ، لىكىن ئىسمائىل بەگنىڭ
كۈچلۈك قوللىرىدىن ئوغلاق ئاجرىمىدى . ئىسمائىل بەگ
شـەيخكه ئىككى مەرتەم تاپان پەشۋا ئاتتى ، تاپاندىكى ئۆتكۈر
مىخنىڭ دەسلەپكىسى بىقىنىغا ، كېيىنكىسى يوتىسىغا ئۇرۇلۇپ
تون ، تامبالنى تىتىپ ، كۆنگه خىلى قادالدى ، لىكىن تىنىگه
ئۆتمىدى . شەيخنىڭ قوللىرى تىلىپ جانسىزلىنىپ قالدى . شۇ
چاغدا ھەمزه كىلىپ قالدى . ئىككىسى تەڭ كۈچىدى ، ئەمما
ئوغلاق ئىسمائىل بەگدىن ئاجرار ئەمەس ئىدى ، ھەمزه بىر
سەكرەپلا ئىسمائىل بەگكه كاللا قويۇپ ، ئۆزىمۇ ئاتنىڭ ئايىغىغا
يىقىلدى . بەگنىڭ بۇرنى ماكچىيىپ ئوقتەك قان كەتتى . بەگ-
نىڭ سول قولى بۇرنىغا سوزۇلدى . يالغۇز قالغان ئوڭ قولىغا
شەيخ بىر تاپان بىسىۋىدى ، مىخ ئۇنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگه
سانجىلدى . ئىسمائىل بەگنىڭ بارماقلىرى ئىچىلىپ كەتتى ،
ئوغلاق شەيخنىڭ قولىغا ئۆتتى . نەچچه ئاتلىق كاللا قويۇش
ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۇيان ــ بۇيىنىغا ئۆتۈپ ئەپلەشتۈرەلمەي ئاتنىڭ
ئايىغىغا يىقىلدى . شەيخ ئوغلاقنى دەررۇ پوكىنىغا بىسىپ دۈم
يىتىۋالدى . ئىسمائىل بەگنىڭ قانلىق قولى سوزۇلۇپ كىلىپ
ئىككى قىتىم ئوغلاققا ئىسىلدى ، ئەمما چىڭ قاماللىيالمىدى .
شەيخ چاققانلىق بىلەن بىر يۇلقۇنۇپلا ئوغلاقنى چاتراقلاپ باس-
تۇرۇۋالـدى . ئۇلار تارامدىن بۇجۇق توپىغا چىقىپ قالدى . قو-
يـۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئالدىدىكى ، ئەتراپىدىكى ئادەملەر

غۇۋالاشتى ، ئەمما ساناقسىز قامچا ، پەشۋا ، مۇشت ئۇنىڭغا ، ئې-
تىغا بارغانچە قويۇق تەگكىلى ، تېخىمۇ جىق قوللار ئوغلاقنى
تارتقۇشلىغىلى باشلىدى . شەيخ ئۆزىنىڭ قېلىن قورشاۋدا قال-
غانلىقىنى بايقىدى . ئۇ كۆزىنى يۇمدى . ئاغزىدىكى زەھەرلىك
يۇلغۇن يىكچىنى ئېلىپ ، سىلاشتۇرۇپ ئېگەرنىڭ قوش بېشى
ئاستىدىكى ئاتنىڭ زىدىسىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن پاتۇردى .
ئات ئېچىنىشلىق كىشنەپ سەكرىدى . « پاراس – پۇرۇس » قى-
لىپ ئوغلاقنىڭ يۇڭلىرى ، تېرە پارچىسى ، بىر پۇتى باشقا
قوللاردا قالدى . شەيخ ئۇچۇپ كېتىشكە ئاز قېلىپ ، دەرھال ئۆ-
زىنى ئوڭشىۋالدى . بىر كىملەرگە قاتتىق سوقۇلدى . ئازدىن
كېيىن قامچا ، مۇشت ، پەشۋالار بىراقلا ئازلاپ يوقالدى . شەيخ
ئۆزىنى بۇلۇت ئۈستىدە لۆمشۈپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلدى . ئۇ تارامىلاردىن ئۆتتى ، دەريا قېشىغا — جەرەن دۆك
تەرەپكە چىقىپ قالدى . يىكچە تېخىچە ئاتنىڭ زىدىسىدە ئىدى .
يانتاقلىقلار يۈگۈرۈشۈپ ، سەكرىشىپ تەلپەكلىرىنى
ئاسمانغا ئېتىشماقتا ئىدى . شەيخ ئارقىسىغا قارىدى . دەريا ئىچىدە
كۆتۈرۈلگەن قارا بوران ئۆزىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئۇچۇپ
كەلمەكتە ئىدى . ئاستىدىكى ئات ئەسەبىيلىك بىلەن چاتقال ،
توغراق ، يۇلغۇن ، دۆك ، يارلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى . ئۇنىڭ
قۇلىقىغا يېقىنلا يەردىن ئات تۇيىقى ئاڭلاندى . ئاق ئاتمۇ شىد-
دەت بىلەن ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى . ئىسمائىل بەگ ئاتقا چاپ-
لىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ ، ئاتقا قامچا ئۇرماقتا ئىدى . ئۇنىڭ
كومشىرى ئىششىپ ، يۈز – كۆزى قارا قان بىلەن بۇلغانغان ،
ئۆزى قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئاق ئات بىر-
دىنلا « كورت ... كورت » قىلىپ يەل ئارىلاش شاتراق ئۇرۇ-
ۋەتتى ، شاتراق ئىسمائىلبەگنىڭ ئېقىمىغا ساقىدى . ئات بىراقلا

بوشاپ، قورسىقى ئېچىلىپ، سامان تاغىرىدەك بولۇپ قالدى. ئىسمائىل بەگ قامچا سالغانچە ئات ئاستىلاپ ھەربىر تاقىلىشىدا توختىماي يەل قويۇپ بېرەتتى. ئىسمائىل بەگ ئاغزىدىكى قارا قان قېتىپ قالغان يىكچىنى ئاتقا غەزەپ بىلەن پاتۇردى، ئات بىر كىشنەپ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىراقلا ئارقىسىغا زۇڭ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىسمائىل بەگ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چاتقال ئۈستىگە چۈشتى. ئات ئىككى قېتىم دۈلىنىپ قوپۇپ ئالدىغا قاراپ سوكۇلدىدى، ھەر بىر چامدىشىدا غۇرتۇلداپ يەل قويۇپ بېرەتتى. ئىسمائىل بەگ ئاتنىڭ ساغرا، تېقىملىرىدىكى قارا سۇيۇقلۇققا چەكچىيىپ قاراپ قېتىپ قالدى.

— بىركىم بۇ ئاتنى ... — كەينىدىن يېتىپ كەلگەن بىر يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئىسمائىل بەگ ئۇنىڭ قارا ئېتىغا سەكرەپ مىندى. مامۇت شەيخ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردى، ئۆزىمۇ يۇرت ئىچىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ يىكچىنى كۆچەپ باستى، ئات يەنە بىر قېتىم قاتتىق كىشنەپ قۇلىقىنى يايلى ئارىسىغا چىڭ قىستى. شەيخ دۆڭلەر، چاتقاللار، تېرەكلەر، مەھەللىلەرنىڭ غۇۋا قارىسىنىلا كۆرۈپ، باشقىنى پەرىق قىلالمىدى، ھوشقىيىتىۋاتقان شامال قۇلىقىنى غۇڭۇلدىتىۋەتتى. ئىسمائىل بەگ بارغانچە ئارقىدا قېلىپ، ئاخىر چاڭ-توزان ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى. شەيخ مەھەللىسىگە كەلگەندە ئاتتىن ئۇچۇپ يوملاپ چۈشتى. ئۇ ئوغلاقنى قولتۇقىغا قىسىپ سەكسەن ۋاقتىلىق باسقىدىن[1] ئاران يامىشىپ ئۆگزىسىگە چىقىپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى، كۆك بوز ئات چاپقانچە كۆزدىن غايىب بولدى.

بىر چاغدا ئىسمائىلبەگ كېلىپ شەيخنىڭ دەرۋازىسى

---

① باسقا — شوتا.

ئالدىدا ئاتتىن يىقىلدى . ئۇ مىڭ تەستە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئەسەبىلىكتىن كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن ئۈن چىقاردى :

— سەن ... سەن ئۇتتۇڭ شەيخ ... ياشا ، ياشاپ كەت ، خۇدا سېنى ئەزىزلىدى ... بەختىڭنى بەرسۇن ... نامەردلىك بىلەن ئۇتتۇڭ ...

ئىسمائىل بەگ كۈمۈش ساپلىق قامچىسىنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ قورسىقىغا تىقتى ، قامچا سېپى تۆۋىنگىچە پېتىپ قوللىرى ئارىسىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ ۋايجانلاپ يەرنى قاساپ ، ئۇزاق يۇمىلانغاندىن كېيىن جىمىدى . يەر قانغا بويالدى . قوزغىلىپ كەتكەن توپىلاردىن قىزىل لاي ھاسىل بولدى . كەينىدىكى ئاتلىقلار يېتىپ كەلگەندە ئۇ تىنىقتىن توختاپ شەيخنىڭ مېھمانخانىسىدا كۆزى ئوچۇق ياتاتتى ، شەيخنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەكەلگەن تېۋىپمۇ ئامال قىلالمىدى . بۇ چاغدا شەيخمۇ بىر ئۆيدە بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ھوشسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى .

× × ×

— شۇنداق قىلىپ مامۇتخان ، قىزنى ئەتە يۆتكەيمىز دەڭلا ، — دېدى ھەمزە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ، ئۇ سول قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى . ئاتتىن ئۇچۇپ ، كاللا قويغان چاغدا سول قولىنى ، ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋالغانىدى .

— سۇنۇقلىرىڭ ... ھالىڭ قانداقراق ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، مەندىن غەم قىلما ، رىسقى تۈگىمى-

گەن چىۋىن قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ ئامان قاپتۇ ، دېگەندەك يەيدىغان رىسقىم بار ئىكەن ، يەنە كۆڭنىڭ سېرىقىنى كۆردۈم . ئىچىمدە ئازراق سانجىق بار ، لېكىن ئۇ ھېچگەپ ئەمەس ، بۇ ياشقا كەلگۈچە ئىچىمگە چۈشكەن بۇنداق سانجىقتىن قانچىنى ئۇزاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . خاتىرەڭنى جەم قىل ، تو-يۇڭنىڭ مەشرىپىنى ئۆزۈم قىزىتىپ ، باشتىن ـ ئاخىر تىك تۇ-رىمەن . بىر قولۇمنى ئېسىۋالغىنىم بىلەن ، بىر قولۇم ئۇن قولنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ ، پۇتۇم ساق ، ئاغزىم ئاندىن ئۆتە .

— ياق ... ياق ... ھەمزە ، سەن تويۇمغا قاتنىشالمايسەن ...

ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى . ھەمزە تاتىرىپ كەتتى . مامۇت شەيخ قارىداپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى .

— مەن سەندىن رازى ھەمزە ... سەن مەندىن يوشۇر-دۇڭ . مەن ساڭا دېگەن ، ئاخىر بىلمەن دەپ ، ھەممىنى بىلدىم . سەن مېنىڭ جان ـ جىگەر دوستۇم ، مەن ئۈچۈن جېنىڭنى ئا-يىمىدىڭ ، ئامما بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەردە پۇت قويالمايمىز . چۈنكى ، ئەمدى بىز دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالدۇق ... دائىم كۆ-رۈشۈپ تۇرالمايمىز .

شەيخ كەيىننى قىلىۋېلىپ كەسكىن ئېيتتى :

— بۇنىڭغا مەنمۇ سەنمۇ چىدىمايمىز . مەن ئۇنى تالاق قىلىۋەتتىم ... بىلدىڭمۇ ، تالاق قىلىۋەتتىم ...

— مەن ... مەن ... ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن ...

— ياق ، سەن گەپ قىلماي جىم تۇر . مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا ھەمزە ... مەن سېنى ئەيىبلىمەيمەن ، سېنى تۇزكور چاغلى-مايمەن . دېدىمغۇ ، مەن سەندىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى . بىز قىيامەتلىك دوستىمىز ، ئەمما بىر يەردە ياشىيالمايمىز . سېنىڭ

تارتىشىدىغىنىنىڭ يوق ، ئۇنىڭ بىلەن يىراقلارغا ــ مەن بىلمەيدىغان ، ئاڭلىمىغان ، كۆرمىگەن يەرلەرگە كېتىڭلار ... بىز بىر يەردە ياشىساق بولمايدۇ ، بىزنى خەقلەر بىر يەردە ياشاتمايدۇ ، بىر ــ بىرىمىزنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ . ئۇنىڭغىمۇ مېھرى ھەققى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك ئېرىغ مال بەردىم ، ساڭىمۇ يېنىڭىدىكى قىل خۇرجۇنىغا سىغقۇدەك تەييارلاپ قويدۇم . بۇنى بىر ــ بىرىمىزدىن كۆرمەيمىز ، بۇ بىر تەغدىر ...

ــــ ياق ... ياق ...

ــــ ياق دېمە ھەمزە ، ئۇنى مەنمۇ تاشلىۋەتسەم ، سەنمۇ تاشلاپ ئۇ دۇنياغا قاچساڭ ، ئۇنى كىملەرگە تەلمۈرتىمىز ، ئۇ ياخشى ئايال ... ئۇنى تاشلىۋەتسەك خۇدامۇ بىزنى تاشلىۋېتىدۇ . ئۇنىڭدا گۇناھ يوق ، ھەممە گۇناھ مەندە . چۈنكى ، مەن ئۇنى خوتۇنلىماي تاشلىۋەتتىم . كۆڭۈلنى باغلاپ قويغىلى ، قەپەسكە سولاپ قويغىلى بولمايدۇ . تاشنى تاياققا تاڭسا مىڭ يىلدىمۇ بىرىكمەيدۇ ... مېنى ، ئۆزۈڭنى ، يەنە ئۇنىمۇ قىينىما ... بۇ تۆت كۆنلۈك ئالەمدە بىر ــ بىرىمىزنىڭ قېنىغا پاتاڭ سالماي تەڭ ياشايلى . بىلەر ھازىرلا كېتىڭلار ... ئۇ سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئاتىنى تەييارلىتىپ قويدۇم . كەل ، بىز قۇچاقلىشىپ خوشلىشايلى .

ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشتى .

ــــ مەن سېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقالمايمەن ... ئۇنى تاشلىما . ئۇ ھەر قانداق ئەرگە خوتۇن بولۇشقا يارايدىغان ئاق ئۇستىخان قورقۇمسىز ئايال .

× × ×

کۈنلەر ئايلارنى ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتىۋەردى . پەلەكنىڭ چاقى بەزىدە ئوڭ ، بەزىدە تەتۈر چۆرگىلەپ زامانمۇ ئۆزگەردى . بۇرۇن يۇرت ئاتىلىرى دەپ ئاتالغان بەگلەر ، ئاقساقاللار، مۆتىۋەرلەر يۇرتنىڭ تۆرىدىكى ھۆرمەتلىك ئورۇنلىرىدىن ھەيدەپ چۈشۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى ، بەزىلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىغىپ توپلىغان مال - دۇنياسى بېشىغا چىقتى . تايچاقنىڭ يىلىكىدە توقاچ يېپ ، قوزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھالۋا قىلىپ يەپ چوڭ بولغان بەگ - بايلارنىڭ باللىرى قاشتېشى دەستىلىك قامچا تۇتقان قوللىرىدا يېرىم چارەك كەتمەن دەستىسىنى مۇجۇقلاپ ، يۇمشاق ، بۇدرۇق قوللىرىدىن جىرتىلدىتىپ قان چىقىرىپ ، كېچە - كۈندۈز دېمەي ، ھەتتا قارا قىشتا يالاڭ ئاياغ مۇز دەسسەپ ھاشار چاپىدىغان بولدى ...

ماموت شەيخ ياشلىقىدا ئوۋلىغان ئۇۋىنى سويۇپ ئۆگىنىپ كەتكەچكە ، كېچىلىرى ئوغرىلىقچە مال سويۇپ ، گۆشىنى قوينىغا تىقىپ ئۆي - ئۆيلەرگە ئاپىرىپ ساتىدىغان پوكانچى بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى كېچىدە يېرىم قوينىڭ گۆشىنى قوينىغا تىقىپ كېتىۋاتقان شەيخنىڭ ئالدىغا ، ئاپئاق ساقاللىق خىزىر سۈپەت بىر ئادەم ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى . ئۇ ئادەم ئاتتىن چۈشۈپ شەيخنى قۇچاقلاپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى شەيخنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئارقىسىغا قاراپ

بىر ئىسقىرتقانىدى ، قاراڭغۇ جىگدىلىك ئارىسىدىن بىر ئاتلىق يىگىت چىقىپ كەلدى، ئۇ ئېگەر ـ توقۇملۇق بىر ئاتنى يېتىـ لىۋالغانىدى .

— كىم سىلەر ؟ ...

پۈتۈن بەدىنىگە قورقۇنچ تارقالغان ماموت شەيخ تىترەپ تۇرۇپ شۇ گەپنى ئېغىزىدىن ئارانلا چىقىرالىدى . ئۇ ئالدىدىكى بۇ ئادەملەرنى مەھەللىنىڭ كۆزەتچىلىرى دەپ ئويلاپ ، ئىچىدە : « ئىم ، ئەمدى تۈگەشتىم ، مۇشۇ گۆش بىلەن تۇتۇلۇپ قالسام ، كەم دېگەندە ئون يىل تۈرمىدە ياتىمەن ... » دېدى . ئۇنىڭ مېـ ڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى .

— قورقما ماموت شەيخ ، سەن بەكمۇ قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسەن ، مەن سېنىڭ ئامانىتىڭنى ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى ئاپئاق ساقاللىق ئادەم .

— نېمە ئامانەت ؟...

— كېيىن بىلىپ قالىسەن .

— ئۆزۈڭ كىم ؟

— مەن خېنىيا سايىت .

— خېنىيا سايىتنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە نىكەم ...

— مەن كېيىنكى خېنىيا سايىت ... جاڭگالچى ...

— هازىر توخۇ باققان ئادەمنىمۇ جازالايدۇ ... مەن بۇ ئاتنى ئالالمايمەن ، خۇش بولاي ، ئاتنى ئېلىپ كېتىڭلار ... مەن مال ـ دۇنياغا تويغان ئادەم ...

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بايىقى ئىككى ئادەم ئۇنىڭ سۆزلىرىگەـ پەرۋا قىلماي قوزغىلىپ خېلىلا يىراقلاپ كەتتى . ماموت شەيخ چۇلۇۋۇرنى تۇتۇپ تۇرغان ئاتقا سەكرەپ مىنىپ ، ھەمساتتىا ئۇلارغا يېتىشۋالدى ـ دە ، ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇدى .

— مەن سېنى ... سەن ئاپئاق ساقالنى تونۇۋالدىم ، سەن خېنيا سايىت ئەمەس ، ھەمزە .
— بىلگەن بولساڭ بىزنى قوغلىما .
— ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ ؟
— بۇرۇن سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىدى ، ھازىر مېنىڭ ...
— ئاتنى ئېلىپ كېتىڭلار ... ئاتنىڭ ھاجىتى يوق ...
— ئاتنى ئالمساڭمۇ ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئال ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ خۇرجۇنى ، ئۆلمەسلىكىڭگە پايدىسى بار ، ئەمدى قوغلىما .
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى . شەيخ ئات ئۈستىدىكى ئېغىر قىل خۇرجۇننى ئېلىپ ، ئاتنى ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ قويۇۋەتتى .
ماموت شەيخ قىل خۇرجۇننى تونۇدى . ئۇ مانا مۇشۇ خۇرجۇنغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، كىيىم ـ كېچەك قاچىلاپ ھەمزىگە بەرگەنىدى ، خۇرجۇنمۇ ئانچە كونىراپ كەتمىگەنىدى . خۇرجۇننى ئېچىۋېدى ، ئىچىدىكى ئالتۇن ـ تىللالار يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى . شۇ ھامان كۆز ئالدىغا قورسىقى تويغۇدەك يېيەلمەيۋاتقان ساغىرىپ ، يىېرىلىپ پىشقان زاغرا ، ماي تېمىپ تۇرغان سامسا ـ گۆشگىردىلەر كېلىۋېلىپ ئاغزىغا سۇ يىغىلدى .
ماموت شەيخنىڭ كېيىنكى ھاياتى ، بوۋايلاردەك مۈكچىيىپ قالغان كونا ئۆيدە يېتىپ ـ قوپقان بولسىمۇ ، ئەسكى چاپان ئىچىدە سامسا ـ گۆشگىردە ساقلاپ يەپ قورسىقى توق ئۆتتى .

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMDA3OTIuemlw",
"filename_decoded": "40300792.zip",
"filesize": 16819087,
"md5": "7ffa1317b706f077437ccd39d7cc1ae8",
"header_md5": "b028bf7ca42f6e40dc7252216ee6a0e9",
"sha1": "df015c1311badb84fcb8333915bf1ea11cc927c5",
"sha256": "d5dc987a977a030785a0cca703ef9482b620b4d7ce9cb859134c699351dd57fa",
"crc32": 812001009,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 17171571,
"pdg_dir_name": "\u2563\u252c\u2561\u2551 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300792",
"pdg_main_pages_found": 302,
"pdg_main_pages_max": 302,
"total_pages": 309,
"total_pixels": 1096571254,
"pdf_generation_missing_pages": false
}